

# XINJIANG ART

4 1985

# شىنجاڭ سەنئىتى



شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى
تارىخى دراما «چىن مۇدەن» نى ئورۇنلىدى.



ئاپتورى: شاھىدىن گۆھەرى
قۇرسۇنجان لېتىپ
رېژىسسور: مەخمۇت ھامىت



# شىنجاڭ سەنئىتى

(قوش ئايلىق ژورنال)

5 - يىل نەشرى

4

1985 — يىل

# بۇ سانىدا


ئاننا كىرىستىي (دراما) ........................ يوگېن ئونېلل (3)

كۆسەن ئۇسۇلى ھەققىدە (ماقالە) ........................ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (42)

قابىل سەنئەتكار، ھارماس ئىجاتكار (ماقالە) ........................ ئابلىز رەھىم (59)

ناخشا ئېيتىشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى توغرىسىدا (ماقالە) ........................ رابىيەم مۇھەممەت (70)

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە (ماقالە) ........................ مەمەت زۇنۇن (76)

قەشقەر بۇلبۇلى (ماقالە) ........................ مەمتىلى زۇنۇن (80)

ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا (ماقالە) ... تۇرسۇن يۇنۇس (86)

ماھىر سازەندىدە يوشۇرۇن سىر بولامدۇ؟ (ماقالە) ........................ پەتتارجان ئابدۇللا (91)

سايرا زەرەپشان بۇلبۇلى (ماقالە) ........................ مەتتوختى ئەخمەت (96)

بىپايان زېمىندىكى نەغمە ـ ناۋا (ئوبزور) ........................ فەن دىڭدىڭ (99)

ئېلىمىز غەربىي يۇغۇرلىرىنىڭ خەلق ئاھاڭلىرى ۋېنگىرىيە خەلق ئاھاڭلىرى بىلەن مەنبەداش (ماقالە) ........................ (103)

تاماشىبىنلارنىڭ پىسخىكىنى تەتقىق قىلىشى رىئاللىقنىڭ تەلىۋى (ماقالە) ........................ (105)

«چىن مودەن» دىرامىسى توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى ........................ (108)

گارمونىيىلىك بىر تەرەپ قىلىش (ماقالە) ........................ (115)



## شىنجاڭ سەنئىتى

新疆艺术（维吾尔文，双月刊） 1985 .4   XINJIANG ART   (قوش ئايلىق ژورنال)

«شىنجاڭ سەنئىتى» تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. (ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. رەڭلىك رەسىملەر ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرەپ ئوراش شىركىتى باسما زاۋۇتىدا سىڭكىغا ئېلىندى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پارچە ساتىدۇ.

جۇڭگو نەشرىياتچىلىق تاشقى سودا باش شىركىتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ. (بېيجىڭ 614 - نومۇرلۇق خەتساندۇقى) تاق ئايلارنىڭ 5 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

باسما تاۋاق: 8. ژورنال نومۇرى: 7 — 58 تىزىم نومۇرى: 0·32 پارچە باھاسى: 0·60 يۈەن.




(ئۈت پەردىلىك درام)

**يوگىن ئونېلل (ئامېرىكا)**

**قاتناشقۇچىلار**

**پوپ ژوننى**
پورت ئىشچىلىرى — ئا، ب.
پوستالىيون
لەيرى — قاۋاقخانا كۈتكۈچىسى.
كرىس كرىستوفسون
ماسسى ئوۋۋېن
ئاننا كرىستوفسون — كرىسنىڭ قىزى.
مەلۇم پاراخوتنىڭ ماتروسلىرى — ئا، ب، س.
مايتېر بېرگ
جونسون — بارژا ماتروسى.

ۋاقتى: تەخمىنەن 1910 - يىل.

بىرىنچى پەردە

[سەھنە تۈزۈلۈشى: نيۇ - يورك شەھرىنىڭ جەنۇبى كوچىسىدىكى «پوپ ژوننى» قاۋاقخانىسى. سەھنە ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدە كىچىك ھوجرا. سول

AltunOq

تەرىپىدە قاۋاقخانىنىڭ ئالدىنقى قىسمى. كوچا تەرەپتە دەرىزە، كەينى تەرەپتە تاشقارقى ئىشىك بار، ئارقا تەرەپتىن يەنە بىر دەرىزە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئارقا تام بىلەن پاراللېل ھالدا ئۇزۇن پوكەي قويۇلغان بولۇپ، پوكەينىڭ ئىچىدىكى كىچىكرەك ئىشكاپقا ئالى سورتلۇق ھاراقلار تىزىلغان. بۇ ھاراقلارنىڭ سىپتىلىماي تۇرۇپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. پوكەينىڭ ئىچىدىكى چوڭ ئەينەكنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكانى 5 تىيىندىن سېتىلىدىغان ھەر خىل ئەرزان باھالىق ۋىسكىلار توڭ توڭى بىلەن قويۇلغان، توڭنىڭ ھاراق قۇيىدىغان جۈمىگى بار. ئوڭ تەرەپتە ئىچكەركى ھوجرىغا كىرىدىغان ئىشىك بولۇپ، ھوجرىنىڭ ئوتتۇرىغا 4 دانە دۈگىلەك ياغاچ ئۈستەل قويۇلغان ۋە ھەر بىر ئۈستەلنىڭ ئەتراپىغا بەشتىن ئورۇندۇق قويۇلغان. ھوجرىنىڭ ئارقا ئىشىگى كوچىغا تۇتىشىدۇ.

كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى، چۈشتىن كېيىن. گۇگۇم ۋاقتى. پەردە ئېچىلغاندا ژوننى سەھنىدە كۆرۈنىدۇ. «پوپ ژوننى» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا بەكمۇ ماسلاشقان. ئەگەر ئۇنىڭ قېرىسىپ قورۇق بېسىپ يادىگىغۇ يۈزلۈك، سۇس زەڭگەر كۆزلۈك ۋە ئاپپاق چاچلىق سىياقىغا ماس ھالدا، ئۇنىڭغا پوپلارنىڭ ئۇزۇن تونى كەيدۈرۈلگەن بولسا، ھازىرقى بېلىگە تارتىۋالغان پەرتۇغىغا قارىغاندا تېخىمۇ ياراشقان بولاتتى. كىشلەر ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزىگە ۋە تەققى ـ تۇرقىغا قاراپ، چوقۇم بۇ يەرلىك ئادەم ئەمەس، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. گەرچە ئۇنىڭ سۆز ـ ھەركىتى سىپايە بولسىمۇ، لېكىن كىشلەر ئۇنىڭ يۈرەك ـ قەلبى كىنايىلىك، سۆرۈنلۈك ۋە شەپقەتسىزلىك بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلىۋالالايدۇ. مۇشۇ تاپتا ئۇ پوكەيدە ئولتۇرۇپ، كۆزەينىكىنى يۈرىنىڭ ئۈستىگە تاقىۋېلىپ كەچلىك گېزىت ئوقۇيدۇ. سىرتتىن ئىككى نەپەر پورت ئىشچىسى كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان، شەپكىلىرىنى خۇددى سوقۇشقاق بالىلاردەك قىڭغىر كىيىۋالغان. ئۇلارنىڭ شەپكىسىگە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىزنىكى قادالغان.]

ئا: (ئىككىسى بىرلىكتە پوكەينىڭ ئالدىغا كېلىدۇ) كۈچلۈكرەك ھاراقتىن بىر ئىستاكان بېرىڭا، 2 ـ نومۇرلىقىدىن ـ ھە. (بىر تەڭگىنى پوكەيگە تاشلايدۇ.)

ب: ماڭىمۇ ئوخشاش، ماڭىمۇ شۇنىڭدىن بېرىڭ!

[ژوننى ئىككى ئىستاكانغا ۋىسكى قۇيۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.]

ئا: ئامىتىڭ كەلسۇن!

[ب بېشىنى لىڭشىتىدۇ. ئۇلار ھاراقنى بىرلا كۆتىرىپ ئىچىۋېتىدۇ.]

ب: (پوكەينىڭ ئۈستىگە يەنە ئازراق پۇل قويۇپ) يەنە بىر رومكىدىن بېرىڭا.

ئا: بۇ قېتىم ماڭا چوڭ باكالغا قۇيۇڭ، قارا پىۋىدىن چوڭ بىر باكال كەلتۈرۈڭ، ئۇسساپ ئۆلەي دېدىم.

ب: ماڭىمۇ.

[ژوننى كۆۋۈكلىرى تېشىپ تۇرغان ئىككى باكال قارا پىۋىنى قۇيۇپ ئىككىسىگە بېرىدۇ. ئۇلار يېرىمىنى ئىچىپلا پاراڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. پەس ئاۋازدا جىددىي پاراڭ

لىشىدۇ. سول تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ لەيرى كىرىپ كېلىدۇ. بۇ 20 ياشلار چامىسىدىكى، قىزىل يۈزلۈك، قاش - كۆزلىرى كېلىشكەن ساددا يىگىت.]

لەيرى: (ژوننى بىلەن خۇشخۇي سالاملىشىدۇ) سالام، خوجايىن!

ژوننى: ھە. ياخشىمۇ سەن لەيرى، (سائەتكە قاراپ) دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ.

[لەيرى ئوڭ تەرەپتىن پۈكەينىڭ ئىچىگە كىرىپ، چاپىنىنى يېشىۋېتىپ، پەرتۇغىنى تارتىۋالىدۇ.]

ئا: مۇشۇنى كۆتىرىۋېتىپلا، قايتىپ ئىشىمىزنى قىلايلى.

[ئىككىسى ھاراقلىرىنى ئىچىپ بولۇپ سول تەرەپتىن چۈشۈپ كېتىدۇ. پوچتالىيون كىرىپ كېلىدۇ. ژوننىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، پۈكەيگە بىر پارچە خەتنى تاشلايدۇ.]

پوچتالىيون: ژوننى، بۇ خەت سەن ئارقىلىق ئىگىسىگە تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىكەن، بۇ كىشىنى تونۇمسەن؟

ژوننى: (خەتنى ئېلىپ، كۆزەينىكىنى سۈرتۈپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئوقۇيدۇ. لەيرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بوينىنى سوزۇپ خەتكە قارايدۇ) كىرستوف كىرستوفسۇن؟

پوچتالىيون: (ئۈمىتلىنىپ) بۇ شىمالى ياۋروپالىقنىڭ ئىسمىغۇ.

لەيرى: ئېھتىمال — كېرىستىي بوۋاينىڭ بولسا كېرەك.

ژوننى: شۇ، دەل ئۆزى، ئېسىمگە سالمىساڭ ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن. كېرىستىينىڭ ئىسمى شۇنداق ئۇزۇن. راس، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، بۈرۈنمۇ ئۇنىڭ خەتلىرى مەشەگە كېلەتتى. بۇ خېلى بۇرۇنقى ئىشلار.

پوچتالىيون: دېمەك، بۇ خەتنى جەزمەن ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرەلەيدىكەنسىز - دە؟

ژوننى: چاتاق يوق. ئۇ كېچىدىن چۈشىلا ئۇدۇل مەشەگە كېلىدۇ.

پوچتالىيون: ئۇ كىشى دېڭىزچىكەندە؟

ژوننى: (مىيىغىدا كۈلۈپ قويىدۇ) كۆمۈر توشۇيدىغان بارژىنىڭ كاپىتانى.

پوچتالىيون: (قاقاقلاپ كۈلۈپ) پاھ، قالتىس خىزمەتكەنغۇ! ماقۇل، خوش.

ژوننى: خوش. خەتنى چوقۇم تاپشۇرۇپ بېرىمەن. (پوچتالىيون چىقىپ كېتىدۇ، ژوننى خەتنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈپ سىنچىلاپ قارايدۇ) سىنىڭ كۆزۈڭ ئۆتكۈر، لەيرى، قاراپ باق، نەدىن كەپتۇ؟

لەيرى: (بىرلا قاراپ) سېنت پولدىن. سېنت پول مىننېسوتا شىتاتىدا بولسا كېرەك. ئايال كىشىنىڭ پوچۇركىسىدەك قىلىدىغۇ - بۇ، ماۋۇ قېرى شەيتاننى قارا!

ژوننى: ئۇ غەربى رايوننىڭ قايسى بىر يېرىدە بىر قىزى بارلىقىنى ئېيتقانلىقى ئېسىمدە. (خەتنى نەق پۇل كىرىمىنى خاتىرلەش ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويىدۇ) ھەي، سەن دىققەت قىلىدىغىنىڭسىن، كېرىستىي بوۋاي خېلىدىن بېرى كۆرۈنمەيدىغۇ. (پەلتۇسىنى كىيىپ پۈكەينىڭ سىرتىغا چىقىدۇ) مەن قايتاي، ئەتە كۆرۈشەرمىز، خەير.

لەيرى: خوش، خوجايىن.

[ژوننى ئىشىك ئالدىغا بېرىشىغا، كېرپىچي كىرستوفسون ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ 50 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، دوغىلاق، بەستلىك ئادەم. ئۇنىڭ دوگىلەك ھەم قىزىل يۈزلىرىدە بوران - چاپقۇننىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سۇس زەڭگەر كۆزلىرى نۇرسىز كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن سەمىمىلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قويۇق سېرىق ساقاللىق تۇرقىدىن بالىلارغا خاس ئۆزەمچىللىك ھەم ئاجىزلىق، جاھىللىق ھەم دوستانىلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دىخماق ۋە يوغان بويۇنلىرى خۇددى يەلكىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان تۈۋرۈكتەك قاتمال كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ قوللىرىنى قويۇق تۈك ۋە سەپكۈن قاپلىغان. پاقالچەك مۇسكۇللىرى قىسقا ھەم كۆتەكتەك چىڭ بولۇپ، تۆگە تاپانلىق پۇتلىرىمۇ ئالاھىدە يوغان. ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشى كالاڭپاي ۋە تۇراقسىز بولۇپ، ماڭغاندا خۇددى دومىلاۋاتقاندەكلا كۆرۈنىدۇ. تاۋۇشى تۇرۇپلا گۈكىرەۋاتقاندەك يەنە تۇرۇپلا شىۋىرلاۋاتقاندەك سىرلىق ئاڭلىنىدۇ. قانداقتۇر ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل كۆڭۈل غەشلىكى سېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۈستىگە زادىلا ياراشمايدىغان دېڭىزچىلارنىڭ پۇرلىشىپ كەتكەن قارا كىيىمىنى ۋە پاخپىيىپ كەتكەن قويۇق قوڭۇر چاچلىق بېشىغا ئۆڭۈپ كەتكەن كۇلرەڭ لاتا شەپكە كىيىۋالغان. ئۇنىڭ ھاياجانلانغان چىرايىدىن يېڭىلا ھاراق ئىچكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ژوننىغا قولىنى ئۇزىتىدۇ.]

كېرپىچي: سالامەتمۇ سەن ژوننى! بىرەر رومكىدىن ئىچەيلى، مەن سېنى مېھمان قىلىمەن. لەيرى، بىزگە ھاراق ئەكەل، ئۆزەڭگىمۇ قۇي. (قولىنى يانچۇقىغا سالىدۇ) بۈگۈن مەن ئۇتتۇم. نۇرغۇن پۇل ئۇتۇۋالدىم.

ژوننى: (كېرپىچينىڭ قولىنى قىسىپ) تازا ۋاقتىدا كەلدىڭ، بىز بايىلا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىۋاتاتتۇق.

لەيرى: (پۈكەينىڭ چېتىدىن) سالامەتمۇ سەن كېرپىچي، قېنى كۆرۈشۈپ قويايلى.

كېرپىچي: (خۇشخۇي كۆرۈشىدۇ) ھاراق ئەكەل!

ژوننى: (ھەجەيىپ) نەدە ئىچىپ شۇنچە مەس بولۇپ كەتتىڭ؟

كېرپىچي: باشقا كېمىدىكى بىر ئېرلاندىيىلىك ئاغىنە، بىر بوتۇلكا ۋېسكى تېپىپ كەپتىكەن. ئىككىمىز ئولتۇرۇپ تازا ئىچىپتۇق، ياھ، تازىمۇ كۈچلۈك ھاراقكەن! مەن تېخى ھېلىلا پىرىستانغا چىقتىم. لەيرى، ھاراق ئەكەلسەڭچۇ. مەن ئازراق كەيىپ بوپقاپتىمەن، ئەمما تېخى مەس بولمىدىم، مانا ئەمدى پەيزى قىلىمەن. (خۇشخۇي كۈلۈپ دىمىقىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدۇ):

كېمىگە چىققىن يوسىفىن جېنىم،
تېزراق كەلگىن قېشىمغا مېنىڭ.
نۇر تۆكۈپ تۇرغان تولۇن ئاي كەبى،
گۈزەلدۇر ھۆسنى - جامالىڭ سېنىڭ.

ئەي — ئەي، ئەي — ئەي، ئەي — ئەي، ئەي... (ئاخىرقى جۈملىسىنى ئېيتىۋاتقاندا خۇددى چوڭ ئورکېستىرغا دىرىژورلۇق قىلىۋاتقانغا ئوخشاش قوللىرىنى پۇلاڭلىتىدۇ)

ژونني: (كۈلۈپ) يەنە شۇ كونا مۇقامىمۇ كىرىسپي.

كىرىسپي: سەنىزە، ناخشىنىڭ ياخشى - يامىنىنى پەرق قىلالمايسەندە، بۇنى ماڭا باشقا بىر كېيىندىكى ئىتالىيان يىگىت ئۆگىتىپ قويغان. ھەي، ھاراق ئەكەلگىنە! (پۈكەيىنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە تىيىننى تاشلايدۇ)

لەيرى: (كەسپى كۆتكۈچىلەر قىياپىتىدە) ھەر قايسىلىرىغا نىمە لازىمكىن، ئەپەندىملەر؟

ژونني: تاتلىق ۋيۇدىن، لەيرى.

كىرىسپي: ماڭا ۋىسكى ئەكەل — 2 - نومۇرلىقىدىن.

لەيرى: (ئىسكىلىسىگە ئايرىم - ئايرىم ھاراق قۇيىدۇ) مەن ئىچمەيمەن، تاماكىڭىزدىن بىرنى چېكەيچۇ.

كىرىسپي: (رومكىنى كۆتىرىپ) ئىسكور!① (ئىچىدۇ)

ژونني: ساڭا خوشاللىق تىلەيمەن!

كىرىسپي: (ئارقىسىدىنلا) يەنە بىر رومكا!

ژونني: بولدى قىلايلى، كېيىنچە يەنە ئىچەرمىز. مەن ئۆيگە قايتاي، سەن ئەمدىلا قىرغاققا چىقتىڭمۇ دەيمەن ھە؟ نەدىن كېلىشىڭ؟

كىرىسپي: نورفولكتىن. بىز بەكمۇ ئاستا ماڭدۇق. ھاۋامۇ بەك ئوسال بولدى — تۇمان، كۈندىلا تۇمان. قۇرۇپ كەتكۈر ھاۋا! (كوچا تەرەپتىكى ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىغى توختاۋسىز جىرىڭلايدۇ. كىرىسپي چۆچۈپ - تەمتىرەپ) مەن ئىشىكنى ئاچاي، لەيرى، ماسسى كەلدىمۇ دەيمەن. ئۇ مەن بىلەن بىرگە كەلگەن ئىدى. ئۇنتۇپ قاپتىمەن. (ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.)

لەيرى: (پىخىلداپ كۈلۈپ) بۇ تېخىچىلا ھىلقىنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپتۇ - دە، ھەي، قېرى ئالۋاستى!

ژونني: (كۈلۈپ) كىرىسپي ئوبدان ئادەم. بولدى، مەن ماڭاي، خەير. (سىرتقا ماڭىدۇ.)

لەيرى: خەيىر - خوش، خوجايىن.

ژونني: ھە راس، خەتنى ئۇنىڭغا بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما، ھە؟

لەيرى: ئۇنتۇلمايمەن.

[ژونني چىقىپ كېتىدۇ. دەل شۇ چاغدا كىرىسپي كوچا تەرەپتىكى ئىشىكنى ئاچىدۇ، ئۇ ماسسىنى باشلاپ كىرىپ كېلىدۇ. ماسسى 40 — 50 ياشلار چامىسىدىكى ياغاق، ئۇستىخانلىرى يوغان، يۈزى ساپلا داغ، تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەن، بۇرنىمۇ قىزىل ھەم يوغان، دۈپ - دۈگىلەك بېشىدىكى كۆلرەڭ چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بەكمۇ سېمىز، كېلەڭسىز ئايال بولۇپ، خۇددى ھاسىراۋاتقاندەك نەپەس ئالىدۇ. سۆزلىگەندە ئاۋازى گويا ئەر كىشىنىڭ ئاۋازىدەك گۈركىرەپ چىقىدۇ ۋە تۇرۇپلا

---

① ئىسكور — كۆتىرەيلى.

بوغۇق ئاۋازدا كۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆپ - كۆك كۆزلىرىدە ھاياتقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىنتىلىشىنى توسيالمىغان. ھەزىل ۋە مەسخىرە يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ئۇنىڭ ئاقكۆڭۈل، ساددا ئايالىلىغى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ بېشىغا ئەرلەرنىڭ شەپكىسىنى، ئۇچىسىغا ئەرلەرنىڭ ئىككى قاتار تۈگمىلىك تۇجۇركىسىنى كىيىۋالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك كىر يوپكا، يالىڭاياق پۇتىغا بولسا ئۆزىگە لايىق بولمىغان ئەرلەرنىڭ يوغان بەتىنكىسىنى كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ كىيىم - كېچەكلەر بىلەن ئۇ ئاستا ۋە قوپال ھەركەت قىلىدۇ.]

ماسسى: (رەنجىپ) ھەي شىمالى ياۋروپالىق، مېنى تالادا كەچكىچە تۇرغۇزماقچىمىدىڭ؟ (ئوڭ تەرەپتىكى ئۈستەلنىڭ بىر يېنىدا ئولتۇرىدۇ.)

كېرپىسپي: (بەزلەپ) خاپا بولما ماسسى، مەن ژوننى بىلەن پاراڭلىشىپ قېلىپ سېنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. نىمە ئىچكۈدەك بار؟

ماسسى: (تېچلىنىپ) ماڭا بىر ئىستاكان تاتلىق پىۋا ئېلىپ بەر.

كېرپىسپي: ماقۇل. (پۇكەينىڭ ئالدىغا كېلىپ) ماسسى پىۋا ئىچىدىكەن، لەيرى، مەن ۋىسكى ئىچىمەن. (پۇكەينىڭ ئۈستىگە تىيىنلارنى تاشلايدۇ.)

لەيرى: مانا، ئېلىڭ. (خەتنى ئېلىپ كېلىپ) سىزگە مىننېسوتا شتاتىدىكى سېنت پولدىن بىر پارچە خەت كەپتۇ. بۇ خەت ئايال كىشىنىڭ پوچۇركىسى بىلەن يېزىلىپتۇ! (كۈلىدۇ)

كېرپىسپي: (خەتنى تېز ئالىدۇ) قىزىم ئانىدىن كەپتۇ، ئۇ شۇ يەردە تۇراتتى. (خەتنى ئەنسىزلىك بىلەن ئۆرۈپ - چۆرۈيدۇ) مەن ئانىدىن خەت ئالمىغىنىمغا توپ - توغرا بىر يىل بولغان ئىدى.

لەيرى: (چاخچاق قىلىپ) پاھ، بۇنىڭ توقۇپ چىققان گېپىنى قارا، قىزىمىش تېخى، قەسەم ئىچىمەن، چوقۇم ھىلىقى ياۋا خوتۇنلاردىن كەلگەن خەت ئۇ!

كېرپىسپي: (ئەستايىدىل ھالدا) ياق، ئانىدىن كەلگەن خەت! (پەرىشانلىق بىلەن خەتكە تىكىلىدۇ) يائاللا، بەك مەس بولۇپ كېتىپتىمەن جۇمۇ، ئانىنىڭ خېتىنىمۇ ئوقۇيالمىغۇدەكمەن. بىردەم ئولتۇرۇۋالسام بولغىدەك. لەيرى، سەن ھاراقنى ئارقىدىكى ئۆيگە ئەكىرىپ قوي. (ئوڭ تەرەپتىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىدۇ.)

ماسسى: (دەرغەزەپ) ھەي، ماڭا بېرىدىغان پىۋاڭ قېنى؟ ھوي ھاراقكەش!

كېرپىسپي: (كۆڭلى بىسەرەمجان بولغان ھالدا) لەيرى، ھاراقنى ئەكەل! (ئۇ ماسسىنىڭ ئۇ دولىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. لەيرى ھاراقنى ئەكىلىپ ئۈستەلگە قويۇپ، ماسسى بىلەن بېشىنى ئىگىپ سالاملىشىدۇ - دە، بىر چەتتە كېرپىسپىغا قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرىدۇ. ماسسى ئاغزىغا تولدۇرۇپ ئالغان ھاراقنى يۇتىۋېتىپ، رازىمەنلىك بىلەن چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتىۋېتىدۇ. كېرپىسپي خېلىغىچە قولىدىكى خەتكە قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئالدىرىماي ئېچىپ ئوقۇيدۇ. لەۋلىرى بىلى-

AltunOq

نەر - بىلىنمەس تىترەيدۇ ۋە ئوقۇغانسېرى چىرايى ئېچىلىپ، يۈزىدە ھەم خۇ-شاللىق ھەم بىئاراملىق ئىپادىلىنىدۇ.)

لەيرى: خوشخەۋەرمىكەن؟

ماسسى: (قىزىقسىنىپ) قولۇڭدىكى نىمە ئۇ؟ — ھە، خەتكەنغۇ.

كېر بىسبي: (خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭدىكى سۆزلەرنى ھەزىم قىلماقچى بولغاندەك بىردەم تۇرىۋالىدۇ. تۇيۇقسىزدىن ھاياجانلىنىپ ئۈستەلنى مۇشلايدۇ) ئوھوي قاراڭلار! ئاننا شۇ تاپتا مەشەگە كېلىمەن دەپتۇ. سىنت پولدىكى خىزمىتىدىن زېرىككەنلىگىنى يېزىپتۇ. بار - يوقى شۇلا. قىسقىلا يېزىپتۇ. (خوشال ھالدا) قېرىغان چېغىمدا مەن ئۈچۈن مۇشۇنچىلىك خوشخەۋەر يېتەرلىك ئەمەسمۇ! (ماسسىغا قاراپ ئوڭايسىز-لىنىپ) ماسسى مەن ساڭا سۆزلەپ بېرىۋىدىمغۇ، ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ بالام كىچىككىنە ۋاقتىدا شۋېتسىيەدە قېلىۋىدى، شۇندىن بۇيان زادىلا كۆرۈشمىگەن ئىدۇق.

ماسسى: ئۇ ھازىر نەچچىگە كىردى؟

كېر بىسبي: ئېھتىمال، توختا، ھىساپلاپ كۆرەي - ھە، ئېھتىمال يىگىرمىلەرگە كىرىپ قالغاندۇ!

لەيرى: ئۇنداقتا 15 يىلدىن بېرى كۆرۈشمەپسىلەر دە؟

كېر بىسبي: (توساتتىن غەمكىنلىشىدۇ ۋە بوغۇق ئاۋازدا) ھەئە، ئۇ تېخى كىچىككىنە چېغىدىلا مەن بىر يەلكەنلىك كېمىگە ماتروسلار باشلىغى بولۇپ چىقىپ كەتتىم. ئۇ ۋاقىت-لاردا مەن بىر يىلدا ئاران بىر نەچچە قېتىملا ئۆيگە بارالايتتىم. ھەي، مەن بىر ئاخماق. ئاننانىڭ ئانىسى — شۋېتسىيەدە مېنى ساقلاپ بېقىپ، مەن قايتمىغاندىن كېيىن ئاخىرى ئامېرىكىغا بېرىپ، مىننېسوتادىكى بىر نەۋرە تۇققىنىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇپتۇ. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەن خىزمىتىمدىن بوشىنىپ ئۇ يەرگە بارسام، ئاننانىڭ ئانىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاننانى خوتۇ-نۇمنىڭ تۇققانلىرىغا بېرىۋەتكەن ئىدىم. چۈنكى مەن ئاننا دېڭىز دىگەن بۇ ئالۋاستىلار ئۇۋىسىنى كۆرمىسۇن، مەن بىلەنمۇ مەڭگۈ يۈز كۆرۈشمىسۇن، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ شۇ سەھرادا تۇرۇشىنى ئەۋزەل بىلدىم.

لەيرى: (ماسسىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ) بىراق، بۇ قىز بەلكىم بىرەر دېڭىزچىغا تېگىشنى خالار، بۇ سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرنىڭ ئەنئەنىسى ئەمەسمۇ؟

كېر بىسبي: (چاچراپ تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن ئۈستەلنى مۇشلاپ) ياق، ئاللا ئاللىدىدا قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن!

ماسسى: (ئىستاكاننى ئىتتىك تۇتتۇۋېلىپ، تېرىكىپ) ھەي ساراڭ، ئاۋايلا! مېنى پىۋىدىن قۇرۇق قوياي دەۋاتامسەن؟

لەيرى: (تەمكىنلىك بىلەن) ۋوي، نىمە بولدۇڭ؟ ئۆزەڭمۇ ماتروسقۇ، سېنىڭ ئۆمرۈڭمۇ دېڭىزدا ئۆتۈۋاتىدىغۇ؟

كېر بىسبي: (ئالدىرىماي) شۇڭلاشقا مەن بۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن. (زورىغا كۈلۈپ) ماتروسلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئادەملەر. لېكىن ئۇلار قىزلار بىلەن توي قىلىشقا تېگىشلىك

ئادەملەر ئەمەس! مەن بۇنى چۈشىنىمەن. ئانامنىڭ ئانىسىمۇ بۇنى ئېنىق چۈشىنەتتى.
(غەمگە چۆمىدۇ.)

لەيرى: قىزىڭنىڭ پات ـ ئارىدا كېلەمدىكەن؟

كىربىسبى: (باشقىدىن جانلىنىپ) ئۇھ، ئۇنتۇپتىمەن. (ئالدىراپ خەتنى يەنە بىر نۆۋەت كۆرىدۇ) پات ـ ئارىدا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

لەيرى: ئۇ تايىنلىق سېنى ئىزدەپ مەشەگە كېلىشى مۇمكىن.

[ئۇ ئىسقىرتقىنىچە پۈركەنمىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. ئۇستەلنىڭ ئەتراپىدا كىربىسبى بىلەن ماسسى ئىككىسىلا قالىدۇ. ماسسى بىلىندۈر ـ بىلىنمەس سوغاق نەزىرى بىلەن كىربىسبىينى كۆزىتىدۇ. كىربىسبى توساتتىن ئەنسىزچىلىككە چۈشىدۇ. تىرىككەن ھالدا ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.]

كىربىسبى: مەن لەيرى بىلەن بىر ئىشنى سۆزلىشىۋېلىپلا يېنىپ كېلەمەن. (تەمتىسلىكى بىرىسىپ) ساڭا يەنە بىر ئىستاكان پىۋا ئەكېلىپ بېرەيمۇ؟

ماسسى: (ئىستاكاننى بوشىتىپ) بولىدۇ، مېنىڭمۇ ئىچكۈم كېلىپ تۇراتتى.

[كىربىسبى ئىستاكاننى ئېلىپ چىقىدۇ. ماسسى ئۇنى كەينىدىن مەسخىرە قىلىدۇ.]

كىربىسبى: (لەيرىنىڭ قۇلىقىغا ئەنسىز سۆزلەيدۇ) ئەستا، ئانىنا كېلىشتىن ئىلگىرى مەن ماسسىنى كەتكۈزۈۋېتىشىم كېرەك! ئانىنا بىلىپ قالىدىغان بولسا، جېدەل غەۋغا چىقىرىدۇ، ماسسىمۇ كەتمەيمەن دەپ جېدەل قىلىشى تۇرغان گەپ. ئاھ خۇدا، قانداقسىمۇ قىلارمەن!

لەيرى: (پىخىلداپ كۈلۈپ) مۇشۇ ياشقا كەلگەندە يەنە خوتۇنلار بىلەن مەپىلىشىپ يۈركەندىكىن، ئۆزەڭگە ئاز، قېرى ئالۋاستى.

كىربىسبى: (تىت ـ تىت بولۇپ بېشىغا ئۇرىدۇ) سەن بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئالداپ ـ سالداپ، مېنىڭ كېمەمدىن كەتكۈزۈۋەتسەڭچۇ.

لەيرى: سەن ئۇنىڭغا قىزىم كەلمەكچى، يوقال دېسەڭ بولمامدۇ.

كىربىسبى: ياق ئۇنى رەنجىتىشنى خالىمايمەن.

لەيرى: ھوي، ئاخماق قېرى! ئۇنداقتا قىزىڭنى كېمەڭگە چىقارما، بەلكىم ئۇ قورۇقلۇقتىكى تۇرۇشنى خالار. (قىزىقىپ) قىزىڭ ئانىنا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

كىربىسبى: ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تۇققانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا تۇراتتى. كېيىن سېنت پولغا كېلىپ ئۆي خىزمىتى قىپتىكەن. (كەسكىن) ئەمدى مەن ئۇنى ھەرگىزمۇ ئىشلەتكۈزمەيمەن. ئۆز يېنىمدا تۇرغۇزىمەن.

لەيرى: (مەسخىرىلىك) ئۇ كۆمۈر توشۇيدىغان كېمەڭدە تۇرۇشنى خالارمۇ؟

ماسسى: (ئىچكىرىدىن ۋاقىرايدۇ) ھەي خوجايىن! پىۋاڭنى ئەكەلمىدىڭ!

كىربىسبى: (چۆچۈپ، ئېسىگە كېلىپ) مانا ـ مانا، ھازىر ماسسى.

لەيرى: (بىر ئىستاكان پىۋا قۇيۇپ بېرىپ، مەسخىرە قىلىپ) سەن ئەمدى ئىككى پارچە ئوتنىڭ ئارىسىدا قاپسەن ـ دە، ئۇنى ئەمدى يولغا سېلىۋەتكىن!

كېرىمبېي: (ئەندىشە بىلەن) ئاھ خۇدا! (يۈزىنى ئەكسىلىپ ماسىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىدۇ. ماسىسى ئۇنىڭغا قارىمايدۇ. لەيرى ئاستا كېلىپ تامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ ھېچنىمە دېمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گېپىگە خۇشپىيانە قۇلاق سالىدۇ. كېرىمبېي نەمدىلىنىدۇ، ئېيتماقچى بولىدۇ — يۈز، ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزنى ئېيتالماي، يېزىتۇۋېتىدۇ. گويا ئۇ ئۆزىگە مەدەت بەرمەكچى بولغاندەك بىر ئىستاكان ۋىسكىنى بىراقلا ئىچىۋېتىدۇ. ئۇ غەمكىنىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆزىنىڭ خۇشۋاخ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولسىمۇ، ئاۋازىنى چىقىرالمايدۇ. ماسىسى ئۇنىڭ ياسالما ھالىتىنى كۆزىتىپ «خوپ بولدى» دېگەندەك قىلىپ ئولتۇرىۋېرىدۇ. كېرىمبېي گاللىرىنى قىرىۋېتىپ سۆزلەيدۇ.)

كېرىمبېي: ماسىسى ...

ماسىسى: (زەردىگە تېگىپ) نېمە دېمەكچىسەن؟ (يالغاندىن غەزەپلىنىدۇ. ئەمما ئىچىدە خۇش بولىدۇ) نېمە ئويۇن ئويناۋاتقىنىڭ ماڭا ئايان، ئاخماق. سەن تېخى مېنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ ئۇنى كېلىدۇ دەپ مېنى كېيىمدىن ھەيدىۋەتمەكچى بولىۋاتامسەن؟ مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، كېيىمدىكى شىماللىق يېزىلىرىنىڭ بىرسىمۇ بۇنىداق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. سەن ھامان بۇ ئاخماقلىقىڭنىڭ دەردىنى تارتماي قالمايسەن!

كېرىمبېي: (ئوڭايسىزلىنىپ) مەن ھېچنېمە قىلمىدىمغۇ ماسىسى.

ماسىسى: (ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن ئۆزىچە قاقاقلاپ كۈلىدۇ) ھا، ھا، ھا! نېمە دېگەن ماماقەت ئادەمسەن، تولىمۇ كالۋا نېمە ئىكەنسەن! ھا، ھا، ھا! (تېلىقىپ كۈلىدۇ.)

كېرىمبېي: (تەمتىرەپ كېتىپ) نېمىگە كۈلىسەن، كۈلگىدەك نېمە ئىش بولدى.

ماسىسى: ئەينەككە قاراپ ئەيتى — بەشرەڭنى كۆرسەڭ چۈشىنىسەن. ھا، ھا، ھا! (خىقىراپ كۈلۈپ، تېخىمۇ ئۇنىڭ زەردىگە تېگىدۇ) بىر دۆت ماتروس ئەمدى كېلىپ ماسىسى ئۇۋۇۋېنى ئاخماق قىلماقچىمىش تېخى، بىلىپ تويۇش، ئاچاڭ 20 يىلدىن بېرى كېيىمدە يۈرگەن ئادەم، سەنلەر مېنى نېمە ھىلە ئىشلەتمەكچى بولىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلمەيدۇ، دەۋاتامسەن! مەن دېڭىز بويىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنمەن. ھەر قانداقنى كۆرگەن. مېنى ئۇنچىلا ئاسان ئەپلىيەلمەيسەن! سەن مېنى ئېسىلۋالارمىكىن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ شۇنداقمۇ؟ بۇ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! مەن نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ، شۇ تاپىنلا كېتىمەن. سېنى تاشلاپ كېتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ قۇلاق سال، مەن سېنىڭدىن ئاللىقاچان بىزار بولغان. سەندىن ئايرىلغانغا ھەرگىزمۇ ئۆكۈنمەيمەن، چۈشەندىڭمۇ؟ باشقا كېمىلەردە نۇرغۇن يىگىتلەر مېنى كۈتمەكتە! ئەزەلدىن شۇنداق. (ھاڭ — تاڭ بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان كېرىمبېينىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ) بىئارام بولما، دوستۇم! مەن جەزمەن ئاننا كېلىشتىن ئىلگىرى كېمىگىدىن چۈشۈپ كېتىمەن. شۇنىڭ بىلەن سەنمۇ مېنىڭدىن مەڭگۈ قۇتۇلىسەن، مەنمۇ سېنىڭدىن قۇتۇلىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەيدۇ، ۋەسسالام! قانداق؟ ھا — ھا — ھا!

كېرىمبېي: (ئەستايىدىللىق بىلەن) مەنمۇ ئۇنداق ئويلىمىغان ئىدىم. ماسسى، سەن ئوبدان ئايالسەن.

ماسسى: (كۈلۈپ) ياخشى ئايالمەسمەن. بولدى، ۋاقلىما! بىراق سەنمۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمىدىڭ. بولدىلا، تېگىشمەيلى. دەممىمىز ئوخشاش. ھېچكىمنىڭ ـ ھېچكىمگە ھەققى قالمىدى. كۆڭلىمىزنى بۇزمايلى. يەنىلا ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالايلى، قانداق؟

[لەيرى پۈكەينىڭ ئارقىسىغا قايتىدۇ.]

كېرىمبېي: (كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تۈگىگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ) بولىدۇ! ناھايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭ!

ماسسى: مانا سۆھبەت دېگەن مۇنداق بولمامدۇ! مەن ئەرلەردىن قول ئۈزگەندە ئەزەلدىن ئۇلار بىلەن زىتلىشىشنى خالىمايمەن. سەن نېمىدىن قورقاتتىڭ؟ مېنى جېدەل چىقىرارمىكىن دەپ قورققانمىدىڭ؟ ئاھ، ئۇنداقتا سەن ماسسىنى چۈشەنمەيسەن. (مەگستمەي) سەن ـ زە، ماسسى مەندىن ئايرىلسا، كۆڭلى بۇزۇلۇپ، تىڭگىشىپ كېتىدۇ، ئۆلۈشۈلىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ھىم؟ ھا ـ ھا ـ ھا! خىرۇدايىمەي! دۇنيادا ئەردىن تولا نېمە يوق، سەن ماسسى مېنىڭدىن ئايرىلسا ياشىيالماسمىكىن دەپ ئويلىما! (سۆرۈن كۈلۈپ ئىستاكاندىكى پىۋىنى گۈپپىلا قىلىپ يۇتۇۋېتىدۇ) يەنە بىر ئىستاكان پىۋا ئەكىلىپ بېرە، بولامدۇ؟ قىزىڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىۋېتەي.

كېرىمبېي: (شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك) ماقۇل، بولىدۇ، ھازىرلا ئەكىلىمەن. (ئىككى قۇرۇق ئىستاكاننى پۈكەيگە ئېلىپ بارىدۇ) يەنە بىر ئىستاكاندىن ئوخشاش قىلىپ قۇيسە.

لەيرى: (ھاراق قۇيىدۇ) ئۇ خېلى جايىدىغۇ!

كېرىمبېي: (خۇشال) ئۇنى ياخشى ئايال دېمىدىممۇ! ھە! مەن ئوبدان بىر تەبرىكلىۋېتەي. ماڭا ۋىسكى بەرگىن، مەشەدىلا ئىچىۋېتەي! (پۇل بېرىدۇ. لەيرى ھاراق ئەكىلىدۇ) لەيرى، سەنمۇ بىرەر رومكا ئىچىپ قويامسەن؟

لەيرى: (جىددى تۇستە) بىلىسەنغۇ، مەن ئەزەلدىن ھاراققا يېقىن يولىغان ئەمەس.

كېرىمبېي: ھوي، ھاراق ئىچمىسەڭ زىيان تارتىسەن. كۆتەردۇق! (ھاراقنى بىر يۇتۇم ئىچىپلا، ۋاقىراپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ): «كېچىگە چىققىن يوسەفىن جېنىم» (ماسسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئىستاكانلىرىنى ئېلىپ، غىڭشىغىنىچە دەلدەڭشىپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىدۇ):
«نۇر تۆكۈپ تۇرغان تولۇن ئايسەن، گۈزەللۇر بەك ھۆسنى ـ جامالىڭ. ھەي ـــ ھ، ھەي ـــ ھا، ھاي ـــ ھا، ھاي ـــ»

ماسسى: (خىرىلداپ كۈلۈپ قولى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالىدۇ) ۋايجانەي!

كېرىمبېي: (ئولتۇرۇپ) ناخشىنى خېلى يامان ئەمەس ئېيتىمەنغۇ ـ ھە؟ ئەجەب! كىرىشمەيلى! خۇشال ـ خۇرام ئىچەيلى! (ئىچىدۇ) ئاننا قايتىپ كەلمەكچى. ئوبدانراق تەبرىكلىشىم لازىم. ماسسى بىلىسەنغۇ مەن ئۇنىڭغا كەلگىن دەپ بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ

باقمىغان ئىدىم. مەن ئۇنىڭغا ھېچقانچىلىك ئەس قاتمايمەن، دەپ ئويلايتتىم. شۇنداقتىمۇ نەچچە يىللاردىن بېرى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مېنى يوقلاپ كېلىپ قالار دەپ ئۇنى تەققەززالىق بىلەن كۈتكەن ئىدىم. مانا قارا، ئەمدى ئۇ راستىنلا كېلىدىغان بولدى. (قىن - قىنىغا پاتماي) ئۇ قانداقراق قىز بولغاندۇ ماسسى؟ ئۇ چوقۇم تازا كېلىشكەن، ساغلام، گۈزەل قىز بولدى. يېزا ھاياتى ئۇنى شۇنداق قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ كەلگۈسىدە بىر ئاقكۆڭۈل دېھقان يىگىتى بىلەن ئۆي تۇتۇپ، بالا - چاقىلىق بولىدۇ. ئۇ چاغدا مەن بالىلارنىڭ چوڭ دادىسى بولىمەن دېگىنە. ھەر قېتىم دېڭىز سەپىرىدىن قايتقاندا ئۇلارنى يوقلايمەن. (روھلىنىپ) بۇ نېمە دېگەن ياخشى ئىش - ھە! شۇڭا ئوبدانراق تەبرىكلەش كېرەك. (ۋاقىرايدۇ) ھاراق لەيرى! (ئۈستەلنى مۇشلايدۇ.)

لەيرى: (پوكەينىڭ كەينىدىن چىقىپ، غەزەپلىنىدۇ) ئاۋايلا، قېرى شەيتان! ئۈستەلنى چېقىۋەتمە يەنە.

كېرپىسبي: (كۈلۈپ، لەيرىگە ناخشا بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ): «كېمىگە چىققىن، يوسىفىن جېنىم ه

ماسسى: (كېرپىسبىنىڭ يەلكىسىگە تۇرتۇپ، ئاگاھلاندۇرىدۇ) ھە، دوستۇم، بەكمۇ مەس بولۇپ كەتتىڭ، چىقىپ قوسىغىڭغا ئازراق بىر نېمە يەۋال. سەگىپ قالىسەن. (كېرپىسبي جاھىللىق قىلىپ بېشىنى ئىرغىتىدۇ) ھەي جاھىل قېرى، قىزىڭ مۇشۇ سائەت مەس ھالىتىڭنى كۆرسە نېمە دەپ قالار؟

كېرپىسبي: (چۆچۈپ، دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ) شۇنى دېگىنە، راس ئېيتىسەن.

لەيرى: ھە، مانا ئەمدى دۇرۇس گەپ قىلدىڭ. كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاشخانىغا بېرىپ كالا گۆشىدىن تويغىچە يەۋالغىن.

كېرپىسبي: بولىدۇ، مەن بىردەمدە كېلىمەن، ماسسى. (پوكەينى ئايلىنىپ كوچىغا چىقىپ كېتىدۇ.)

لەيرى: سەگىپ كېلىدىغان بولدى. ئاز - تولا يېمەكلىك ئېلىپ كېلەمدۇ تېخى.

ماسسى: بەلكىم.

[لەيرى پوكەيگە قايتىپ بېرىپ گېزىت كۆرۈشكە باشلايدۇ. ماسسى پىۋىنى سۈمۈرگەچ ئويغا پاتىدۇ. ئىچكەركى ئۆينىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلايدۇ. لەيرى بېرىپ ئىشىكنى قىيا ئاچىدۇ - دە، ھودۇققان ھالدا بىراقلا يوغان ئېچىۋېتىدۇ. ئاننا كرىستوفسون كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ 20 ياشلاردىكى، ئالتۇندەك سېرىق چاچلىق، تازا ۋايىغا يەتكەن، قامەتلىك ھەم شىمالىي ياۋروپالىقلارغا خاس ئېگىز بويلۇق تولغان قىز. ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىدىن سالامەتلىكىنىڭ خېلىلا ناچارلىقى ۋە ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئىنسانىيەتتىكى ئەڭ قەدىمىي كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى روشەن بىلىنىپ تۇرىدۇ. قېنىق سۈرتۈلگەن ئوپا - ئەڭلىكى ئۇنىڭ ياش جامالىنى سۆرۈن ھەم مەجۇي كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ غەلىتە چاكىنا كىيىم كىيگەن بولۇپ، بىر قاراشقىلا دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان پاھىشە ئايال ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

Altunoq

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئىنتايىن ھارغىنلىق ھېس قىلىپ ئۈستەلنىڭ سول تەرىپىدىكى بىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئۆزىنى تاشلايدۇ.]

ئاننا: بىر ئىستاكان ۋىسكى بىلەن بىر ئىستاكان سودا سۈيى قېتىلغان بۇۋا بېرىڭلار! (لەيرىگە قاراپ زورىغا كۈلۈپ قويىدۇ) بەك بىئەدەپلىك قىلىپ كەتتىمەك تۇيۇزام.

لەيرى: (زەردە قىلىپ) بىر تۈرلۈك ئەكىلسەم بولامدۇ؟

ئاننا: (سوغاق كۈلۈپ) ئۇنداق قىلساڭمۇ بەكمۇ ياخشى بولاتتى.

[لەيرى پۈككەيگە بارىدۇ، ئىككى ئايال ھاياسىزلىق بىلەن بىر-بىرىنى كۆزىتىدۇ، لەيرى ھاراقنى ئەكىلىپ ئاننانىڭ ئالدىغا قويۇپ قايتىپ كېتىدۇ. ئاننا بىر ئىستاكان ھاراقنى بىر كۆتىرىشتىلا ئىچىۋېتىدۇ. بىرئازدىن كېيىن ھاراق كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئاننا ماسسىغا قاراپ دوستانە كۈلۈپ قويىدۇ.]

ئاننا: ۋاھ، بۇ ھاراق راسا ۋاقتىدا كەلدى. تازا جايىدا بولدى، نېمە دېگەن ياخشى!

ماسسى: (ھەمداشلىق بىلەن) ھېرىپ قالغاندەك تۇرىسەن، بەك ئۇزاق ئوينىغان ئوخشىمامسەن؟

ئاننا: ياق، پويىزدا توپ-توغرا بىر يېرىم كۈن ئولتۇرۇپ چارچىدىم. مەينەت ۋاگوندا بىر كېچە كۆز يۇممىدۇم. خۇدايىمەي، بۇ يەرگە يېتىپ كېلەلمەسمىكىن دېۋىدىم!

ماسسى: (چۆچۈپ، سىنچىلاپ قارايدۇ) نەدىن كېلىشىڭ؟

ئاننا: مىننېسوتا، سېنت پولدىن.

ماسسى: (ھەيران بولۇپ، ئىككىلىنىدۇ) ئۇنداقتا، سەن — (تۇساتتىنلا بوغۇق ئاۋازدا قاقاقلاپ كۈلىدۇ) ئۇھ، خۇدا!

ئاننا: راستىن مىننېسوتادىن كەلدىم. نېمىگە كۈلىسىز؟ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىز؟

ماسسى: (ئالدىراپ چۈشەندۈرىدۇ) ياق قوزام، ياق. باشقا بىر ئىش يادىمغا كېلىپ قالدى.

ئاننا: (غەزىۋىنى بېسىپ، كۈلۈمسىرەيدۇ) ئۇنداقتا سىزدىن رەنجىمەيمەن. مەن بەك زېرىكىپ كۆرۈنۈۋاتىمەنمۇ دەيمەن؟ بالنىتسىدىن چىققىنىمغا ئىككى ھەپتىلا بولدى. يەنە بىر رومكا ۋىسكى ئىچسەم قانداق دەيسىز؟ سىزگىمۇ ئەكەلسۇن، مەن مېھمان قىلىمەن.

ماسسى: ئۇنداقتا بەكمۇ خۇرسەن بولاتتىم. رەھمەت سىزگە! (ۋاقىرايدۇ) ھەي لەيرى! مەيەگە كىر! (لەيرى كىرىدۇ.)

ئاننا: ماڭا يەنە بايىقى ھاراقتىن ئەكىلىڭ!

ماسسى: ماڭىمۇ.

[لەيرى ئىككىسىنىڭ رومكىسىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.]

ئاننا: يېقىنراق ئولتۇرسىڭىزچۇ. بۇ يەردە مېنىڭ ھېچقانداق تونۇشۇم يوق. ئىككى كۈندىن بېرى بىر ئادەم بىلەنمۇ پاراڭلىشىپ باقماپتىمەن. مۇڭدىشايلى.

ماسسى: بولىدۇ.

[ماسسى ئانناغا يېقىنراق كېلىپ ئۇدۇلىغا ئولتۇرىدۇ. لەيرى ھاراق ئەكىلىدۇ. ئاننا پۇل تۆلەيدۇ.]

ئاننا: ئىشىڭىز ئوڭۇشلۇق بولسۇن. كۆتىرەيلى! (ئىچىدۇ.)

ماسسى: بەختلىك بول! (كۆتىرۋېتىدۇ.)

ئاننا: (سەپەر سومكىسىدىن بىر تاپ ئىسسىق تاماكا ئېلىپ) بۇ يەردە تاماكا چەكسە بىر نېمە دېمەس؟

ماسسى: (گۇمانسىراپ) ياق. (ئەنسىز) بىراق بىرسى ئېلىپ قالسا ئەتتىك تاشلىۋەتسەڭ بولىدۇ.

ئاننا: (بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، ھوزۇرلىنىپ شورايدۇ) ۋاي – ۋۇي، سېغىنغانىدىم! بىر يەردىمۇ تېخى تۈزۈلىرىچە قائىدە – تۈزۈم تۇرغۇزۇپ كەتكىنىنى؟ بۇ سوزۇق پوچىلىق ئەمەسمۇ ... ھە؟ (ئاغزىدىن تۈتۈننىڭ چىقارغىنىچە ئۇستىلىگە تىكىلىپ قالىدۇ. ماسسى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقىش بىلەن ئۇنىڭ باش – ئايىغىغا، رەڭگى رويىغا سىنچىلاپ سەپسالىدۇ. ئاننا بىردىنلا ماسسىنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، تېرىككىدۇ) بىرەر يېرىم بىر قانداق تۇرامدۇ نېمە؟ ماڭا قاراپ چەكچىيىپلا قالدىڭىزغۇ!

ماسسى: (ئاننانىڭ كىنايىلىك تەلەپپۇزى زىتىغا تېگىپ، تېخىمۇ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىدۇ) قارىمسامۇ، سەن ئىشىكتىن كىرگەندىلا نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بىلىپ بولغانمەن.

ئاننا: (كۆزىنى يۇمۇۋېتىپ) پاھ، ھەجەپمۇ دانىشمەنكەنسەنا! مەنمۇ سېنىڭ قانداق بىر نېمىلىگىڭنى بىر قاراپلا بىلىپ بولدۇم. سەن 40 يىلنىڭ ئالدىدا خۇددى مەندەك بولغىيدىڭ! (سوغانقىنە كۈلىدۇ.)

ماسسى: (ئاچچىقلاپ) شۇنداقمۇ؟ قوزام ئاڭلاپ قوي، ماسسى نوۋۇېن ئەزەلدىن ... (بىردىنلا توختاپ، ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ) ھەي، سەن بىلەن ئېيتىشىپ نېمە قىلاي، بولدىلا! مەن باشقىلار بىلەن زىتلىشىشنى زادى خالىمايمەن. (قولىنى ئۇزىتىپ) كېلە، ئەپلىشەيلى!

ئاننا: (خۇشاللىق بىلەن قول ئېلىشىدۇ) بولىدۇ، ئەپلىشىپ قالايلى! مەنمۇ پىشكەللەشكەندىن قاچىمەن. يەنە بىر رومكىدىن ئىچەيلى، بولامدۇ؟

ماسسى: (بېشىنى ئېغىتىدۇ) مەن خېلى كۆپ ئىچتىم، زورلىما. سەن بىر نەرسە يېدىڭمۇ؟

ئاننا: ئەتىگەن پويىزدىن چۈشكەندىن بۇيان ھېچنېمە يېگىنىم يوق.

ماسسى: ئۇنداقتا ئازراق ئىچ، بولامدۇ؟

ئاننا: (بىر ئاز دىلغۇل بولۇپ) گېپىڭ بەلكىم توغرىدۇر! مەن تېخى بۇ يەردە بىرسى بىلەن ئۇچراشماقچىمەن! پويىزدا ئولتۇرۇۋېرىپ، بەكمۇ زېرىكتىم.

ماسسى: بالنېتىسىدىن يېڭى چىققىنىم دېدىڭمۇ؟

ئاننا: ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا. (ماسسىغا يېقىنلىشىپ سىرلىق ئاھاڭدا) بىر كۈنى ساقچىلار تۇيۇقسىزلا بېسىپ كىرىپ، مەن تۇرغان خانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ماڭدى – دە، ھەر بىرىمىزنى 30 كۈن سولاشقا ھۆكۈم قىلدى. باشقىسى قىزلارغۇ

سولاقتا يېتىپ كۆنۈپ قالغاچقا پەسەنتمۇ قىلمىدى. لېكىن ماڭا بەك ئېغىر كەلدى. شۇ خاپىلىقتا تاماقتىنمۇ، ئۇيقۇدىنمۇ قالدىم. مەن ئەزەلدىنلا باشقىلارنىڭ مېنى ئىدارە قىلىشىغا چىدىيالمايمەن. شۇ تۈپەيلىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. ئۇلار ئاخىرى مېنى بالنىتسىغا ئاپىرىپ قۇيۇۋىدى، دوختۇرخانىنىڭ ياخشىلىقىدىن، قايتىپ چىققىسىمۇ كەلمەي قالدى.

ماسىي: بۇ يەردە بىرسى بىلەن ئۇچراشماقچىمىدىڭ؟

ئاننا: ھەئە، سەن ئويلىغاندەك ئادەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى دادام بىلەن ئۇچراشماقچىمەن. مەن ئۇنى كىچىكىمدىن تارتىپ كۆرۈپ باققىنىم يوق. قانداقراق ئادەملىگىنىمۇ بىلمەيمەن. ئەسادىپى ۋاقىتلاردا بىرەر پارچە خېتىنى ئېلىپ قالىمەن. دادام ماڭا مۇشۇ جاينىڭ ئادرىسىنى يېزىپتىكەن. ئۇ ھازىر مۇشۇ يەردىكى بىر چوڭ ئائىلىنىڭ كۈزەتچىسىمىش. بۇندىن بۇرۇن ماتروس بوپتىكەن.

ماسىي: (ئەجەبلىنىپ) كۈزەتچى؟

ئاننا: شۇنداق، ئۇزۇن يىلدىن بېرى ماڭا نارىمىدى. ئەمدىلىكتە ئۆزەمنى ئوقۇشۇالغىچە ھالىمدىن خەۋەر ئالار، دەپ ئويلايمەن. (ھارغىنلىق بىلەن) ئۇھ، مەن بىر مەزگىل ئوبدان ئارام ئېلىشىم كېرەك. چارچاپ ئۆلەي دىدىم! (تەقدىرگە تەن بەرگەن تۈيغۇدا) بىراق ئۇنىڭدىن ئۇنچە چوڭ ئۈمىتىمۇ كۈتمەيمەن. ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش، ئۆلسەڭ كېلىپ تېپىپ تاشلايدۇ. (بىردىنلا ھاياجانلىنىپ) ئەركىشى دىگەندىن نەپرەتلىنىمەن! دۇنيادىكى بارلىق ئەركىشىلەردىن نەپرەتلىنىمەن. دادامنىڭمۇ باشقىلاردىن ياخشى بولۇشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. (قىزىقسىنىپ) سەن ھەمىشە مۇشۇ ئەتىراپتا يۈرەمسەن؟

ماسىي: ھەئە، كېلىپ - كېتىپ يۈرىمەن.

ئاننا: ئۇنداقتا سەن دادامنى تونۇيدىغانسەن؟ ھېچ بولمىغاندا كۆرگەن بولغىيدىڭ؟

ماسىي: كىرىستى بوۋاينىمۇ؟

ئاننا: كىرىستى بوۋاي؟!

ماسىي: ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى كىرىستى كىرىستوفسون.

ئاننا: (ھاياجانلىنىپ) شۇنداق، دەل شۇ ئۆزى! مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم ئاننا كىرىستى. سەن ئۇنى تونۇيدىكەنسەن - دە، ھە؟

ماسىي: (ئۆزىنى قاچۇرۇپ) داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىمەن.

ئاننا: ئۇ قانداق ئادەم، ئەينەن ئېيتىپ بېرە.

ماسىي: ھە، بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ھەمدە ...

ئاننا: (تاقەتسىزلىك بىلەن) ئۇنىڭ چىرايىنىڭ نىمە كېرىكى، قانداقراق ئادەم دەۋاتىمەن.

ماسسى: (سەمىمى ھالدا) ھە، بۇ تەرەپتىن خاتىرجەم بولغىن. ئۇ ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى، بۇنىڭدا گەپ يوق.

ئاننا: (خۇرسەن بولۇپ) بۇ گېپىڭ ئادەمنى خويمۇ خوشال قىلىدىغۇ. دادامنى مەن مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرسام رازى بولارمۇ؟

ماسسى: (تەكىتلەپ) چاتاق يوق. (سەسكىنىپ) بىراق سەن ئۇنىڭ كۆزەتچى ئىكەنلىكىنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

ئاننا: ئۇ خېتىدە شۇنداق دەپ يېزىپتىكەن.

ماسسى: ھە! بىكار گەپ! ئۇ ھېچقاچان كۆزەتچى ئەمەس، بىر بارژىنىڭ كاپىتانى — قول ئاستىدا بەشلا ماتروس بار.

ئاننا: (سەسكىنىپ) بارژا؟ قانداق بارژا؟

ماسسى: كۆمۈر توشۇيدىغان.

ئاننا: كۆمۈر توشۇيدىغان كېمە؟ (مەسخىرىلىك كۈلۈپ) ئۇزۇندىن بېرى كۆرۈشەلمىگەن دادامنىڭ خىزمىتى شۇ ئىكەن ـ دە! ھەي، قانداقتۇ بىرەر پىشكەللىكنىڭ چىقىدىغانلىقىنى سەزگەن ئىدىم. مەن زادى مۇشۇنداق ئىشقىلا يولۇقمامدىغۇ؟ بۇ يەردە دەم ئالىمەن دېگەن پىلانىممۇ يوققا چىقتى ـ دە!

ماسسى: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ئاننا: ئۇ كېمىدە تۇرىدىغاندۇ؟

ماسسى: ئەلۋەتتە كېمىدە تۇرىدۇ. نېمە بوپتۇ، سەنمۇ كېمىدە تۇرساڭ بولىدىغۇ.

ئاننا: (مىسكىن ھالدا) مەنما؟ ئەشۇ كۆمۈر توشۇيدىغان مەينەت كېمىدىمۇ؟ سەن مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟

ماسسى: (رەنجىپ) بارژا دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ سەن پاراخوتنى كۆرۈپمۇ باقمىغانغۇ دەيمەن. داداڭنىڭ سېنى دېڭىز دېگەن ئالۋاستىدىن نېرى قىلىپ، تىنچ شارائىتتا بېقىپ چوڭ قىلغىنىنىڭ نەتىجىسى مانا مۇشۇ — ئاھ خۇدا! (كىنايە سۆزلەر ئۇنىڭ كۈلكىسىنى قوزغاپ بوغۇق ئاۋازى بىلەن قاقاقلاپ كۈلىدۇ.)

ئاننا: (ئاچچىقلاپ) ئۇ مېنى بېقىپتىمىشما؟ ئۇ خەقلەرگە مېنى باقتىم دەيدىما؟ شۇنداق دېيىشكە قانداقمۇ پېتىنالىغاندۇ؟ ئۇ مېنى ئاپامنىڭ يېزىدىكى بىر نەۋرە تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە تاشلاپ كەتكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئەتىدىن ـ كەچكىچە تىنماي ئىشلىسەممۇ، ئۇلار مېنى ئىت ـ ئېشەكتەك خورلىدى.

ماسسى: ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى راستىنلا بەك غەلىتە. ئۇنىڭ قارىشىچە — بالىغا نىسبەتەن يېزا ئەڭ ياخشى جايمىش.

ئاننا: توغرا دېدىڭ، ئۇنىڭ ھەر بىر پارچە خېتىدە — دېڭىزدىن نېرى تۇرۇش ئۇنداق ياخشى ـ مۇنداق ياخشى دېگەندەك ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان، چۈشىنىكسىز قۇرۇق گەپلەرنى يازاتتى، مەن شۇنىڭغا قاراپ، دادامنىڭ كاللىسى بىر ئاز ئېلىشىپ قالغانمىكىن دەپ ئويلايتتىم.

ماسسى: ئۇ زادى سەل غەلىتىرەك ئادەم. (توساتتىن) ئۇنداقتا سىزنىڭ يېزىدىكى تۇرمۇ-
شۇڭ ئانچە كۆڭۈللۈك ئەمەس ئىكەن - دە؟

ئاننا: شۇ ئەمەسمۇ. مەن تۇرغان ئۆيدە بىر بوۋاي ھەم بوۋاينىڭ مومىيى، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە تۆت ئوغلى بار. مېنى ئۇلار قۇل ئورنىدا كۆرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ كەمبە-
غەل تۇققىنى بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن مېنى سالايدىنمۇ بەتتەر خارلايدۇ. (ئىنتايىن
سىكىن ھالدا) مەن ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن چېغىمدا، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك
ئوغلى مېنى دەپسەندە قىلدى. شۇندىن باشلاپ مەن بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممى-
سىگىلا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. ئەگەر ئۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىدىغان بولسام ھەممىسىنى قو-
شۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايتتىم! شۇڭلاشقا كېيىن سىزنى يولغا ئېچىپ كېلىۋالدىم.

ماسسى: (ھېسداشلىق بىلەن ئاڭلايدۇ) كىرىستىي سىزنى ئۇ يەردە ئائىلە خىزمىتى قىلىدۇ،
دەۋاتاتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا سەنمۇ خېتىڭدە قۇرۇق پو ئېتىپتىكەنسەن - دە.

ئاننا: ئاھ! ھەرگىزمۇ پو ئاتقىنىم يوق. دېمىسىمۇ مەن ئىككى يىل خەقلەرنىڭ ئۆيىدە
چاكار بولۇپ ئىشلىدىم. مەن بىكاردىن - بىكار پاتقاققا كىرىپ كەتكىنىم يوق.
چاكار بولۇپ ئىشلەش مېنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. خەقنىڭ بالىسىنى بېقىپ، ئەتىدىن -
كەچكىچە ئاھانەت ئىشتىشۇپ يۈرۈپ بەك بىزار بولۇپ كەتتىم. مەن تەنھا بولغانلى-
قىم ئۈچۈن بىزار بولۇپ ئىچىلىقىتىن تېپىچىپ سىرتقا چىققىم كەلدى. شۇ چاغلاردا ئېس-
زىپ - تېزىپ قاۋاقخانىلارغا كىرىپ قالدىم! ئاندىن ئۇ يەردىكى قىلغۇلۇقلارنىمۇ
قىلدىم! (تەرسالىق بىلەن) لېكىن مەن قىلغان ئىشىمغا ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلمايـ-
مەن! (سەل توختىۋېلىپ، بىردىنلا غەزەپ بىلەن) بۇنىڭ ھەممىسى ئەرخەقلەرنىڭ
جىنايىتى! يېزىدىكى ئەرخەقلەر مېنى ئىشلەتتى، ئۇردى، يامان يولغا باشلىدى.
ئۆي چاكىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چېغىمدىمۇ يەنە شۇ ئەرخەقلەر ئەتراپىمدىن نې-
رى كەتمەي، كەينىمگە كىرىۋالدى. ھەممىسىلا مېنىڭدىن نەپ ئېلىشنى كۆزلىدى.
(سوغاق كۈلۈپ) ھەممىنى قىلغان شۇ ئەرخەقلەر! ئاھ خۇدا! مەن ئەرخەقلەردىن
نەپرەتلىنىمەن! دۇنيادىكى بارلىق ئەرخەقلەردىن نەپرەتلىنىمەن! سەن ئۇلاردىن
نەپرەتلەنمەمسەن؟

ماسسى: ئاھ، بىلىمەن. ئەرلەرنىڭ ئىچىدە ياماناتلىرىمۇ بار، ياخشىلىرىمۇ بار. بالام. سىزنىڭ بېشى-
ڭىز تەتۈر بولغاچقا ھەدىگەندە يامان ئادەملەرگىلا ئۇچراپسەن، مەسىلەن سېنىڭ
داداڭ كىرىستىي بوۋاي ياخشى ئادەم.

ئاننا: (گۇمانسىراپ) قېنى ئۇنىمۇ بىر كۆرۈپ باقارمىز.

ماسسى: سەن پاناھسىز قالغىنىڭغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا يەنە ئۆي خىزمىتى قىلىۋاتىمەن
دەپ خەت يازدىڭمۇ دەيمەن - ھە؟

ئاننا: شۇنداق. (مەسخىرە ئارىلاش) مېنىڭچە دادام بۇنىڭغا پىسەنتمۇ قىلمىسا كېرەك

ماسسى: بۇنى سەن يۇتۇنلەي خاتا ئويلاپسەن. بالام. (ئەستايىدىللىق بىلەن) مەن كىرىستىي
بوۋاي بىلەن تونۇشقىلى ئۇزۇن بولدى. ئۇ داۋاملىق سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدۇ. سې-
نى بەكمۇ چوڭ كۆرىدۇ. راس شۇنداق.

AltunOq

ئاننا: ئۇھ، بولدى، مېنى بەزلىمەيلا قوي.

ماسسى: مېنىڭ ئېيتقانلىرىم ھەممىسى راس! ئۇ بەكمۇ ساددا بوۋاي. چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇنىڭ غەلىتە خىياللىرىمۇ يوق ئەمەس. بىراق ئۇنىڭ يامان غەرىزى يوق. گېپىمگە قۇلاق سال، بالام ... (قاۋاقخانىنىڭ تالاغا چىقىدىغان ئىشىكى ئېچىلىپ، كىرىسىينىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىدۇ) تىش!

ئاننا: نېمە بولدى؟

كىرىسىي: (قاۋاقخانىغا كىرىدۇ، ھازىر ئۇ خېلى ئۆزىگە كېلىپ قالغان) پاھ، لەيرى قالتىس مېزىلىك تاماق ئىكەنغۇ ـ بۇ. ماسسى ئىچكىرى ئۆيدىمۇ؟

لەيرى: ھەئە، يەنە بىر خوتۇنمۇ بار!

[كىرىسىي ئىچكىرى ئۆيگە قاراپ ماڭىدۇ.]

ماسسى: (ھودۇقۇپ ئاننانىڭ قۇلىغىغا شىۋىرلايدۇ) ئۇ كەلدى. ئەنە ئاۋۇ شۇ. تېتىكرەك بول!

ئاننا: كىمۇ؟ (كىرىسىي ئىشىكنى ئاچىدۇ.)

ماسسى: (بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن قىياپەتتە سالاملىشىدۇ) پاھ، قانداق ئەھۋالىڭ كىرىسىي بوۋاي. (كىرىسىي ئاغزىنى ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ماسسى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن سۇركۈلۈپ ئۆتۈپ، قاۋاقخانا تەرەپكە ماڭىدۇ، ھەمدە ئاننانى كۆرسىتىپ شەرەت قىلىدۇ) مەيەگە كەل، گېپىم بار. (كىرىسىي ئۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقىدۇ ۋە شۇئانلا ئاۋازىنى پەسەيتىپ) ماڭا قارا، مەن كېيىنگە چىقىپ نەرسىلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ كېتىمەن. ئاۋۇ ئولتۇرغان سېنىڭ قىزىڭ ئاننا، ھازىر كەلدى، سېنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىل، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۇنىڭ تېنى بەكمۇ ئاجىز كەن، خوش! (ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئانناغا) خەير بالام، مەن كەتتىم، خوش ئەمىسە!

ئاننا: (ھودۇقۇپ) خوش!

[ماسسى ئىچكىرى ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكىدىن ئالدىراپ چىقىپ كېتىدۇ.]

لەيرى: (تېڭىرقاپ قالغان كىرىسىيغا قاراپ، ئەجەبلىنىپ) ھوي، نېمە بولدۇڭ؟

كىرىسىي: (دۇدۇقلاپ) ھېچنېمە، ھېچنېمە بولمىدى. (ئوڭايسىزلىنىپ ئىچكىرى ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېلىپ مەڭدەپ تۇرۇپ قالىدۇ ـ يۇ، ئارقىدىنلا بىر قارارغا كېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ، ئىنتايىن خىجىللىق بىلەن ئانناغا قارايدۇ. ئاننانىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان تەقى ـ تۇرقى ۋە مەغرۇر قىياپىتى ئۇنى ئاجايىپ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ئاننانىڭ نەزىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلىپ، قانداقتۇر بىر خىل پېقىرلىق ھەم ئەنسىزلىك تۇيغۇسى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ ۋە ئۆكۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەيدۇ) ئاننا!

ئاننا: (تەسلىكتە) ياخشىمۇ سەن، دادا! سېنىڭ دادام ئىكەنلىكىڭنى ماڭا ھېلىقى چىقىپ كەتكەن ئايال تونۇشتۇرغان ئىدى. مەن بۇ يەرگە يېڭىلا كەلدىم.

كىربىبى: (ئاستا مېڭىپ ئاننا ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ) شۇنچە يىللاردىن كېيىن سىزنى كۆرگىنىمگە بەك خوش بولىۋاتىمەن ئاننا. (ئۇ ئېگىلىدۇ، ئېغىر سۇ- كۈتتىن كېيىن، ئۆز ئارا سۈيۈشىدۇ.)

ئاننا: (بىر ئاز سەممىي تەلەپپۇز بىلەن) سىزنى كۆرۈپ مەنمۇ خوش بولدۇم.

كىربىبى: (ئاننانىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ، چىرايىغا سىنچىلاپ سەپسالىدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر ئىللىقلىق ھېسسىياتى چۇلغىۋالىدۇ) ئاننا ئىزا! ئاننا ئىزا! (قۇچاقلايدۇ)

ئاننا: (ئۇنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ چىقىپ ۋە ھودۇققان ھالدا) ئوھوش، نېمە قىلىق بۇ، شۇنچىسىگە ئادەتقۇ بۇ؟ مەن ئۇنداق ئادەتنى ياقتۇرمايمەن. (ئۆزىنىڭ ھو- دۇققانلىقىنى ياپماقچى بولۇپ سۆزلەپلا كېتىدۇ) ۋاي - ۋۇي، بۇ يەرگە يېتىپ كەلگىچە تازىمۇ جاپا تارتتىم. چارچاپ ھالىمدىن كەتتىم. مەينەت پويىزدا بىر كې- چە ئولتۇرۇپ، كۆزۈمنىمۇ يۇممىدىم. سىزنى ئىزدەپ تاپقىچىمۇ خېلى ئاۋارە بولدۇم. ئۆزەڭ بىلىسەن، مەن بۇرۇن نيو - يوركقا كېلىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ...

كىربىبى: (ئۇنىڭ چىرايىغا مەسلىكى كېلىپ قاراپلا قالىدۇ - دە، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ ۋە ئۆزىنى باسالماي) ئاننا، سەن قالتىس چىرايلىق ئادەم بوپ- سەن جۇمۇ! قەسەم قىلىمەنكى، ھەر قانداق يىگىت سىزنى كۆرۈش بىلەنلا ئاشىق بولۇپ قالغىدەك. راس دەيمەن!

ئاننا: (گەپ زىتىغا تېگىپ، قوپاللىق بىلەن) ئاغزىڭنى يۇم! سەنمۇ خۇددى ھېلىقىدەك ئەرلەرگە ئوخشاشلا بىلجىرلايسەنغۇ.

كىربىبى: (كۆڭلى ئاغرىپ، دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ) مەن سىزنىڭ داداڭ بولغاندىكىن ئۇنچىلىك گەپ قىلىپ قويسام نېمە بوپتۇ، ئاننا.

ئاننا: (زورىغا كۈلۈپ) ھېچنېمىغۇ بولمايدۇ، شۇنىسى سىزنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ماڭا ئا- جايىپ قىزىق تۇيۇلىۋاتىدۇ. ھېچنېمە ئېسىمدە قالماپتۇ. سەن ماڭا خۇددى يات ئادەمدەكلا كۆرۈنىۋاتىسەن.

كىربىبى: (ھەسرەتلىنىپ) بەلكىم شۇنداقتۇ، ئۇ چاغلاردا سەن كىچىككىنە ئىدىڭ. شۇنىسى يېدىكى چاغدا مەن ئۆيگە ئاندا - ساندا قايتاتتىم. شۇڭا ئېسىڭدىن كۆتىرىلىپ قالغانمەن.

ئاننا: (تېزىشىپ) شۇ چاغلاردا سەن نېمىشقا ئۆيگە قايتمايتتىڭ؟ نېمىشقا مېنى كۆرگىلى كەلمەيتتىڭ؟

كىربىبى: (دۇدۇقلاپ) ئاپاڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن مەن يېلىۋېيى دېڭىزدا بوا- دۇم. شۇڭا تېزىم مېنى يىراقلا كۆرمەيلا قويسۇن دەپ ئويلىغان ئىدىم. (ئاننانىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلايدۇ. ئاندىن ئانناغا قاراپ ھەسرەتلىنىپ) ئۇ چاغلاردا نېمە ئۈچۈن شۇنىسىگە قايتىپ بارمىغىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، ئاننا. ھەر قېتىم سەپەردىن قايتقان چاغدا ئۆيگە بېرىپ ئاپاڭنى ۋە ئىككى ئاكاڭ- نى كۆرگۈم كېلەتتى. كېيىن ئۇلار سۇغا چۆكۈپ كېتىپ ئۆلدى. ئۇ چاغدا سەن

تېخى بوۋاق ئىدىڭ، مەن جەنۇبىي ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، جۇڭگوغا بارىدىغان ئۇرغۇن پاراخوتلاردا ئىشلەپ يۈرۈپ سېنىڭ ئېشىڭغا زادى بارالمىدىم. مەن دۇنيادىكى نۇرغۇن جايلارغا باردىم، ئەمما شۇنتىسىيگە قايتىدىغان پاراخوتقا چىقىشقا زادى نېسىپ بولمىدى. كېيىن ئۈزىگە قايتىش ئۈچۈن يول راسخودى تەييارلىغان چاغدا (ئازابلىنىپ بېشىنى ساڭگىلىتىدۇ) ھەممىسىنى ئۇنتۇدۇم — دە، پۇلنى خەجلەپ تۈگەتتىم. كېيىن يەنە ئۆزىگە قايتقىم كەلگەن ئىدى، بىراق يېنىمدا پۇل قالمىدى ھەم بەك كېچىكتىم. (ھەسرەتلىنىپ) بىزنىڭ سەۋىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپمۇ بېرەلمەيمەن. باشقا دېڭىزچىلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ مانا شۇنداق ئۆتىدۇ. ئاننا، مانا بۇنىڭ ھەممىسى دېڭىزدىن ئىبارەت ئاشۇ ئالۋاستىنىڭ كاساپىتى. بۇ ئالۋاستى كىشىلەرنى ئاشۇنداق ئەتلىدىن ئازدۇرىدۇ.

ئاننا: (ئۇنىڭ سۆزلىرىگە سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالىدۇ ۋە مەسىرلىك تەلەپپۇزدا) ھەممە ئەيىپنى دېڭىزغا ئارتماقچىمۇسەن؟ سەن ماڭا يازغان خەتلىرىڭدىمۇ دېڭىزدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىڭنى ئېيتىسەن، لېكىن سەن يەنە بەرىبىر دېڭىزدا بولىۋاتمامسەن؟ ئۇنداق ئەمەسمۇ — يە؟ بايىقى خانىم سېنى بىر كۆمۈر توشۇيدىغان چاتما كېمىنىڭ كاپىتانى دەيدۇ. ئەمما سەن ماڭا بىر چوڭ ئائىلىنىڭ كۈزەتچىسىمەن دەپ خەت يازدىڭغۇ!

كېرىسېي: (بىر ئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىدۇ — يۇ، يەنە كاززاپلىق قىلىدۇ) ھە، ئۇزۇندىن بېرى قۇرۇقلۇقتا كۈزەتچىلىك قىلىپ كەلگەن ئىدىم. يېقىندىن بۇيان ساقسىز بولۇپ قېلىپ، ساپ ھاۋادا بىرئاز ئارام ئالاي، دەپ يەنە بۇ ئىشقا چىقىۋالدىم.

ئاننا: (ئەپسۇسلىنىپ) سەن تېخى ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ تاپقان گېپىڭنى قارا!

كېرىسېي: ئاننا، مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم ھەقىقىي دېڭىز خىزمىتى ئەمەس، مەن بىر كونا كېمىدە ئىشلەۋاتىمەن. ئۇ دېڭىزدىكى چوڭ پاراخوتلارغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ. بۇ كېمە خۇددى دېڭىزدىكى بىر ئارالغا ئوخشايدۇ، ئۈستىدە ئۆيلىرى بار، بۇ كېمىنىڭ ئىشىمۇ ئوكيانلاردا ئۈزىدىغان پاراخوتلارغا تولۇقمۇ ئوخشىمايدۇ. مەن ئەمدى ئۆلسەممۇ ھەرگىز ئوكيانلاردا ئۈزىدىغان پاراخوتتا ئىشلىمەيمەن. ئاناڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن شۇنداق دەپ قەسەم ئالغان ئىدىم. مەن ھازىرغىچە شۇ قەسىمىمگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتىمەن.

ئاننا: (چۈشىنەلمەي) بۇ گەپلىرىڭنى زادىلا چۈشەنمىدىمغۇ؟ (سۆزىنى يۆتكەپ) سەن بايا ئاغرىپ ئالدىم، دېدىڭ. مانا مەن قاتتىق ئاغرىپ، ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا بالنىتسىدىن چىقتىم.

كېرىسېي: (شۇئانلا ئىچ ئاغرىتىپ) سەنمۇ ئاننا؟ ئاھ خۇدا! (ئەنسىرەپ) خېلى ئوڭشىلىپ قالدىڭمۇ قىزىم؟ بەك چارچاپ كەتكەندەك كۆرۈنىسەن، شۇنداقمۇ؟

ئاننا: (ئۆيىقۇسىراپ) ھەئە، چارچاپ ئۆلەي دېدىم، مەن بىر مەزگىل ئوبدانراق دەم ئېلىشىم كېرەك. بىراق ماڭا بۇنداق پۇرسەت مۇمكىن بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

كېرىمبېي: بۇ نېمە دېگىنىڭ ئاننا؟

ئاننا: مەن تېخى دادام كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان بولسا بىرەر تۇرار جايى باردۇر، ئەگەر دادام رەت قىلمىسىلا قېشىدا تۇرۇپ بىر مەھەل ئۇبدانراق دەم ئېلىپ ئوڭشالغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىپ خىزمىتىمنى قىلارمەن، دەپ ئويلاپتىمەن.

كېرىمبېي: (تاقەتسىزلىك بىلەن) مېنىڭ تۇرار جايىم بار، يەنە كېلىپ شۇنداق ياخشى دېگىنە، ئاننا. ئۇ يەردە سېنىڭ قانچە ئۇزاق تۇرغۇڭ كەلسە خالىغىنىڭچە دەم ئالساڭ بولىدىغۇ! سەن ئەمدى ئائىلە خىزمىتىنى تاشلاپ مېنىڭ يېنىمدىلا تۇرغىن بولامدۇ؟

ئاننا: (ئۆزىنىڭ تېزگىن تەكلىۋى ئاننانى ھەم ھەيران قالدۇردۇ ھەم خوشال قىلدۇ. ئاننا كۈلۈپ تۇرۇپ) شۇنداقتا مېنىڭ كېلىشىمنى خالايدىكەنسەن - دە؟ راستمۇ؟

كېرىمبېي: (قولىنى چىڭ قىسىپ) ئاننا بىلمەمسەن؟ سېنى سېغىنىپ ساراڭ بولاي دېدىم مەن! ئاننا، ئەمدى سەن خىزمەت قىلىمەن دېگەن سۆزنى ئاغزىڭغا ئالما، مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىن. مەن سېنى كۆرمىگىلى ئۇزۇن زامان بولدىغۇ. بۇنى ئۇنتۇپ قالما. (ئاۋازى تىترەپ) مەن ئەمدى قېرىدىم، دۇنيادا سەندىن باشقا تۇققىنىممۇ يوق.

ئاننا: (قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. لېكىن بۇرۇندىن تارتىپ ھېس قىلىپ باقمىغان بۇ خىل تەسىرات ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ) رەخمەت. بۇ گەپلىرىڭ مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. بىراق شۇنچىلىك يالغۇزلۇق تارتىپ تۇرۇغلۇق نېمىشقا قايتا ئۆيلىنىۋالمىدىڭ؟

كېرىمبېي: (بېشىنى ئېغىتىپ بىر ئاز توختاپ) ئاناڭغا بەكمۇ مېھرىم بولغانلىقى ئۈچۈن قايتا توي قىلىشقا كۆڭلۈم بارمىدى، ئاننا.

ئاننا: (يەنە تەسىرلىنىپ تەمكىن ھالدا) مەن ئانامنى زادى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇ قانداق ئايال ئىدى؟ سۆزلەپ بەرگىنە.

كېرىمبېي: مەن ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. سەنمۇ بېشىڭدىن ئۆتكەنلىرىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەرگىن. بۇيەر بىئەپ، ياش قىزلارغا زادىلا ياراشمايدۇ، ھېلىقىدەك قاملاشمىغان ماتروسلار دائىم بۇ يەرگە كېلىپ جېدەل چىقىرىپ تۇرىدۇ. (ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ، ئاننانىڭ سومكىسىنى ئالىدۇ) يۈر، ئاننا، سەن ئۇبدان ئارام ئېلىشىڭ كېرەك.

ئاننا: (تۇرماقچى بولىدۇ، يەنە ئولتۇرۇپ قالىدۇ) نەگە بارىمىز؟

كېرىمبېي: كېمىگە چىقىمىز، يۈر!

ئاننا: (ئۈمىدسىزلىنىپ) سېنىڭ ئاشۇ چاتما كېمەڭگىمۇ؟ (سوۋۇن ھالدا) ياق، چىقمايمەن! (دادىسىنىڭ ئۈمچىيىپ تۇرغان قىياپىتىگە قاراپ سۇنئىي كۈلىدۇ) سېنىڭچە ماڭا ئوخشاش بىر ياش قىز كۆمۈر توشۇيدىغان كېمىدە تۇرسا قاملىشارمۇ؟

كېرىمبېي: (ئىككىلىنىپ) قاملىشىۋېرىدۇ. (بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ، يەنە سەممىي تەلەپپۇزدا يېلىنىدۇ) سەن كېمىنىڭ نەقەدەر ياخشىلىقىنى بىلمەيسەن ئاننا. سۆرەيدىغان پاراخوت كەلسە بىزنى سۆرەپ سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئەتـ

راپىنىڭ ھەممىسى بۇ، بۇ كېمىگە قۇياش نۇرى تىك چۈشىدۇ، ھاۋاسى ساپ. ئۇ-نىڭدا ئېسىل يېمەكلىكلەرمۇ بار. سەن ئۇ يەردە تۇرساڭ تېزلا ياخشى بولۇپ كېتىسەن. كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرىسەن، كەچقۇرۇنلىقى دېڭىزغا چۈشكەن ئاي شولىسى ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆتۈۋاتقان چوڭ پاراخوتلارنى، يەلكە-لىك كېمىلەرنى كۆرىسەن، بۇلار بىر - بىرىدىن ھەيۋەتلىك. شۇڭا ئۇ يەر سېنىڭ دەم ئېلىشىڭ ئۈچۈن بەكمۇ قۇلايلىق. چۈنكى سەن تولا ئىشلەپ جاپا چەكتىڭ-دە، چوقۇم ئارام ئېلىشىڭ لازىم، ئېيتقانلىرىم دۇرۇسمۇ؟

ئاننا: (بارا - بارا تىنچلىنىدۇ. لېكىن ئىككىلىنىپ) سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭمۇ مېنى خېلى قى-زىقتۇرۇۋاتىدۇ، ئەسلىدە ئۆزەمنىڭمۇ دېڭىزدا سەيلى قىلغىم بار ئىدى. شۇڭىسى چاتى-ما كېمە دېگەننى ئاڭلاپلا كۆڭلۈم سۇۋۇپ كەتكەن ئىدى. مەيلى بولىدۇ، بىللە بېرىپ كۆرۈپ باقاي، بەلكىم ئۇ يەر كۆڭلۈمگە يېقىمۇ قالار. مېنىڭمۇ ھەممە ئىشى-نى قىلىپ باققىم كېلىدۇ.

كېرىستىي: (سومكىنى يەنە قولىغا ئالىدۇ) ئەمىسە ماڭامدۇق؟

ئاننا: نېمىگە ئالدىراپ كەتتىڭ؟ كىچىككىنە تۇرۇپ تۇرغىن. (يەنە ئۆزىچىلا ئەسلى قىياپىتىگە قايتىپ، كونا ئادىتى بويىچە بىر خىل غالىپلارچە سىياقتا كۈلۈمسىرەيدۇ) ئۇھ، ئە-جەبمۇ ئۇسساپ كەتتىما.

كېرىستىي: (ھودۇقۇپ سومكىنى قويىدۇ) خاپا بولما ئاننا. نېمە ئىچكۈڭ بار... ھە؟

ئاننا: (ئۆزىنى تۇتالماي) ماڭا — (تۇساتتىن خاتا قىلىپ قويغىنىنى ھېس قىلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەيدۇ) بۇ يەردە نەرسىلەرنى ساتىدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

كېرىستىي: (كۈلۈپ) بۇ يەردە قىزلارغا لايىق ھېچنەرسە يوقتەك قىلىدۇ. ئاننا تاتلىق پىۋا ياكى كۇۋاس بولسا بولامدۇ؟

ئاننا: (زورىغا كۈلۈپ) ئەمىسە، كۇۋاستىن ئازراق ئىچەي.

كېرىستىي: (ئاننانىڭ ئالدىغا كېلىپ) ئاننا، ئۇزۇن يىللار ئايرىلىپ قايتا يۈز كۆرۈشكىنىمىز-نى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەبرىكلىسەك قانداق! (ئارتىنىپ تۇرۇپ قولىغا ئاستا شى-ۋىرلاپ) ئاننا، بۇلارنىڭ ئېسىل ۋىنوسى بار، ساڭا پايدىلىق، ئازراق ئىچىپ قوي-ساڭ ئىشتىھانى ئاچىدۇ، زىيىنى يوق، بىرەر رومكا ئىچكەنگە ھەرگىز مەس قىلمايدۇ.

ئاننا: (تەلۋىلەرچە كۈلۈپ) بولىدۇ، ۋىنو ئىچسەك ئىچەيلى.

كېرىستىي: ماقۇل ئەكىلەي. (چىقىپ كېتىشىگە ئاننا دەس تۇرىدۇ.)

ئاننا: (سومكىسىنى ئالىدۇ. بوغۇق ئاۋازدا دۇدۇقلاپ) ئاھ، خۇدا، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. كەتكىنىم ياخشىراقتەك قىلىدۇ. (سومكىسى قولىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. پۇ-تىنى سۆرەپ مېڭىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالىدۇ. يۈز - كۆزىنى ئېتىپ ئۆكسۈپ يىغلايدۇ.)

لەيرى: (كېرىستىي ئالدىغا كەلگەندە قولىدىكى گېزىتنى قويۇپ كۈلۈمسىرەپ) ھەي، ئاۋۇ سېرىق چاچلىق قىز كىم ئۇ؟ سېنىڭ قىزىڭ ئاننا شۇمۇ؟ (كېرىستىي بېشىنى ئېغى-

تىدۇ. لەيرى ئىختىيارسىز ھالدا ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىپ چوڭقۇر پىغانلىنىدۇ.)

كېرىسپي: ئۇ چىرايلىقمىكەن، لەيرى؟

لەيرى: (تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن) ئەلۋەتتە! گۈلنىڭ ئۆزىكەن!

كېرىسپي: توغرا ئېيتتىڭ. ئانناغا بىر رومكا ۋىنو بەرگىن. خوشاللىقىمىز ئۈچۈن بىر قېتىم ئىچىپ قويسۇن. ماڭا بىر ئىستاكان تاتلىق پىۋا قۇي.

لەيرى: (ھاراق قۇيغاچ) ساڭا تاتلىق پىۋا بولسىلا بولامدۇ؟ ئۇ سېنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ - دە.

كېرىسپي: (خۇشال) توغرا دېدىڭ. (ھاراقنى ئالىدۇ)

[ئاننا ئۇنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كۆز يېشىنى سۈرتىدۇ. زورىغا كۈلۈمسىرەيدۇ. كېرىسپي ھاراقنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئەندىشە بىلەن ئانناغا قاراپ ئۇنىڭ قولىغا ئاستا ئۇرۇپ قويىدۇ.]

كېرىسپي: سەن چارچىدىڭ، ئاننا. مەن جەزمەن سېنى ياخشى ئارام ئالغۇزىمەن. (پېشانىنى قولىغا ئېلىپ) سەن ۋىنو ئىچكىن، كېلە، بۇ ۋىنو ساڭا يېڭى ھايات بېغىشلايدۇ. (ئاننا رومكىنى كۆتىرىدۇ. كېرىسپي كۈلىدۇ) ئىسكور، ئاننا! (كۆتىرەيلى ئاننا) بۇ شۇنىسىيچە گەپ. ئېسىڭدە بارمۇ؟

ئاننا: ئىسكور! (ۋېسكى ئىچكەندەك گۈپپىلا قىلىپ يۇتىۋېتىدۇ - دە، لەۋلىرى تىترەپ كېتىدۇ) ئىسكور! بۇ سۆز ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۇنىڭ مەنىسى سالامەت بولۇڭ! كۆتىرەيلى دېگەنلىك. توغرا شۇنداق!

(پەردە يېپىلىدۇ)

## ئىككىنچى پەردە

[سەھنە تۈزۈلۈشى: ئالدىنقى پەردىدىن 10 كۈندىن كېيىن، ماسساچۇسېتس شىتاتىدىكى پروۋىنستون پورتىدا توختىغان «سىمون ۋېنسلوپ» ناملىق بارژىنىڭ قۇيرۇق قىسمى. كېچە سائەت 10 مەزگىلى، ئەتراپنى تۇمان قاپلىغان، تىنچ دېڭىزدا چاتما كېمىلەر بىر ئىزدا لەيلەپ تۇرىدۇ. يوغان ئارقاننىڭ تۈگۈنىگە ئورنىتىلغان پەنەرنىڭ نۇرى ئەتراپنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئارقا تەرەپتىكى تۇمان قاپلىغان پالۋىسمۇ چىراق نۇرىدا غۇۋا يورۇپ دەرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كېمىنىڭ چېتىدىكى پار قازىنىنىڭ ئېگىز تۇرخۇنى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. پورتتا توختىغان خىلمۇ - خىل پاراخوتلارنىڭ مۆكلۈق گۇدۇك ساداسى ئەتراپتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇرىدۇ.

پەردە ئېچىلغاندا ئاننا چىراق قويۇلغان ئاغامچا تۈگۈنىنىڭ يېنىدا تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ قارا چاپان كىيگەن، يالاڭباشتاق ھالدا كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قويۇق تۇمانغا ئېچىنارلىق تۇيغۇ بىلەن

كۆز تىكىپ تۇرىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ كېرىستىي كىرىپ كېلىدۇ. ئۈستىگە مايلاشقان سېرىق چاپان، بېشىغا سۇدىن ساقلىنىدىغان قالپاق ۋە پۇتىغا ئۇزۇن قونجۇلۇق ئۆتۈك كەيگەن.]

كېرىستىي: (بولۇمنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ كېمىنىڭ ئاياق تەرىپىگە قارايدۇ.) ئاننا! (ھېچكىم جاۋاپ بەرمىگەندىن كېيىن، ئەنسىرەپ يەنە چاقىرىدۇ) ئاننا!

ئاننا: (چۆچۈيدۇ ۋە ئاۋازىڭنى چىقارما، دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ پەس ئاۋاز بىلەن) ھە، مانا مەن. نىمە دەيسەن؟

كېرىستىي: (ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەنسىزلىك بىلەن) ئۆيگە كىرىپ كەتسەڭچۇ، ئاننا! بەك كەچ بولۇپ كەتتى، تۆت قېتىم داڭ ئۇرۇپ بولدى. تۇماننىڭ ئىچىدە تۇرۇۋەرسەڭ سالامەتلىكىڭگە تەسىر يېتىدۇ.

ئاننا: نىمىشقا تەسىر يېتىدىكەن؟ (ئاجايىپ مەمنۇنلۇق بىلەن) مەن تۇمانغا بەكمۇ ئامراق. شۇنداق... (مۇۋاپىق سۆز ئىزلەپ) تۇمان دېگەن شۇنداق قىزىقارلىق، شۇنداق تىنچ بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا مەن ئۆزەمنى خۇددى دۇنيادىن پىنھان تۇرغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

كېرىستىي: (بىزار بولغاندەك پىغانلىنىدۇ) تۇمان دېگەن رەھىمسىز، ھەي!

ئاننا: (كۈلۈپ قويۇپ) يەنىلا دېڭىزنى قاغاۋاتامسەن؟ مەن گەرچە دېڭىزنى تېخى تەلتۆكۈس كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن.

كېرىستىي: (ئۇنىڭغا رەنجىپ قاراپ) شۇنداقمۇ دەيسەن ئاننا. ئەگەر سەن دېڭىزنى كۆرۈۋېرىدىغان بولساڭ ھەرگىز بۇنداق دېمەيدىغان بولسەن (ئۇنىڭ تېرىكىۋاتقىنىنى بايقاپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ) بىراق سېنىڭ بۇ كېمىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىڭغا بەكمۇ خۇشالمەن. سالامەتلىكىڭنىڭ ياخشى بولۇۋاتقانلىقىغا خۇشالمەن. سەن مەن بىلەن مۇشۇنداق يالغۇز ئۆتۈۋېرىشنى خالامسەن، ھە؟

ئاننا: ئەلۋەتتە خالايمەن، مەن بۇ يەردە بۇرۇندىن تارتىپ زادى ئۇچراتمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن. مەسىلەن، مۇشۇ تۇماننى ئېيتايلى، ئۇنىڭغا زادىلا قانمايۋاتىمەن. قۇرۇقلۇقتىكى ھايات بىلەن كېمىدىكى ھاياتنىڭ بۇ قەدەر پەرقلىق ئىكەنلىكىنى پەقەت پەرەز قىلماپتىكەنمەن. ئاھ، ئەگەردە مەن ئەركىشى بولۇپ قالغان بولسام جەزمەن پاراخوتتا ئىشلەيتتىم. راس دەۋاتىمەن. سېنىڭ دېڭىزچى بولۇپ قالغانلىقىڭغا مەن ھەرگىز ئەجەپلەنمەيمەن.

كېرىستىي: (قىزغىن ھىسسىياتتا) مەن دېڭىزچى ئەمەس، ئاننا. بۇ يەرنى ھەقىقىي دېڭىز دېگىلىمۇ بولمايدۇ. سەن پەقەت دېڭىزنىڭ ياخشىلىق تەرىپىنىلا كۆرۈۋاتىسەن. (ئاننانىڭ جاۋاپ قايتۇرمايۋاتقانلىقىغا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ) بۇ تۇمان تاڭ سەھەردە بەربىر يوقاپ كېتىدۇ.

ئاننا: (ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا) مەن بۇ تۇماننى ياخشى كۆرىمەن! مېنىڭچە بولسا مەڭگۈ يوقالمىسۇن! (كېرىستىي خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. تۇرۇپ - تۇرۇپ كۈچ - سالمىغىنى ئۇ

پۈتەمدىن ـ بۇ پۈتمغا يۆتكەيدۇ. ئاننا سۆكۈتتىن كېيىن سۆزىنى ئاستا داۋاملاشتۇرىدۇ) بۇ يەردە تۇرسام خۇددى سۇغا چۆمۈلگەندەك ئۆزەمنى ئىنتايىن يېنىك ۋە راھەت ھېس قىلىمەن.

كېرىسپي: (سەل توختىۋېلىپ) ئەڭ ياخشىسى ئۆيگە كىرىپ كىتاپ كۆرگىن. شۇنداق قىلغاندا ئۇخلىيالايسەن.

ئاننا: ئۇخلۇغۇم يوق. سىرتتا تۇرۇپ بىردەم خىيال سۈرۈۋالاي.

كېرىسپي: (ئىچكىرىگە قاراپ مېڭىپ يەنە توختاپ قالىدۇ) بۈگۈن ئاخشام غەلىتە بولۇپ قاپسەنغۇ، ئاننا؟

ئاننا: (بىردىنلا چېچىلىدۇ) نىمە دىمەكچى سەن؟ بىرەر ئىش چىقارماقچىمۇ ـ يا سەن؟ نەچچە كۈندىن بۇيانغۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭ. ئەمدى ماڭا بۇندىن ئارتۇق ياخشىلىقىڭنىڭ ھاجىتى يوق. سېنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن. بىراق بۇ خىل ياخشىلىقىڭنى كەيپىياتقا ھەرگىزمۇ تەسىر يەتكۈزۈپ قويمىغىن. (كېرىسپىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ زورىغا كۈلۈپ) مەيەگە كېلىپ ئولتۇرغىنا، بىردەم مۇڭدىشايلى. (ئاغامچا ئۇرامىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.)

كېرىسپي: (ئۇھ تارتقىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ) بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ئاننا. بەشىنچى داڭ ئۇرۇشقا ئاز قالدى.

ئاننا: (قىزىقىپ) بەشىنچى داڭ قايسى ۋاقىتتا توغرا كېلىدۇ؟

كېرىسپي: سائەت 10 يېرىمغا.

ئاننا: ھەجەپ قىزىق، دېڭىزچىلىق جەھەتتىكى كەسپى تىللارنى ئازراقمۇ بىلمەيدىكەنمەن. ھىلىقى بىر نەۋرە ئاكىلار كەچكىچە زىرائەت ـ پىرائەت، دەپ سۆزلەيتتى. ئۇ سۆزلەر ماڭا شۇنچىلىك زېرىكىشلىك ئاڭلىناتتى. ئاڭلىغانسىرى چىشىم قېيىشىپ كېتەتتى.

كېرىسپي: ئاننا، ئەمدى سەن يېزىدا تۇرۇشنى خالىماسەن؟

ئاننا: مەن يېزىدىن بىزار بولغانلىقىمنى يۈز قېتىم ئېيتتىمغۇ. (كەسكىن ھالدا) دۇنيادىكى ھەر قانداق يېزا ـ قىشلاقتىن دېڭىزنىڭ بىر تامچە سۈيى ئەۋزەل! راس دەۋاتىمەن، سەنمۇ يېزىنى ياخشى كۆرمەيسەن، چۈنكى سەن مۇشۇ يەرگە تەۋە ئادەم. (قولى بىلەن دېڭىزنى ئىشارەت قىلىدۇ.) بىراق، سەن بۇ خىل كۆمۈر توشۇيدىغان كېمىگە ئەمەس، بەلكى دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كېزىدىغان ھەقىقى پاراخوتلارغا مەنسۇپ ئادەمسەن.

كېرىسپي: (چوڭقۇر قايغۇ بىلەن) مەن ئۇزۇن يىل ماتروس بولۇپ دېڭىز ـ ئوكيانلارنى كەزدىم. بىراق ئاننا، ئۇ ۋاقىتلاردا مەن ئاخماق ئىكەنمەن.

ئاننا: (نەپرەت بىلەن) ھوي، ھەممىسى قۇرۇق گەپ! (بىر ئاز توختاپ ئويلانغان ھالدا) سىزنىڭ ئەركەك ئەۋلادىڭىزنىڭ ھەممىسىلا دېڭىزچى بولغانمۇ؟ سەن بىلىدىغان نەچچە ئەۋلات ئەجداتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا شۇنداقمىدى؟

كېرىسپي: (كەسكىن ھالدا) شۇنداق، ھۇ ئاناڭنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئاخماقلار ئىكەن! بىز-

نىڭ شۇئىتسىيەدىكى ئۆيىمىز دېڭىزنىڭ بويىدا بولغاچقا، ئۇ يەردە دېڭىزدا ئىشلەشـ
تىن باشقا ئىش يوق ئىدى. دادام ھەندى ئوكيانغا قاتنايدىغان پاراخوتتا ئۆلۈپ
كېتىپ جەسەدى دېڭىزغا دەپنە قىلىنغان ئىكەن. بۇ ئىش مېنىڭ ئازراقلا ئېسىمدە
بار. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ئاكاممۇ پاراخوتتا ئىشلىدى. مەنمۇ ھەم شۇنداق قىلدىم.
ئاچام يالغۇز قېلىپ ئازاپ - ئوقۇبەتكە چىدىيالماي ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ
چاغدىمۇ بىز ھەممىمىز دېڭىزدا ئىدۇق، (ئۆزىچە توختاپ قېلىپ) ئىككى ئاكام
بېلىقچىلار كېمىسىدە دېرەكسىز يوقالدى. سېنىڭ ئىككى ئاكاڭمۇ ئەنە شۇنداق
بېلىقچىلار كېمىسىدە سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ يەنە بىر ئاكام پاراخوتتا
ئىشلەپ ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۆيگە يېنىپ كېلىپ ئاغرىپ ئۆلدى. بىزنىڭ
ئائىلىمىزدە دېڭىز ئالۋاستىسىغا يەم بولمىغان بىردىن - بىر ئادەم ئەنە شۇ ئىدى.
(خىتاپ قىلىپ) مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى ئاننا، مەن جەزمەن قۇرۇقلۇققا
قايتىپ كېتىپ كارۋىتىمدا جىم يېتىپ جان ئۈزىمەن!

ئاننا: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى دېڭىزچىلارمىدى؟

كېرىبىي: ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قابىل دېڭىزچىلار ئىدى. (مەغرۇرلۇق بىلەن) ئۇلار بىر - بىرـ
دىن ھوشيار، ئەقىللىق ئادەملەر ئىدى. مەنمۇ ھەم شۇنداق، (بىرئاز ئىككىلىنىپ
ئىزا تارتىپ) شۇڭا مەن ماتروسلارنىڭ باشلىقى بولغان.

ئاننا: ماتروسلارنىڭ باشلىقى؟

كېرىبىي: ئۇ بىر خىل مەنسەپ.

ئاننا: ۋىيەي، ھەجەپ ياخشىغۇ. بۇ خىل مەنسەپكە ئېرىشكەنلەر نىمە قىلىدۇ؟

كېرىبىي: (بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ ئەندىشىگە چۈشىدۇ) ئەڭ
جاپالىق ئىشلارنى قىلىدۇ. ساڭا ئېيتايكى، دېڭىزدا ئىشلەشنىڭ ئۆزى بىر پالاكەتـ
چىلىك! (ئۇنى دېڭىزدىن سەسكەندۈرۈشكە تىرىشىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ) ئائىلىـ
مىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىلا ھاماقەت ئادەملەر، ئۇلار مانا مۇشۇنداق يىرگىنىشلىك
ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ھەدىسە دېڭىزغا چېپىشىدۇ. جاپا تارتىپ ئىشلەپ يانچۇقىغا
تۆت تەڭگە پۇل كىرسىلا مەيخانىدىن چىقمايدۇ. يانچۇقلىرى قۇرۇغدالغاندا يەنە
دېڭىزغا چېپىشقان. ھەتتا ئۆز ئۆيلىرىنىمۇ تاشلىغان. ئاقىلانە ئادەملەر ھەرگىزمۇ
بۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولدى، ھەممىسى دېڭىز ئالۋاستىسىغا يەم
بولۇپ تۈگىدى.

ئاننا: (ھاياجانلىنىپ كۈلىدۇ) بۇ ماڭا ھەجەپمۇ قىزىق تۇيۇلىۋاتىدۇ. (ئالدىراپ) ھەي،
ماڭا قارا، ئايال جەمەتىمىزنىڭ ھەممىسىمۇ دېڭىزچىلارغا ياتلىق بولغانمۇ؟

كېرىبىي: (ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى چۈشەندۈرۈشكە ئالدىرايدۇ) شۇنداق، بىراق ئەرلىرى كەتـ
كەندىن كېيىن ئۇلار ئۆيدە يالغۇز قالاتتى. ئۇزۇن ۋاقىتلار ساقلىسىمۇ ئەرلىرى
بىلەن بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇلارغا ئەلەم بولاتتى. ھەتتا
باللىرى چوڭ - چوڭ بولغىچىمۇ ئەرلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

(ھاياجانلىنىپ) دېڭىزچىغا ياتلىق بولغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئاخىماق! ئەگەر ئاناڭ ھايات بولسىدى، بۇ ھەقتە ساڭا ئوبدانراق سۆزلەپ بەرگەن بولاتتى. (چوڭقۇر غەمگە پاتىدۇ.)

ئاننا: (بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن چۈشەنگەندەك سۆزلەيدۇ) قىزىق گەپ! بۈگۈن مەن خۇددى ئالجىغاندەكلا بولۇپ قالدىمغۇ. ئۆزەمنى بىردىنلا قېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

كېرىبسېي: (سىرلىق قىلىپ) قېرىپ كېتىۋاتقاندەك؟

ئاننا: شۇنداق. مەن گويا ئۇزۇندىن بۇيان مۇشۇ تۇماننىڭ ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. (تىت - تىت بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ) مەقسىدىمنى ساڭا قانداق چۈشەندۈرۈشنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن. تۈرۈپ ئۆزەمنى خۇددى قەيەردىدۇر بىر يەرلەردە ساياھەت قىلىپ ئەمدى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندەك تۇيغۇغا كېلىمەن. يەنە بىر ئويلىسام ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇ يەردە، مۇشۇ پاراخوتتا، مۇشۇ تۇمانلىقتا ياشاۋاتقاندەك سېزىمەن. (كۈلۈپ قويۇپ) ئېھتىمال ساڭىمۇ غەلىتە كۆرۈنۈۋاتقاندىمەن؟

كېرىبسېي: ھەر قانداق بىر ئادەم بۇنداق تۇماننىڭ ئىچىدە ياشاۋەرسە شۇنداق غەيرى تۇيغۇغا كېلىپ، غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ.

ئاننا: (تەرسالىق بىلەن) سەن ئېيتىپ باقە، مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندىمەن؟ ماڭا خۇددى ئۇزۇندىن بېرى يوقىتىپ قويغان نەرسەمنى ئاخىرى ئىزلەپ تېپىۋالغاندەك، ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ بەرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۇ پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز ئىشلاردەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ ھەمدە گويا ھازىرلا مۇنچىغا چۈشۈپ چىققاندەك يېنىك بولۇپ قالدىم. مەن ئۆزەمنى تۇنجى قېتىم بەختلىك سېزىۋاتىمەن، شۇنداق. دەل شۇنداق! مەن بۇ يەردە بۇرۇنقى تۇرغان ھەممە جايدىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن! (كېرىبسېي جىم تۈرۈپ ئاڭلايدۇ. ئاننا ئەجەپلەنگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ) بۇ ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمنى چۇلغاۋاتىدۇ. سەن، بۇنى ھېس قىلمايۋاتامسەن؟

كېرىبسېي: (كۆز ئالدىدىكى پەشكەللىكنى ئالدىن پەرەز قىلغاندەك) سېنى دېڭىزغا باشلاپ كېلىپ تازا ئاخماقلىق قىپتىمەن - دە، ئاننا.

ئاننا: (كېرىبسېينىڭ سۆزى تەسىر قىلىپ) ئۇنداقتا بۈگۈن ئۆزەڭمۇ باشقىچە بولۇپ قاپسەن - دە، خۇددى بىر كېلىشمەسلىككە يولۇققاندەك قورقۇپلا تۇرىسەنغۇ؟

كېرىبسېي: ئۇنى خۇدايىم بىلىدۇ، ئاننا.

ئاننا: (سەل مەسخىرە ئارىلاش تەلەپپۇزدا) ئۇنداقتا پوپلار ئېيتقاندەك كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ قىسمىتى بىلەن بولىدىكەن - دە!

كېرىبسېي (دەس تۇرۇپ قاتتىق نارازىلىق بىلەن) ياق، بۇ ئاللانىڭ قىسمىتى ئەمەس! دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ كاساپىتى! (شۇ چاغدا جىمجىتلىق ئىچىدە بىر ئەركىشىنىڭ بوغۇق ھارغىن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ: «ئايھاي...!» بۇ زەئىپ ئەكس سادا ئاۋاز تۇماننى يېرىپ ئۆتىدۇ. كېرىبسېي چۆچۈپ ۋاقىرىۋېتىدۇ.)

Altun0q

ئاننا: (سەكرەپ تۇرۇپ) نىمە بولدى؟

كېرىمبېي: (ئۆزىگە كېلىپ، ئۇخلايسىز لىنىدۇ) ۋايجان، ھەجەپمۇ چۆچۈپ كەتتىم. بىر دېڭىزچىنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى ئىكەن، ئۇ، تۇماندا يولدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايدۇ. جەزمەن بېلىقچى كېمىسى، بەلكىم ماتوردىن چاتاق چىققان بولۇشى كېرەك. («ئايھاي» دەپ ۋاقىرىغان ئاۋازنىڭ ئەكس ساداسى يېقىنراقتىن سەل - پەل ئاڭلىنىدۇ. كېرىمبېي سول قاناتقا بارىدۇ) ئاۋاز مۇشۇ ياقتىن كېلىۋاتىدۇ. بۇ دېڭىزدىن كەلگەن پاراخوت. (قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ ۋاقىرايدۇ) ئايھاي! نىمە بولدى؟

سىرتقى ئاۋاز: (كېمىنىڭ باش تەرىپىدىن ئاڭلىنىدۇ) بىز يېنىڭلارغا بارغاندا ئاغامچا تاشلىۋېتىڭلار (زەردە بىلەن) نەدە سىلەر؟ ھوي خۇمپەرلەر!

كېرىمبېي: مەن ئۇلارنىڭ پالاق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئۇلار بىزنىڭ كېمىنىڭ باش تەرىپىدىن ئۆتىدىغاندەك قىلىدۇ! (ۋاقىرايدۇ) ھاي! ماۋۇ تەرەپتىن ئۆتۈڭلار.

سىرتقى ئاۋاز: ماقۇل! (كېمىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنى ئاڭلىنىدۇ.)

ئاننا: (جۇدۇنى ئۆرلەپ ئۆزىچە سۆزلەيدۇ) بۇ بىر نىمىلەر نىمىشقىمۇ ئۆز جايىدا جىم تۇرۇشمايدىغاندۇ؟

كېرىمبېي: (ئالدىراپ) مەن باش تەرەپكە باراي. دېڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ قالدى، مەن ھېلىقى ماتروسقا ئاغامچا تاشلاپ بېرەلەيتتىم.

[بىر ئۆرام ئاغامچىنى كۆتىرىپ تېز مېڭىپ كېمىنىڭ باش تەرىپىگە كېتىدۇ. ئاننا كېمىنىڭ ئاياق تەرىپىدىكى بىر بۇلۇڭغا بارىدۇ. ئۇنىڭ يەككە - يېگانە تۇرغۇسى كېلىپ، كېمىنىڭ باش تەرىپىگە ئارقىسىنى قىلىپ تۇمانغا نەزەر سالىدۇ. سىرتتىن يەنە «ئايھاي» دەپ ۋاقىراۋاتقانلىقى ۋە كېرىمبېينىڭ «ماياقتا» دەپ جاۋابەن ۋاقىراۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدۇ. بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ھاياجان بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ. كېرىمبېي ماشىنا بۆلۈمىنىڭ سول تەرىپىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ ھالسىزلانغان بىر ئادەمنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇ يىرىك توقۇلغان كۆك رەختتىن كىيىم كىيگەن ئادەم بولۇپ، بىر قولى بىلەن كېرىمبېينىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىچە مېڭىپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن شۋېتسارىيىلىك قىزغۇچ يۈزلۈك ماتروس يىگىت — جونسۇنمۇ يەنە بىر ھالسىزلانغان ماتروسنى قولتۇقلىغىنىچە مېڭىپ چىقىدۇ، ئاننا بۇرۇلۇپ ئۇلارغا زەڭ قويىدۇ.]

كېرىمبېي: (توختاپ) ئاننا! سەنمۇ ياردەملەشكىن، ماڭ يۈگۈر، سەن ئۆيگە (كېمىدىكى بۆلۈمى) كىرىپ ئازراق ۋېسكى ئېلىپ چىققىن! بۇ ئاغىنىلەر چېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قاپتۇ. ئازراقتىن ۋېسكى ئىچسە ئارام بولىدۇ.

ئاننا: (دەرھال كېلىدۇ) قاراشسام قارىشاي، بىراق بۇ نىمە ئادەملەر؟ نىمە ۋەقە بوپتۇ؟

كېرىمبېي: ھەممىسى ماتروسلار. ئۇلارنىڭ كېمىسىدىن چاتاق چىقىپ كىچىك قولۋاقتا 5 كۈن لەيلەپ يۈرۈپتۇ، ئۇلار ئەسلى 4 كىشى ئىكەن — ھازىر بىرسىنىڭلا ئۆرە تۇرغۇچىلىكى قاپتۇ. بېرى كەل، ئاننا. (ئالدىدا بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلارنى

بۆلمىگە كىرگۈزۈۋېتىپ ئىشىكنى يېپىپ قويىدۇ. ئىشىك قايتا ئېچىلىدۇ. جۇنسۇن يېنىپ چىقىدۇ. كېرىپىي ئىچكىرىدىن ۋاقىرايدۇ) جۇنسۇن، چاققان بېرىپ ئاۋۇ ئىككىسىنى باشلاپ كەل!

جۇنسۇن: خوپ ئەپەندىم. (چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئىشىك يېپىلىدۇ. سول تەرەپتىن بېرگ دەلدەڭشىپ مېڭىپ چىقىدۇ. ئۇ سول قولىدا كېمىنىڭ رىشاتكىسىنى چىڭ تۇتۇپ ئىنتايىن ئاستا ماڭىدۇ. بېرگنىڭ ئۈستى يالىڭاچ بولۇپ، ئاستىغا يىرىك توقۇلغان كۆك رەختتىن شىم كىيگەن. ئۇ ئېگىز بويلۇق، بەستلىك، كېلىشكەن يىگىت. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل قەيسەرلىك، باتۇرلۇق ۋە ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ 30 ياشلار چامىسىدىكى قاتتىق مۇسكۇللۇق ھەم قۇدرەتلىك يىگىت. ئۇنىڭ كۆزى قانغا تولۇپ، بىر خىل ياۋايى تۈس ئالغان. ئۇنىڭ بىلىكىدىكى تۇرۇم - تۇرۇم گۆشلىرى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. كۆپۈپ تۇرغان قول تومۇرلىرى خۇددى كۆك تانىدەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئۇ ئاغامچا دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ بۆلۈم تەرەپكە قاراپ ئولتۇرىدۇ. ھارغىنلىقتىن ئۇنىڭ گەۋدىسى ئېگىلىپ، بېشى ئالدىغا ساڭگىلاپ تۇرىدۇ.]

بېرگ: (ئۈنلۈك توۋلاپ) ئۇرۇڭلار! ھوي ئالۋاستىلار! ئۇرۇڭلار! بېشىنى كۆتىرىپ تۆت ئەتراپقا قارايدۇ) بۇ قانداق كېمىدۇ! ھەي، نىملا بولسۇن خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن خەتەردىن ساق قالدۇق. (شەكلەن ھالدا ئىبادەت قىلىدۇ. جۇنسۇن تۆتىنچى ماتروسنى يۆلىگىنىچە پالۇبىنى بويلاپ رىشاتكا تۈۋىگە كېلىدۇ. ھېلىقى ماتروس ئاللىبىر نىمىلەرنى دەپ سۆزلەيدۇ. بېرگ ئۇنىڭغا مەڭسىتمەستىن قاراپ)

بېرگ: ھوي، بۇندا پۇرۇش، ھارامتاماق! سېنىڭ ئەقلى - ھوشۇڭ نەگە كەتتى؟ (ھېلىقى ئىككىيلەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ بۆلۈمگە كىرىپ كېتىدۇ. ئىشىك يېپىلمايدۇ. بېرگ بارغانچە ھالسىراپ بوشىشىپ كېتىدۇ) مەن بەك بوشىشىپ كېتىۋاتىمەن، مەن پالەچ بولۇپ قالغان ئوخشىمامدىمەن.

ئاننا: (تۆتتىن بىر قىسمىغىچە ۋېسكى قۇيۇلغان بىر دانە رومكىنى كۆتىرىپ بۆلۈمدىن چىقىدۇ. ئۇ ئۆزىگە يېقىنلا يەردە ئولتۇرغان بېرگكە كۆزى چۈشۈپ، چۆچۈپ كېتىدۇ. ئىشىك ئوچۇق بولغاچقا بۆلۈمدىكى چىراق نۇرى ئۇلارنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاننا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ) ھەي، مەڭ، بىر رومكا ئىچىڭ. قارىغاندا سىزگە مۇشۇ كېرەكتەك قىلىدۇ.

بېرگ: (بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ ھەيران بولۇپ) مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىغاندىمەن؟

ئاننا: (كۈلۈمسىرەپ) مەڭ، بۇنى ئىچىۋېتىڭىز، ئاندىن چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىسىز.

بېرگ: قۇرۇپ كەتسۇن ھاراق دېگەن كاساپەت! ھىم، شۇنداقتىمۇ ئىچىۋېتەي. (گۇپپىلا قىلىپ ئىچىۋېتىدۇ) ئۇھ! مەن ئىچەي! ھاراق دېگەن ئاجايىپ نەرسە جۇمۇ! (بېشىنى

كۆتىرىپ، كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ سەبى كۆزلىرىدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ) مېنىڭ چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن دېگىنىم هاراقنى ئەمەس، سىز كۆزۈمگە گويا مېنى ئازاپلاش ئۈچۈنلا دېڭىزدىن چىققان سۇ پەرىسىدەك كۆرۈنۈۋاتىسىز. (قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ بىلىكىنى سىلايدۇ) ئوهوي، سىز ھەجەپمۇ تولغان قىز ئىكەنسىز!

ئاننا: (سوغاققىنا قاراپ قويۇپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىدۇ) ۋالاقلىما.

بېرگ: ئېيتىڭا، مەن هازىر چاتما كېمىدىغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

ئاننا: شۇنداق.

بېرگ: ئۇنداقتا سىزدەك چىرايلىق ئوبدان ئايال بۇ كېمىدە نېمىش قىلىدۇ؟

ئاننا: (سۆرۈن تەلەپپۇزدا) كارىڭ بولمىسۇن. (ئىختىيارسىز قىزىقىسىنىپ ھەي، راستىمنى ئېيتسام سەن قالتىس ئادەم ئىكەنسەن. نەچچە كۈن ئازاپ چېكىپ، ئەمدى بىزە ياخشى بولۇپسەنىڭ، خەق بىلەن ئويناشقىلى تۇردۇڭغۇ؟

بېرگ: (مەغرۇر ۋە خوشاللىق بىلەن) بۇ قانچىلىك گەپ ئىدى؟ مەندەك بىر باتۇر ئەزىمەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنچىلىك گەپ قىلىپ قويغانىنىڭ نېمە كارايىتى بار، (كۈلۈمسىرەپ) بۇ ئادەتتىكىلا ئىشقۇ سۆيۈملۈكۈم! (ئەستايىدىل، لېكىن يەنىلا كۆرەڭلىگەن هالدا سىرلىق قىلىپ) بۇ قېتىملىق سەپىرىمىزدە ئاجايىپ خەتەرگە يولۇقتۇق، داۋىت جونس بىلەن ئىككىمىز دېڭىزدا غەرق بولۇپ كەتكىلى تاسلا قالدۇق دەڭا، ئاناڭنى، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام ياكى مەن ئۆز غەيرەت - جاسارىتىمنى كۆرسەتمىگەن بولسام ئاللىقاچان بېلىقلارغا يەم بولۇپ كەتكەن بولاتتۇق.

ئاننا: (مەسخىرە قىلىپ) بۇ گەپچە سەن ئۆزەڭدىن نەپرەتلىنىدىكەنسەن - دە. شۇنداقمۇ؟ (پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كېتىدۇ) سەن ئەڭ ياخشىسى بۆلۈمگە كىرىپ بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋالغىن.

بېرگ: (دەلدەڭشىپ تەستە ئورنىدىن تۇرىدۇ ۋە كۆكرىكىنى كېرىپ، بېشىنى ئىگىز كۆتىرىپ نارازى بولغان ئاھاڭدا) يېتىپ ئۇخلا؟ مەن دېگەنچۇ، ئاناڭنى، ئىككى كېچە - كۈندۈز كۆز يۇممىدۇم. هازىرمۇ قىلچە ئۇيقۇم كەلگىنى يوق. سەن مېنىمۇ ئاۋۇ ئۈچ نەپەر لامزەللەرگە ئوخشاشمىكىن دەپ قالما، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇپمۇ ئۇلارنى بىر قولۇم بىلەنلا جايلاپ يېرىم جان قىلىپ قويالايمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاردىن چىققىنى بىلەن قارا، مەن تېخى هېچنېمە بولمىدۇم. ئىككى سوتكىدىن بېرى كېمىنى مەنلا ھەيدەپ كەلدىم. ئۇلار بولسا سۇنايلىنىپ يېتىشىپ قىمىرلاپمۇ قويغىنى يوق. (قىلىۋاتقان شۇنچە گەپلىرىنىڭ قارشى تەرەپكە قىلچە تەسىر كۆرسەتمىگىنىگە قاراپ جۇدۇنى ئۆرلەيدۇ) مۇشۇنداق چارچاپ كەتكەن چېغىمدىمۇ، كېمىدىكى ماتروسلارنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئۇرۇپ يىقىتالايمەن!

**ئاننا:** (زىنتىغا تېگىپ) بولدى، سەن قالتىس باتۇر يىگىتكەنسەن ـ دە! (ئۇنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ دەلدەڭشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا سەل ئىچ ئاغرىتىدۇ) سەن مۇشلىشىدىغان پاراڭنى قوي! كېيىمىڭنى راستلىغىنا مەن ئىشەندىم. ئەگەر ئۆيگە كىرسىپ دەم ئېلىشىنى خالىمىساڭ، ئاۋۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىۋال. (بېرگ ھالسىزلىنىپ ئاستا ئولتۇرىدۇ) تولا كۆچىنىپ كەتمە، مادارسىزلىنىپ كېتىپسەن.

**بېرگ:** (تەلۋىلىك بىلەن) ئاناڭنى، كىمنىڭ مادارى قالماپتۇ؟!

**ئاننا:** (تەرىنى تۈرۈپ) بوپتۇ ئەمسە، ئۆز شورۇڭ، ئولتۇرۇۋەر، مېنىڭ نىمە كارىم؟ ئەمما بايىقىدەك قوپاللىق قىلىدىغان بولساڭ، مەن كۆتىرەلمەيمەن. مەن ئۇچراتقان ئەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى خانىملارنىڭ ئالدىدا ساڭا ئوخشاش ياۋايىلىق قىلغان ئەمەس.

**بېرگ:** (يەنە دەلدەڭشىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن) خانىم دەمسىنا! ھاھا! ساڭا جىن چاپلىشىۋالغانمۇ نىمە، مېنى ئۇنداق ئاسان ئاخماق قىلىمەن دىمە. بۇنداق كېمىدە خانىملار نىمە ئىش قىلسۇن؟ (ئاننا كىرىپ كەتمەكچى بولىدۇ. بېرگ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ) مېنىڭ مۇنداقلا پەرەز قىلىشىمچە سەن ھىلىقى ياۋروپالىقنىڭ ئوينىشىسىۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر مەن خاتالاشمىسام شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈۋاتىسەنغۇ دەيمەن؟ (ئاننانىڭ غەزەپلەنگەن قىياپىتىگە قاراپ، دەرھال مۇلايىملىشىپ) بىراق مەن سېنى بىر كۆرۈپلا مۇشۇنداق چىرايلىق بىر ياخشى ئايال ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارىنى بىر تومپاي قېرى ئۈچۈن زايە قىلسا، ئۆتۈپ كەتكەن ئاخماقلىق بولماسمۇ دەپ ئويلىغانتىم. كېمىدىكى شۇنچە نۇرغۇن قاۋۇل، چىرايلىق يىگىتلەر سېنىڭ بىر سۆيۈپ قويۇشۇڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يۈرىگىنى سۇغۇرۇپ بېرىشكە تەييار تۇرۇپتۇ.

**ئاننا:** (مەسخىرە قىلىپ) سەندەك يىگىتلەرمۇ؟ ھە؟

**بېرگ:** (كۈلۈپ) دۇرۇس، دەل كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. قارىشىمچە پەقەت مەنلا ساڭا ئەڭ لايىق ئادەم. (ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇپ قۇچاقلىۋالىدۇ) ئۇھ، گۈزىلىم! ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىغۇ! مېنى بىر سۆيۈپ قويغىن، پەقەت سەن بىرنى سۆيۈپ قويساڭلا مېنىڭ ھاردۇغۇم چىقىدۇ. گۈزىلىم، بىر سۆيۈپ قويغىن! (ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيمەكچى بولىدۇ.)

**ئاننا:** (كۈچەپ يۇلقۇنىدۇ) قويۇپ بەر، خۇمپەر! (بارلىق كۈچى بىلەن ئۇنى ئىتتىرىۋېتىدۇ. بېرگ قاتتىق ھالسىزلانغانلىقتىن قارشىلىق قىلىشقا چامىسى يەتمەي دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشى رىشاتكىغا قاتتىق تېگىدۇ. ھوشسىزلىنىپ بىردەم جىم ياتىدۇ. ئاننا بىر تەرەپتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ، ئارقىدىنلا يۈگۈنۈپ ئولتۇرۇپ بېرگنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ تىزىغا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىگىنى بىلەلمەي ئەنسىزلىنىپ ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالىدۇ.)

بېرگ: (مىدىرلاپ غۇدۇڭشىيدۇ) خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن! (كۆزىنى ئېچىپ ئانناغا قاراپ ھەيران قالىدۇ.)

ئاننا: (بېرگنىڭ بېشىنى تاختايغا قويۇپ چوڭقۇر تىنىدۇ) ھوشۇڭغا كەلدىڭمۇ؟ سېنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن دەپ بەك قورقۇپ كەتتىم.

بېرگ: (گەۋدىسىنى تەسلىكتە كۆتىرىپ ئۆرە بولىدۇ. كىنايىلىك ئاھاڭدا) ئۆلتۈرۈپ قويىدۇممىكىن دەپ قورقتۇم دىدىڭما؟ شۇنداقمۇ؟ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قاتتىق سۆڭەكلىرىمگە كومشۇتۇپ ئۇرۇشۇڭغا توغرا كېلىدۇ. (بىر خىل قايىل بولغان ھېسسىياتتا ئانناغا تىكىلىپ تۇرۇپ) جايىدا! بۇ نازۇك بىلەكلىرىڭ نېمە دېگەن كۈچلۈك! بۇ دۇنيادا تېخى بىرەر ئادەممۇ يېتىر بېرگنى يىقىتالىدىم دەپ ئېيتالىغان ئەمەس، لېكىن ئەمدى سەن بۇ گەپنى ئېيتىشقا ھەقلىق!

ئاننا: (قاتتىق ئۆكۈنۈپ) بۇ ئىشنى ئېسىڭدىن چىقىرىۋەتكىن، مەن ئازاپلىنىۋاتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ (بېرگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ گەپنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلايدۇ) بىراق سېنىڭ ماڭا يولسىزلىق قىلىشىڭغا ھەققىڭ يوق، چۈشەندىڭمۇ؟ مەن دادام بىلەن ساياھەت قىلىش ئۈچۈن بۇ كېمىگە ئولتۇرۇپ كەلگەن. بۇ كېمىنىڭ كاپىتانى مېنىڭ دادام. ئۇقتۇڭمۇ؟

بېرگ: ھېلىقى ياۋروپالىق شۈيتنى دەۋاتامسەن؟

ئاننا: شۇنداق.

بېرگ: (ئاننانى كۈزىتىپ) توغرا. مەن تۇغما ئاخماق بولمىسام بۇنىڭغا ئەقلىم يەتكەن بولاتتى. ھوي، ئەمىسە سېنىڭ گۈزەل چاچلىرىڭ نېمىشقا سېرىق؟ بۇ چاچلىرىڭ باجەيىكى ئالتۇن تاجىڭنىڭ ئۆزىلىغۇ؟

ئاننا: (جىددىي قىياپەتتە) سەن زادى بىر ئاغزىڭ بېسىلمايدىغان نېمە ئىكەنسەنغۇ! قىلغان سۆزلىرىڭ ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراش لازىملىغىنى بىلمەيۋاتامسەن؟ كەچكىچە تېتىقسىز، قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ مېنى بوزەك قىلماقچىمىدىڭ ـ يا؟

بېرگ: (ئۆزىنى تۇتالماي) قۇرۇق گەپ! (ئىنتايىن سەمىمى ھالدا ئانناغا يېقىنلاپ بارىدۇ) راس مەن سېنىڭدىن مىڭ قېتىم ئەپۇ سوراشقا تەييار. ئەگەر خالىساڭ ئالدىڭدا تىزلىناي، باياتىن بۇيانقى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى غەرەزسىز. پەقەت سېنى خاپا قىلىدىغان نىيىتىم يوق. (جۇدۇنى ئۆرلەپ) پورتتىكى ھېلىقى خوتۇنلار قۇرۇپ كەتسۇن! ئاشۇلار مېنى ئاخماق قىلىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان!

ئاننا: (مەسخىرە قىلغان ئاھاڭدا) چۈشەندىم، سەن ئۆزەڭچە، ھەر قانداق ئايالنى ئىندەككە چىقىرالايمەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى چۆگىلەپ كېتەلمەيدۇ، دېمەكچىمۇ؟ شۇنداقمۇ؟

بېرگ: (ئاچچىغى كېلىپ، ھاياجىنىنى باسالماي) مېنى ئازاپلىمىساڭ بولمامدۇ! مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ، چىشىمغا تېگىپ قويىسەن. (ئەستايىدىللىق بىلەن) مېنىڭ ئاياللار توغرىلىق ئېيتقىنىمنىڭ ھەممىسى راس گەپ. (پۇشايمان بىلەن) مەن ھەقىقەتەنمۇ

Altunoq

بەك ھاماقەت ئادەممەن. سىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىپ چېچىلىپ قويۇپتىمەن. سەن بىلمەيسەن، ھاياتىمدا كۆرگەن ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ پورتىتكى بىر خىل ئىنەكلەردىنلا ئىبارەت، خالاس. (ئاننا بۇگەپنى ئاتلاپ ئارقىغا داجىيىدۇ. بىرگ ئۆز سۆزىنى يەنىلا سەمىمىلىك بىلەن داۋاملاشتۇرىدۇ) مەن بىر تەنتەك، قوپال ئادەم. مەن ئۆزەمنى ساڭا ئوخشاش مەرتىۋىلىك گۈزەل قىزلارنىڭ ئايىغىنى سۆيۈشكىمۇ لايىق ئەمەس، دەپ قارايمەن. مەن ساڭا ئوخشاش ئاياللار بىلەن تونۇشۇپ چۈشىنىشمىگەچكە، خاتا ئويلاپ قاپتىمەن. خۇدا ھەققىدە مېنى ئەپۇ قىلغىن. كەل، ئىككىمىز دوس بولايلى! (ھاياجانلىنىپ) سېنىڭ بىلەن دوس بولۇشنى ئۆزەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بەخت ھىساپلايمەن! (ئەيمەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى سۇنىدۇ.)

ئاننا: (ھەيران بولۇپ ئوڭايسىزلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى باسالماستىن ھەم خوشال بولۇپ ھەم ئىككىلىنىش تۈيغۇسى بىلەن ئۇنىڭغا قول بېرىدۇ) بولىدۇ!

بېرگ: (گۈدەكلەرچە شاتلىققا چۆمۈپ) رەخمەت ساڭا! (ھاياجانلىق ئىلكىدە ئانانىڭ قولىنى چىڭ سىقىدۇ.)

ئاننا: ۋايجان!

بېرگ: (دەرھال قولىنى قويۇۋېتىپ ئەپسۇسلىنىپ) ئەپۇ قىلىڭ، خېنىم، مەن بولسام بىر كالاكپاي ھايۋان. (ئۆزىنىڭ ئۈستى - بېشىغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ مەغرۇرلۇق بىلەن) قاراڭا، مەن ھەقىقەتەنمۇ قارا كۈچكە تولغان ئادەم. بەزىدە بۇنى ھەتتا ئۆزەممۇ سەزمەي قالىمەن.

ئاننا: (قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەكلىرىگە كۆز تاشلايدۇ ۋە ئۇنىڭدىن زوقلانغانلىقىنى يوشۇرالمايدۇ) ۋايەي، راسلا بەك قاۋۇلكەنسىز.

بېرگ: (دېدىللىشىپ) راس شۇنداق، يالغان سۆزلەپ نىمە قىلاي؟ بالا ۋاقتىمدا پاراخوت ئۈچىشىغا نەچچە ئون مىڭ تونىنا كۆمۈر تاشلىيالايتتىم. (ئاغامچا تۈگۈنىنىڭ ئۈستىنى كۆرسىتىپ) خېنىم مايەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭا. مەن سىزگە ئۆزەم توغرىلىق سۆزلەپ بېرەي. سىزمۇ ئۆز ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ. بىر سائەتكىچە قالماي بىز خۇددى بىر ئۆيدە چوڭ بولغان قەدىناسلاردەك بوپكېتىمىز. (بىر ئاز ئەيمەنگەن ھالدا ئانانىڭ يېنىدىن تارتىدۇ) خالىسىڭىز مەيەردە ئولتۇرۇڭ.

ئاننا: (چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولۇپ) ماقۇل... (ئولتۇرىدۇ) بىراق مېنىڭ ئەھۋالىم توغرىلىق سۆزلەشمەيلى بولامدۇ؟ سىز ئۆز ئەھۋالىڭىزنى ۋە بۇ قېتىم دېڭىزدا يولۇققان ھادىسىلەر توغرىلىق سۆزلەپ بېرىڭ بولامدۇ؟

بېرگ: (رازىمەنلىك بىلەن) ئەلۋەتتە. ئەلۋەتتە سۆزلەپ بېرىمەن. بىراق ئالدى بىلەن مەن ئۇقۇشقا بەك تەقەززا بولۇپ كېلىۋاتقان بىر ئىشنى سىزدىن سوراشقا رۇخسەت قىلىسىڭىز قانداق خانىم؟

ئاننا: (ئۆزىنى قاچۇرغان ھالدا) ھە، دەڭ، نىمىنى سورىماقچىسىز؟

بېرگ: سىز دادىڭىز بىلەن بۇ قېتىمقى ساياھەتكە چىقىشتىن بۇرۇن نىمە ئىش بىلەن شۇغۇللىناتتىڭىز؟ سىزگە ئوخشاش بىر ياخشى قىز ھەمىشە بۇنداق چاتما كېمىدە يۈرمىسە كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

ئاننا: (قورۇنۇپ) ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق بولمايدۇ. (ئۇنىڭ غەرىزىدىن گۇمانلىنىپ، كەيپىياتىنى سىنىپىلاپ كۆزىتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بايقاپ كۆڭلى تىنجىيدۇ) بولىدۇ، ئېيتىپ بېرەي. مەن ئەسلى ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئىدىم. چۈشەندىڭىزمۇ؟ كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ تەربىيىلەيتتىم.

بېرگ: (قىزىقىپ) ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى؟ شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا، سىز ئاجايىپ ئۆتكۈر ئىكەنسىز ـ دە؟

ئاننا: بەس، ئەمدى بۇ توغرىلىق گەپلەشمەيلى. كېمەڭلارنىڭ قانداق قىلىپ خەتەرگە يولۇققانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ. باياتىن بۇنىڭغا ماقۇل بولغان ئىدىڭىزغۇ؟

بېرگ: (جىددى تۈستە سۆزلەيدۇ) بۇ ئىش شۇنداق بولدى، خېنىم. ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا پاراخودىمىز دېڭىزدا ناھايىتى قاتتىق بوران ـ چاپقۇنغا يولۇقتى. پاراخوتنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ھەدەپ سۇ كىرىشكە باشلىدى. بىز يەنە بورانغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، دەرھال بوستون تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، دېگەندەك ئون كۈننىڭ ئالدىدا، يەنە بىر قېتىم قاتتىق بوراننىڭ ھۇجۇمىغا يولۇقتۇق. بۇ قېتىمقى بوران ئۆتكەن قېتىمقىدىنمۇ دەھشەتلىك چىقتى. پاراخودىمىز ئۇدا تۆت كۈن شىددەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا پىقىراپ يۈردى. دېڭىز دولقۇنى كەينى ـ كەينىدىن پاراخوتنىڭ بىردەم ئالدىدىن، بىردەم كەينىدىن ھەدەپ ئۇرۇۋەردى. ئەنە شۇ ئەڭ مۇشەققەتلىك پەيتلەردە خۇدايىم بىزگە ئامانلىق ئاتا قىلدى. (مەغرۇرانە ھالدا) مەن بولمىغان بولسام، مېنىڭ مۇشۇ كۈچ جاسارىتىم بولمايدىغان بولسا — راس دەۋاتىمەن. ئوتتۇرىدىكى ھېلىقى نىمىلەر ئەسكىلىك قىلاتتى. مەن ئۇلارنى مۇشلاپ ئۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىرى ئىدارە قىلدىم. ئۇلار ھېلىقى تېخنىكلارغا پىسەنت قىلمىغان بىلەن مېنىڭ مۇشتۇمۇمدىن بەك قورقىدۇ. ئۇلار مېنىڭ شاپىلىقىمدىن دېڭىزدىنمۇ بەكرەك قورقىدۇ. (ئەنسىزلىك بىلەن ئانناغا قاراپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ماختىشىنى تاما قىلىدۇ.)

ئاننا: (بېرگنىڭ ساددا ماختانچاقلىقى كۈلكىسىنى قوزغايدۇ ـ يۇ، ئەمما ئۇ كۈلكىسىنى باسىدۇ) سىز بەكمۇ جاپا تارتىپسىز ـ دە؟

بېرگ: (سەگەكلىك بىلەن) ھە، ھەئە! بوشاڭ ئادەملەردىن خېلىسى جىقى تۈگەشتى، مەنلا بەرداشلىق بېرەلىدىم! شۇڭا ھەممىسى مېنىڭ پايدامنى كۆردى، لېكىن ئاخىرىدا يەنە جان بىلەن ئېلىشىدىغان جەڭ باشلاندى. شۇ پاراكەندىچىلىكتە نىمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكى ئېسىمدە يوق. بىز تۆتەيلەن بىر كىچىك قولۋاققا چۈشۈۋالدۇق. شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنى قولۋىقىمىزنى ئىگىزگە كۆتەرگەندە تۆت ئەتراپىمغا شۇنداق قارىۋىدىم، ئادەمنىڭ قورقىسى كەلگۈدەك دەھشەتلىك مەنزىرە كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى.

ئاننا: (چۈشكۈن تەلەپپۇزدا) قالغانلارنىڭ ھەممىسى چۆكۈپ كەتتىمۇ؟

بېرگ: ھەئە، چۆكۈپ ئۆلدى.

ئاننا: (شۈركىنىپ) نىمە دىگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋال ـ ھە!

بېرگ: (ئانناغا بۇرۇلۇپ) ھەي، بۇ بەلكىم قۇرۇقلۇقتىكى ئاخماقلارغا ئېچىنىشلىق تۇيۇلۇشى مۇمكىن، لېكىن بىزگە ئوخشاش دائىم دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەنلەر ئۈچۈن ياخشى ئەھۋال. مەن سىزگە دەپ قويايكى، بۇنداق كەلگەن ئۆلۈم ناھايىتى ئاسان ئۆلۈم!

ئاننا: (بۇ سۆز ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدۇ) راسلا ئاسان ئۆلۈم بوپتۇ. مەنمۇ شۇنداق ھىس قىلىمەن.

بېرگ: سىز دېڭىزنى دىمەكچىمۇ؟ (قىزىقىپ)مېنىڭچە سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىمۇ شۇنداقىراق روھىي ھالەت بولسا كېرەك. سىزنىڭ ئاتىڭىزمۇ پۈتۈن ئۆمرىنى مۇشۇ چاتما كېمىدە ئۆتكۈزگەن بولسا كېرەك. ئەپۇ قىلىڭ ـــ ئۇنىڭ ئەپتىدىن شۇنداق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاننا: ياق ئۇ ئۇزۇن يىل ئوكيانلاردا ماتروسلار باشلىغى بولغان. مېنىڭ ئاتا ـ ئانامنىڭ جەمەتىدىن نەچچە ئەۋلات ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزچى بولۇپ ئۆتكەن. دادامنىڭ ئېيتىشىچە ئائىلىمىزدىكى بارلىق ئاياللارمۇ دېڭىزچىغا تۇرمۇشلۇق بوپتىكەن.

بېرگ: (ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن) شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى خېلى جىگىرى بار ئادەملەر ئىكەن ـ دە. ھەقىقى جىگىرى بار ئاقىلانە يىگىتلەرنى پەقەت دېڭىزدىنلا تېپىش مۇمكىن. پەقەت مۇشۇنداق يىگىتلەرلا چىرايلىق، ۋىجدانلىق قىزلار بىلەن تويى قىلىشقا مۇناسىپ. (يۈرەكلىك ھالدا قوشۇپ قويىدۇ) يەنى مانا سىزگە ئوخشاش قىزلارنى دىمەكچىمەن.

ئاننا: (كۈلۈپ) قاراڭ سىزنى، يەنە جۆيلىگىلى تۇردىڭىزغۇ. (ئۇنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ دەرھال سۆزىنى يۆتكەيدۇ) سىز ئۆزىڭىز توغرىلىق سوزلەپ بېرىمەن دىگەن ئىدىڭىزغۇ. مېنىڭ قارىشىمچە سىز ئېرلاندىيىلىكدەك قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟

بېرگ: (قەتئىيەتلىك بىلەن) شۇنداق. خۇداغا شۈكرى. بىراق مەن ئۆز يۇرتۇمنى كۆرمىگىنىمگە 15 ــ 16 يىل بولۇپ قالدى.

ئاننا: (چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ) دېڭىزچىلار زادىلا ئۆيگە قايتمايدىكەن، راسما؟ داداممۇ شۇنداق دىگەن ئىدى.

بېرگ: ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى تامامەن توغرا. (بىردىنلا ئەپسۇسلىنىپ) دېڭىزدىكى ھايات بەكمۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك بولىدۇ. پەقەت پورتلارغا يېتىپ بارغاندىلا ئاياللارنى ئاندا ـ ساندا كۆرۈپ قالىمىز. بىراق دېڭىزچىلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ئاياللارنى ھەرگىز ئايال دىگىلى بولمايدۇ. سىز گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى نامرات ۋە ئوسال خوتۇنلار. ھەي، خۇدا ئۇلارنى كەچۈرسۇن. ئۇلار پەقەتلا پۇل تېپىشنىڭلا كويىدا بولىدۇ.

ئاننا: (تەتۈر قارىۋالىدۇ. بۇ گەپلەر ئۇنىڭغىمۇ تەسىر قىلىدۇ - دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ) مەن ئىچكىرىگە كىرىپ قاراپ باقسام بولامدىكىن؟

بېرگ: (ئۇنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يېلىنىپ) ئۆتۈنۈپ قالاي، كىرىپ كەتمەڭ. مېنىڭ قىلغان گەپلىرىم، كۆڭلىڭىزگە تەگدىمۇ نېمە؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، ھەرگىز ئېغىر ئالماڭ. سىزدەك بىر قىز بىلەن پاراڭلاشقىنىمغا خوش بولۇپ گېپىمنىمۇ تۈزۈك قىلالمايۋاتىمەن. شۇنداق بولماي مۇمكىنمۇ؟ مەن ئۆيدىن ئايرىلغاندىن بېرى، سىزگە ئوخشاش ھەقىقى مەرتىۋىلىك قىزلار بىلەن پاراڭلىشىشىم تۇنجى قېتىم. بىز ئەمدى دوست بولۇپ قالدۇقمۇ، سىز مېنىڭدىن ھەرگىزمۇ يۈز ئۆرىمەڭ.

ئاننا: (ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ زورىغا كۈلۈپ) مەن سىزدىن پەقەت رەنجىمىدىم، راس.

بېرگ: (تەسىرلىنىپ) خۇداغا شۈكرى!

ئاننا: (تۇساتتىن سۆزنى ئەپقېچىپ) سىز دېڭىزدىكى تۇرمۇشنى بەك جاپالىق دەيدىكەنسىز - يۇ، ئۇنداقتا يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ يەرنى تاشلاپ كەتمەيسىز؟

بېرگ: (ھەيران بولۇپ) قۇرۇقلۇقتا چىقىپ ئىشلىسەڭ بولمامدۇ، دېمەكچىمۇ سىز؟ (ئاننانىڭ بېشىنى لىڭشىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەنسىتمىگەندەك ئىسقىرتىپ قويىدۇ) قۇرۇقلۇقتا چىقىپ كەچكىچە گەندە - ئەخلەتتە، توپا - توزاڭ بىلەن ھەپىلىشىپ تىنماي ئىشلەپ يۈرەيمۇ؟ (كەسكىن ھالدا) مەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەسمەن خانىم!

ئاننا: (كۈلۈپ) سىزنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭىزنى ئاللىبۇرۇن پەرەز قىلغانىمەن.

بېرگ: (تەگەپ) قۇرۇقلۇقتىكى ئىشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېڭىزدىكى ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار، يامان تەرىپىمۇ بار. ئەگەر چوڭ پاراخوتنىڭ ئوت-خانىسىدا ئىشلەشكە توغرا كەلسە، ئۆي تۇتۇشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنداقتا 4 ھەپتىنىڭ ئىچىدە بىر ھەپتە ئۆيدە تۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەردە مېنىڭ پېشانەم ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ سىزگە ئوخشاش مەرتىۋىلىك بىرەر قىز بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن.

ئاننا: (كۈلۈپ نېرى قاچىدۇ ۋە سۈنئىلىك بىلەن) ھەئە، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بۇ نىمشقا مۇمكىن بولمىسۇن؟

بېرگ: (بىردىنلا كۆڭلى سۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ) ئۇنداقتا، سىزگە ئوخشاش بىر ياخشى قىز مېنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىمنى كۆڭلىگە ئالماي، ئۆزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىۋاتقان ھازىرقىدەك ياخشى ھالىتىمنى نەزەرگە ئالارمۇ؟

ئاننا: (ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا خوشاللىنىپ) ھەئە، ئەلۋەتتە.

بېرگ: (ئۆزىنى باسالماي) ئۇ بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلمايدۇ. قەسەم ئىچىمەنكى ئەمدى بۇرۇنقىدەك ھاراق ئىچىپ، ئەخلاقسىزلىق قىلمايمەن. يىققان پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بېرىمەن. پاراخوت قىرغاققا يېتىپ بارغاندىن كېيىنلا مەن كۈندە كەچتە ئۇنىڭ بىلەن ئۆيدە بولۇپ، ئۇنىڭغا قوزىدەك ئىتائەت قىلىمەن.

ئاننا: (تەسىرلىنىپ كېتىدۇ، بۇ خىل ئارىسالدى ھالدىكى تەلەپكە نىسبەتەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەي، زورىغا كۈلۈپ) ئەمىسە، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنىڭ ھەممىسى شۇنداق بىر قىزنى تېپىش ئۈچۈنكەن - دە.

بېرگ: مەن ئۇنى تاپتىم.

ئاننا: (ھودۇقۇۋاتقانلىقىنى يېپىش ئۈچۈن زورلاپ كۈلىدۇ) راسما؟ قاچان تاپتىڭىز؟ تېخى ھازىرلا...

بېرگ: (دادىللىق بىلەن) بۈگۈن ئاخشام. (تەۋەززۇلۇق بىلەن بېشىنى ئېگىدۇ) بىراق ئۇ قىز مېنى يارىتامدۇ قانداق چۈشىنەلمىدىم. (بېشىنى كۆتىرىپ ساددىلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ) مېنىڭ دەۋاتقىنىم سىزغۇ.

ئاننا: (ئۇنىڭ كۆزىگە بىردەم تەلمۈرۈپ قاراپلا قالىدۇ. ئاندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، غەيرى بوغۇق ئاۋازدا كۈلىدۇ) نېمە دەۋاتىسىز؟ ئايىنىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ مېنى مازاق قىلىۋاتامسىز؟ ۋاي خۇدايىمەي! ماقچىمۇ - يا سىز؟ مېنىڭ بىلەن توي قىلىشنى ئويلاۋاتامسىز؟ ۋاي خۇدايىمەي!
بىز تېخى ئەمدىلا تونۇشتۇققۇ...
[كېرىسىي بۆلۈمدىن چىقىدۇ. كېمىنىڭ ئاياق تەرىپىگە تىكىلىپ قارايدۇ. ئاننانىڭ ناتونۇش بىر ماتروس بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، جۇدۇنى ئۆرلەيدۇ.]

بېرگ: (ئاننانىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۇنىڭغا مەقسىدىنى شەرھلەيدۇ) بۇنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ قىسمىتى. مېنىڭ مۇشۇنداق بوران - چاپقۇندا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، سىز تۇرغان يەرگە كېلىپ قېلىشىم ئاللاتائالانىڭ قىسمىتى ئەمەسمۇ، بۇ بىر كارامەت ئەمەسمۇ؟

كېرىسىي: ئاننا! (مۇشتۇملىرىنى تۈككىنىچە، ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىپ غەزەپ بىلەن) ئاننا، بۆلۈمگە كىرىپ كەت، ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئاننا: (ئۇنىڭ زالىملىقىدىن ئەرۋايى ئۇچۇپ) سىز ئۆزىڭىزچە كىمگە گەپ قىلىۋاتىسىز؟ قۇلىڭىزغىمۇ؟

كېرىسىي: (رەنجىپ بوغۇق ئاۋازدا يېلىنىدۇ) سەن دەم ئېلىشىڭ كېرەك ئاننا، كىرىپ بىردەم ئۇخلىۋال. (ئاننا قىمىرلىمايدۇ. بېرگقا قاراپ، قوپاللىق بىلەن) ھەي ماتروس، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ سەن ئاۋۇلاردەك ئاجىزلاپ كەتمەيسەن - ھە، ماڭ، ياتاققا كىر، ئۇلار ساڭا كارۋات بېرىدۇ. (تەھدىت بىلەن) چاققانراق ماڭ، ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئاننا: (ئۆزىنى تۇتالماي) بۇ كىشى بەكمۇ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، قارىڭا ئۆرە تۇرالمايۋاتقىنىنى.

بېرگ: (قەددىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى كېرىدۇ ۋە دېدىللىق بىلەن كۈلۈپ) سەن تېخى ماڭا بۇيرۇق قىلىۋاتامسەن دېۋى خېزمەتچى، كۆزۈڭنى ئېچىپ قارا، مەن كىم؟ ھەرقانچە ئاجىزلاپ كەتسەممۇ سەندەكلەرنى بىر قولۇم بىلەنلا كۆتىرىپ تاشلاپ، ئەبجەشىڭنى

AltunOq

چىقىرىپ، دېڭىزغا تاشلىۋېتەلـەيمەن، ھەتتا ماتروسلىرىڭ بىلەن بىللە قوشۇپ تاشـلىۋېتەلەيمەن! (تۇساتتىنلا توختاپ قالىدۇ) ھە راس، ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن. ھە، سەن بۇياقنىڭ دادىسىغۇ دەيمەن. بۇنداقتا سېنىڭ بىر تال مويىڭغىمۇ تەگمەيـمەن. (تىزلىرى پۈكۈلۈپ، دەلدەڭشىپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. ئاننا ئەنـسىز ۋاقىراپ ئۇنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كېلىدۇ.)

ئاننا: (ئۇنىڭ بىر قولىنى مۈرىسىگە ئېلىپ) ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. ئورۇن يوق بولسا مېنىڭ كارۋىتىمدا ياتارسەن.

بېرگ: (چەكسىز شاتلىققا چۆمـۈپ، سۆيۈنـۈش ئىلكىدە ئىچكىرىگە قاراپ ماڭىدۇ) ئاھ مېھـرى ـ شەپقەتلىك خۇدا! ئاننا، سىز مېنىڭ قولۇمنى بوينىڭىزغا ئالدىڭىز ـ ھە! ئانـنا! سىز بەكمۇ ياخشى ئىكەنسىز! ئاننا! بۇ سىز ئۇچۇن ئەڭ مۇناسىپ ھەم ئاجايىپ يېقىملىق ئىسىم ئىكەن!

ئاننا: (ئېھتىياتلىق بىلەن يۆلەپ) تىنچ! تىنچ!

بېرگ: گەپ قىلما دەمسىز؟ ياق، ياق! مەن قويۇق تۇمان ـ تۇتەك ئىچىدە ياكراۋاتقـان گۇدۇك ساداسىدەك بولۇشقا ۋاقىراپ داۋراڭ سېلىۋېرىمەن. سىز بۇ دۇنيـادا تەڭـداشسىز ئېسىل قىز. بىز يات ئاردا توي قىلىمىز. ئۇندىن باشقا ھېچنىمە بىلەن كارىم يوق!

ئاننا: (ئۇنى يۆلەپ بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئۆتىدۇ) تىنچ! ئەمدى ئۇ گېپىڭىزنى قويۇڭ، بىرىپ ئۇخلاڭ! (ئۇلار كىرىپ كېتىدۇ.)

[كىرىستىي بېرگنىڭ يۇقۇرقى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارغا قاراپ داڭ قېتىپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ.]

كىرىستىي: (بىردىنلا دېڭىز تەرەپكە بۇرۇلۇپ قاراپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتۇمىنى نوچۇيـدۇ) بۇ سەن دەيۈزنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتقان رەزىل ئويۇنغۇ! ھۇ خۇدا ئۇرغۇر ئالۋاستى! (غەزەپ بىلەن نىدا قىلىپ) ئىھ خۇدا! بۇنداق قىلمىغىن، ھېچ بولمىغاندا مەن دەرگاھىڭغا بارغىچە بۇنداق رەزىللىكنى كۆرسەتمىگىن. مەن تىرىك چېغىمدا بۇنداق قىلما! ئىھ خۇدا، ھەرگىز بۇنداق قىلما!

(پەردە يېپىلىدۇ.)

ئاپتور ھەققىدە:

يوگېن كىرستون ئونېلل [1888 — 1953] — ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى زامان ئاتاقلىق دراماتورگى. ھازىرقى زامان ئامېرىكا تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئونېلنىڭ بۇ جەھەتتە قوشقان زور تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

يىلى ئونۇېرسىتېتى «ئەدەبىي پەنلەر دوكتورى» دەپ ئۇنۋان بەرگەن چاغدىكى بېغىشلىـمىسىدا «ئۇ كىلاسسىك سەنئەتكە يارقىن ۋە تەسىرلىك شەكىل كىرگۈزۈپ ئامېرىكىنىڭ ياۋروپا سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم كۆپچىلىكنىڭ ئالاھىدە قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن دراماتورگى بولغانلىقى ئۇچۇن» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 4 نۆۋەت ئامېرىكىنىڭ پۇرتىسى مۇكاپاتىغا ۋە ئامېرىكا سەنئەت پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇ، 1936 - يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندە مۇكاپات بېغىشلىمىسىدا: «ئەنئەنىۋى تىراگېدىيىلەردىكىدەك سېھرى كۈچنى نامايەن قىلغانلىقى، ھەممە تەبىئى ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە قادىر بولغانلىقى ئۇچۇن» دەپ يېزىلغان ئىدى.

ئونېلل 1888 - يىلى نيۇ-يوركتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئارتىستى ۋە تىياتىر ئۆمىكىنىڭ مۇدىرى ئىدى. ئانىسى بولسا پىئانىنو چېلىشقا ئۇستا، ئاقكۆڭۈل خىرىستىيان ئايال ئىدى. ئونېلل كىچىك چېغىدىن باشلاپلا دادىسى بىلەن بىللە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ يۈرۈپ دراما كەسپىدە مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى.

1906 - يىلى ئونىۋېرسىتېتقا ئوقۇشقا كىرىپ، بىر يىلدىن كېيىن بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. كېيىن ئىسپانىيىگە بېرىپ مەدەن كانلىرىدا ئىشلىگەن. ئاتىسىنىڭ تىياتىر ئۆمىكىدە ئارتىستمۇ بولغان. توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرىدىمۇ ئىشلىگەن. گېزىتخانىدا مۇخبىر بولۇپ خەۋەر ۋە شېئىرلارنىمۇ يازغان، ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى ئىنتايىن كەڭرى بولغان. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى ئۈچۈن تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى دېڭىزچىلىق ھاياتى بولۇپ، ئۇ، ئارگېنتىنا، ئەنگلىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، كۆپلىگەن دېڭىزچىلار ۋە ئىشچىلار بىلەن دوست بولغان. 1912 - يىلى ئونېلل ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ساناتورىيىدە يېرىم يىلغا يېقىن يېتىپ قالدى، بۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىر بۇرۇلۇش باسقۇچى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇ، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان تونۇشى ۋە تەسىراتلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۇ ساناتورىيىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن 1913 - يىلى بىر يىل ئىچىدىلا 11 پارچە بىر پەردىلىك دراما، ئىككى پارچە يىرىك دراما ۋە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. لېكىن ئۇنىڭ يېزىپ چىققان بۇ سەھنە ئەسەرلىرى سەھنىلەشتۈرۈش ۋە مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغان.

ئونېللنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ كۆپرەك بىلىم ئېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1914 - يىلدىن 1915- يىلغىچە ئۇنى خارۋ ئونىۋېرسىتېتىگە ئوقۇشقا بەرگەن. ئۇ مەكتەپتىكى ئوقۇش جەريانىدا ئاتاقلىق ئەدىپلەردىن سەھنە ئەسىرى يېزىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن نيۇ-يوركتىكى ئىشچىلار ھەركىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئانارخىستلار، دۇنيا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاكتىپلىرى، نېگىرلار، ئىتالىيىلىكلەر ۋە يېڭى تىياتىر ھەركىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىرى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشقان. ئۇ پولۇۋىستىن تىياتىر ئۆمىكى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان يېڭى يول ئىزلىگۈچى مەسلەكداشلار بىلەن تونۇشقان. بۇ ئۆمەكتىكىلەر ئەنئەنىۋى مۇتەئەسسىپلىككە قارشى تۇرغۇچىلار بولۇپ، پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلمايتتى، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ يېڭى دراممىسىنى يارىتىش يولىدا كۈرەشكۈچىلەر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار دېڭىز بويىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانىدا سەھنە تۈزۈپ، بىرىنچى بولۇپ ئونېللنىڭ «شەرققە يۈرۈش» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى ئوينىدى، بۇ ئونېللغا زور ئىلھام ۋە كۈچ بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، تېخىمۇ تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سەھنە ئەسىرى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. دېمەك بۇ سەنئەت ئۆمىكى ئۇنىڭ دراماچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن زور تۈرتكە بولدى.

ئونېلل ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 40 نەچچە پارچە سەھنە ئەسىرى يازدى. ئۇنىڭ «ئانىنا كېرىستىي» ناملىق دراممىسى پورتىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. دېڭىز ئارقا كۆرۈنۈش

قىلىنغان بۇ ئەسەردە دېڭىز ئىشچىلىرىنىڭ ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن
كېرىبسېي بوۋاي — روھىي جەھەتتە دەرت - ئەلەم دەستىدىن قاتتىق چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغان
دېڭىزچىلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇلار ئۆزلىرى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقىچە دېڭىزدا ھايات كەچۈر-
گەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىمۇ يىل بويى ئائىلىدە يالغۇز قېلىپ مېھرىبان كىشى-
لىرىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ قايغۇ - ئەلەمدىن خالىي بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە بالا - قازا-
نىڭ سەۋەبچىسى «دېڭىز» دەپ تونۇيدۇ. شۇڭا ئۇلار دېڭىزدىن بەكمۇ نەپرەتلىنىپ دېڭىزنى
«قېرى ئالۋاستى» دەپ تىللايدۇ. بۇ ھالەتنى ئەسەردىكى كېرىبسېي بوۋاينىڭ ئوبرازىدىن
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىردىن - بىر قىزى ئاننانىڭ شۇ خىل ئېچىنىشلىق تەقدىرگە
يولۇقماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دېڭىزدىن يىراق تۇققىنىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشىنى ۋە دېخانچىلىق
بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ. كېرىبسېي بوۋاي ئۆزىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى
قۇرۇقلۇقتا ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن جاھالەتلىك دۇنيادا ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن
جانغا ئارام بولغىدەك جاي تېپىلمايدۇ. كېرىبسېينىڭ قىزى ئاننا — ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى
تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغانلىقتىن، ئامالسىز شەھەرگە قېچىپ كېلىدۇ. لېكىن شەھەردىمۇ ئوخ-
شاشلا ھاقارەتلىنىپ، ھاياتلىق يولى تاپالمىغانلىقتىن، ئاخىرى پاھىشە يولىغا كىرىپ قالىدۇ.
ئاننا ئاغرىپ قېلىپ، دادىسىنى ئىزلەپ كەلگەندە دېڭىزچى يىگىت بېرگ بىلەن تونۇشۇپ
ئۇنىڭغا كۆڭلى باغلىنىپ قالىدۇ. لېكىن دادىسى ئۇنىڭ بېرگ بىلەن توي قىلىشىغا زادى قوشۇل-
مايدۇ. ئاننا سۆيگۈنىگە ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ۋە سەسكىنەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى سەممىيلىك
بىلەن ئىقرار قىلىدۇ. بۇ — دادىسى ۋە سۆيگۈنىنىڭ قەلبىدە زور داۋالغۇش پەيدا قىلىدۇ.
شۇ سەۋەپتىن بۇ ئۈچەيلەن قاتتىق ماجرالىشىپ، ئاخىرى يەنە يارىشىپ قالىدۇ ...

كېرىبسېي بوۋاي ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا: «تۇمان، تۇمان، يەنىلا شۇ تۇمان! سەن
ئۆزەڭنىڭ نەگە كېتىۋاتقىنىڭنى بىلمەيسەن. بۇنى پەقەت مۇشۇ ئالۋاستى — دېڭىزلا بىلىدۇ!»
دەيدۇ. دېمەك بۇ بىر جۈملە سۆز دېڭىزچىلارنىڭ ئىجتىمائىي زۇلۇم سىقىقىدا زىندە بولغان
قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئېچىنىشلىق نالىسىدۇر.

ئاپتور دېڭىزچىلارنىڭ بۇ نالە - پەريادى ۋە قايغۇ - ھەسرەتلىرىنىڭ سەۋەبچىسىنى —
تەقدىر دەپ خۇلاسىلايدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى ئىخچام، ئوبرازلارنىڭ روشەن، دىراماتىك
توقۇنۇشى كەسكىن، تىلى لىرىك بولۇپ، ئونېللىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى سەھنە ئەسەر-
لىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئونېللىنىڭ ئىجادىيىتى ئىنتايىن باي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيا دىرامىچىلى-
قىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى. بولۇپمۇ ئىزدىنىشكە ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت
قىلىش روھى كىشىنى ئالاھىدە قايىل قىلىدۇ.

ئونېللىنىڭ «ئاننا كېرىبسېي» ناملىق سەھنە ئەسىرى 1981 - يىلى مەركىزىي تىياتىر
ئىنستىتۇتى ئاكتىيورلۇق فاكۇلتېتىنىڭ شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرى تەرى-
پىدىن سەھنىلەشتۈرۈلۈپ پايتەخت تاماشىبىنلىرى ۋە جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئامېرىكىلىق دوست-
لارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

## 1 ـ سەنئەت تارىخىدىكى مۇنەۋۋەر نامايەندە

قەدىمقى كۆسەننىڭ مۇزىكا ـ ئۇسسۇل، رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تارىخىدا پارلاق ئېستېتىك قىممەت ياراتقان مۇھىم بىر سەنئەت تارىخى كاتېگورىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي ياۋروپالىقلار گرېك مەدەنىيىتى ۋە رىم مەدەنىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تاكى مەدەنىيەت ئويغىنىشى دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە يەنى ئۇلار تېخى خىرىستىيان ئېگىلىزىمى ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان چاغلاردا، خۇددى دوكتور ئالبېرت. رېگېل دېگەندەك «رىم خارابىسى سىياقىدىكى خارابە» گە ئايلىنىپ كەتكەن قەدىمقى كۆسەن شەھەر ـ قەلئەلىرىدە تارىخنىڭ شۇ زامانلاردىكى پەخرى ـ ئىپتىخارى سۈپىتىدە پارلاق كۆسەن سەنئىتى بارلىققا كەلگەن ۋە روناق تاپقان ئىدى.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئومۇمەن مەدەنىيەت تارىخىدا، خۇسۇسەن سەنئەت تارىخىدا گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىدىن كېيىن جاھانشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يەنە بىر گۈللەنگەن مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە كۆسەن مەدەنىيىتى تەتقىق قىلىنماقتا. دەرۋەقە كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى گرېك ـ باكترىيە ئونۋېرسالىزمى بىلەن ھىندى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى ئونۋېرسالىزمى ئاساسىدا ياۋجى خانلىقىنى گەۋدە قىلغان يېڭى بىر مەدەنىيەت تىپىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ۋاھالەنكى، بۇددىزىم ئەپسانىلىرىنى پوستىلاق قىلغان بۇ خىل سەنئەت مۆجىزىسى پەقەت كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى سەمىرىلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تىپىك نامايەندىسىنى گەۋدىلەندۈرەلىگەن ئىدى. كۆسەن بۇددىزىم سەنئىتى كۇشان بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ ئۆلگىلىك نامايەندىسىلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ ئىلھامبەخش مەنبەلىرىنىڭ بىرسى بولغانلىقىمۇ مۇھاكىمىدىن يىراق ئەمەس، ئەلۋەتتە. مانا مۇشۇ ئاساستا قەدىمقى جۇڭگو ۋە يىراق شەرق مەدەنىيىتى تۆپرىكىدا ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخىنىڭ ئەڭ پارلاق گۈلزارلىقىنى ياراتـ

قان ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەتكە ئىگە تاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى روياپقا چىقتى. ئەلۋەتتە، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىچە بولغان بىر مۇھىم تارىخىي باسقۇچتا ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنىڭ تۆتىنچى تىپىگە، ئەرەب خەلىپىلىكلىرى تەسىر دائىرىسىدىكى ۋەزاتەن «ئەرەب مەدەنىيىتى» دەپ ئىستىمال قىلىنىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ۋەكىللىك قىلغان ئىدى.

قەدىمقى كۈسەن سەنئىتى نۇقۇل بۇددىزىم تەسەۋۋۇرلىرى ۋە دىنىي مەزمۇنلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىپادىسى ۋە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولماستىن، بەلكى ئەينى زاماندىكى كۈسەن ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە رىيال ھاياتىنىڭ بىۋاستە ياكى دىنىي ئىللۇزىيىلەر بىلەن يوپۇقدالغان بەدىئىي ئىپادىسىدۇر. ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ۋە بۇ ئېتنىك گەۋدىگە بىرلەشكەن ھەر قايسى قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ كۆپ ئەسىرلىك مەدەنىي ھاياتىنىڭ دىنىي ئىستىقامەتگاھى شەكلىنى ئالغان تاش كېمىر سەنئەت سارىيىدىكى شولىسىدىن ئىبارەت.

قەدىمقى كۈسەن سەنئىتىنى ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۈلگىسى دەرىجىسىگە كۆتەرگەن نەرسە، قەدىمقى سەنئەت سۆيەر كۈسەن خەلقىنىڭ مەھەللىۋى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلغان قەدىمقى گىرېك ئېللىنىزىم سەنئەت ئۇسلۇبى، كوشان مەدەنىيىتىدە نامايەن قىلىنغان ئىران ۋە ھىندى سەنئەت ئۇسلۇبى شۇنىداقلا كۈسەن سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىدا ئۆزىنىڭ ئەكس ساداسىنى ئىپادىلىگەن سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي يۈرۈشىدا مۇجەسسەملەشكەن ئارىلاشمىسى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. روشەنكى، مەھەللىي ۋە مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا تەسىرى بولماي تۇرۇپ جاھان مەدەنىيىتىنىڭ مۇئەييەن شەكىلدىكى تارىخىي تىپىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنى ۋە مەنتىقىسىدۇر.

## 2 - كۈسەن ئۇسلۇب سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي مەنبەلىرى

قەدىمقى كۈسەننىڭ بىناكارلىق ۋە ھۈنەرسار سەنئىتى، ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتى، مۇزىكا - ئۇسسۇل ۋە تىياتىر سەنئىتى بۇددىزىم ۋە كوشان مەدەنىيىتىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ قەدىمقى ئېتنىك تۇرمۇشى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

قەدىمقى «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» بولغان بۇ «غەربىي دىيار» دىكى قەدىمقى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا ئىپتىدائىي سەنئەتنىڭ، بولۇپمۇ مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ماھىرلىرى بولغان. ئۇلار برونزا دەۋرىدىلا تۆتىمىزىم ئىدىيىۋى تىزغىنى كۆتىرىپ چەۋەندازلار مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان.

ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر شۇنى كۆرسەتتىكى، خان تەڭرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى قەدىمىي كۈسەن — (Kushina, Kueichi) شەھەر - قەلئە مەملىكىتى جايلاشقان ئۈش دەريا، قىزىل دەريا، مۇزات دەريا، كاچۇك دەريا، ئۆگەن دەريا ۋە تارىم دەريا ۋادىسىدىكى بىپا-

AltunOq

يان كەڭ زېمىندا يېڭى تاش قورال دەۋرىدىلا «خەننامە» دا تىلغا ئېلىنغان «يەرلىك ئاھالىلار» ياشىغان جاي ئىدى. كۆسەننىڭ ئاساسلىق پايتەختى مۆلچەرلىنىۋاتقان قارا دۆڭ (چوڭ تۆپە) دىن تاش پىچاق، تاش ئوغاق، قوپال ساپال ئىدىشلار، رەڭدار ساپال ئىدىشلار، سۆڭەك بىگىز، سۆڭەك يىڭنە، ئوقيا بېشى، دەندان - سۆڭەك ۋە مىس زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىق يېڭى تاش قورال دەۋرى ۋە تاش بىرونزا ئارىلاش قوراللار دەۋرى يادىكارلىقلىرى تېپىلغان، بۇ خىل ئاسارە - ئەتىقىلەر قەدىمقى كۆسەن بوستانلىقلىرىدىكى باشقا دۆڭ - تۆپىلەر، ساي ۋە تۇرالاردىمۇ كۆپلەپ تېپىلغان.

بىز مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى بىر تۈمەن يىللارنىڭ ئەتراپىدا تەخمىن قىلىنغان ھازىرقى كۇچارنىڭ شىمالىدىكى قۇرۇقتاغ قىيا تاشلىرى بىلەن تەگرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ھەم ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سارچوقا، تانبالتاش جىلغا قىيا تاشلىرىغا سىزىلغان ئەڭ قەدىمقى تۇرمۇش سۈرەتلىرى بىلەن ئۇسسۇللۇق ئوبرازلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، يەرلىك ئاھالىنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ئۇرۇقداشلىق ئائىلىق جامەسىدىلا رەسىم سىزىپ، قونچاق ۋە ئىلاھە ئوبرازلىرى ياسىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەگەر بۇنىڭغا قەشقەر دەريا قاسناق قىيالىرىغا سىزىلغان ئوۋچىلىق ئۇسسۇلى، زاراتساي، سايمالتاش، چىرچىق (تاشكەنت يېنىدا)، سارىمىش تاغ (ناۋايى شەھرىنىڭ شىمالىدا) قىيالىرىغا سىزىلغان ئۇسسۇللۇق ئوبرازلارنى قوشۇپ قارىغىنىمىزدا قەدىمقى «غەربىي دىيار» نىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىلا ناخشا - ئۇسسۇل ئاپىرىدىگاھلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەر بۇنىڭغا يەنە ھون ۋە تۈركى قەبىلىلەرنىڭ مۇقەددەس قارارگاھى ھېساپلانغان ئۆتۈكەن تېغى قىيالىرىغا سىزىلغان ئوۋچىلىق، دىنى مۇراسىم ۋە ئىشقى لىرىك ئۇسسۇللۇق سۈرەتلەرنى قوشۇپ قارىغىنىمىزدا مەسىلە پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىدۇ. ئۆتۈكەن تېغى ئېتىكىدىكى ئۇرات ئايمىقى جىڭگۇنخېلىسەي جىلغىسىغا، دىڭگۇ ناھىيىسى گېخى سالا تاش تېمىغا، ئىلىستەي جىلغىسىغا، گولوبىتلوگەي تاغ قىياسىغا سىزىلغان يالغۇز كىشىلىك، ئەر - ئايال، كوللېكتىپ ۋە ھەتتا يالىڭاچ قىياپەتلىك ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ماھارەت ۋە گۈزەللىكنى ئىپادىلەشنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ پانتومىمىلىك ھالەتلىرىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ ئۇسسۇللۇق قىياپەتلەردىن بىز ئەينى زامان تەبىئەت ئىلاھچىلىقى (ئانىمىزىم) ئامىللىرىنى، كۆپ خۇدالىق ئەپسانىۋى ئېستېتىكىلىق قاراشلارنى بايقايمىز. قەدىمقى «غەربىي دىيار» ئاھالىسى، جۈملىدىن كۆسەنلىكلەر يەر ئىلاھى ئاناختى، سۇ ئىلاھى خۇببىي، جەڭ ۋە غەلىبە ئىلاھى مىررىخ توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلارغا بەنت بولۇشقان. ئۇلار ئوت ئىلاھى «چەلبەك تۇس» نى ئاساس قىلىپ شامان ئېتىقادىغا، كېيىنچە ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادىغا ئۆتكەن.

ئوتقا سېغىنىش يالغۇز ئەڭ ئىپتىدائىي ئورتىزات قارىشىغا ئاساس سېلىپلا قالماستىن، ئۇ يەنە پۈتكۈل ساپال پۇشۇرۇش، بىرونزا ۋە تۆمۈردىن پايدىلىنىش، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى تەشكىللەشتىمۇ رېئال مەسىلە ئىدى. ئوت — تەبىئىي يوسۇندا شامان باخشى ئۇسسۇللىرىنىڭ رېئال ھەم رومانتىك، ھەقىقىي ۋە خىيالىي ئىجادىيەت تېمىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

تۆمۈرنىڭ كەشپ قىلىنىش ھارپىسىدىلا كۆسەن (شەھەر ـ قەلئە) مەملىكىتى شەكىللىنىشكە باشلىغان. كۆسەن شەھەرلىرى — كوچا، يەرنامىلىرى بىلەن ياكى قەلئە تۆپىلىكلىرى نامى بىلەن «ئاق كوچا» دەپ ئاتالغان دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. كۆسەننىڭ نامى مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرىكى ئاشوكا پادىشالىقىدىكى ھىندىستانغا مەلۇم ئىدى. بۇ شەھەر توغرىسىدىكى تۇنجى يازما مەلۇمات ئېلىمىزنىڭ «خەننامە»، «غەربىي دىيار تەزكىرىسى» دە تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان.

ئەگەر ئەپسانىۋى دەۋردىكى سەنئەت يېڭى تاش قورال ۋە بىرونزا (تۇچ) دەۋرىنىڭ قىياپىتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى سەنئەت — تۆمۈر قوراللىرى دەۋرى ۋە ئىپتىدائىي شەھەر ـ قەلئەلەر دەۋرىنىڭ ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ. «رىگۋېدا»، «ئاۋېستا»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئوغۇزنامە»، «تومارىس» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كىشىلىك سېغىنىشىنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ ئىلاھىيەت ئوبرازلىرىنى ئەمەس، بەلكى قەھرىمانلىق ئوبرازلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىۋالغانلىقىنى كۆرسەتتى. «زارىئادىر ۋە ئادادىكا»، «زەرىنا ۋە ستىرىئانگىيە» دىن تاكى «قۇتاتقۇبىلىك»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «خەمسە ناۋايى»، «نىزارى مۇھەببەت» داستانلىرىغىچە ئىزچىللاشقان كىلاسسىك ئەسەرلەر ئىنسانلار تەغدىرىنى ئوبيېكتى قىلغان سەنئەت تېمىسىنىڭ ھەقىقىي ئۈلگىسىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بۇددىزىم — غەربىي دىيار، جۈملىدىن كۆسەن سەنئىتىگە يېڭى تۈس قوشتى. ئوخشاشلا غەربىي دىيار سەنئىتىمۇ بۇددا تەلىماتلىرىغا يېڭى بەدىئىي تۈس قوشۇپ، ئۇنى ئوبرازلاشتۇردى، سۈرەتلەشتۈردى، ئۇسسۇللاشتۇردى، مۇزىكىلاشتۇردى، دىراممىلاشتۇردى، ئومۇمەن سەنئەتلەشتۇردى.

بۇددىزىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ سەنئەت قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىنسانلارنىڭ تەغدىرى توغرىسىدىكى تارىخىي تىماتىكىنى، جۈملىدىن سەنئەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى ئۇتۇقلىرىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەپسانىۋى ساماۋى ئىلاھلار توغرىسىدىكى ئانىمىزىملىق قاراشلارنى تىكلىگىنى يوق. ئەكسىچە بۇددا ـ ساكيامۇنى (سىددخارتخا) ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى ئىنسانىي تەبىئەت، ئىنسانىي گۈزەللىك، ئىنسانىي روھىيەت بويىچە ئىزاھلاندى. بۇددىزىم، قەدىمقى كۆسەن سەنئەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە قەھرىمانلىق دەۋرىدىكى سەنئەتنىڭ پەقەت دىنىي تۈستىكى رىيال داۋامى ئىدى، خالاس.

## بۇددىزىم دەۋرىدىكى قەدىمىي كۆسەن مەدەنىيىتى

بۇددىزىم — مىلادىدىن ئىلگىرىكى 560 — 480 ـ يىللىرى شىمالىي ھىندىستان ساكلىرى تەرىپىدىن مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىجادچىسى كاپىلاۋاستۇ مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى سىددخارتخا بولۇپ، ئۇ «ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى» (ساك يامۇنى) دەپ ئاتالغان، بۇددا دىنى مەيدانغا كېلىپ بىر يېرىم ئەسىردىن كېيىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 356 — 323 ـ يىللىرى) ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغان ۋە قەدىمقى باكترىيە تېرىتورىيىسىدە گىرېك ـ باكترىيە دۆلىتى تەشكىل قىلغان. بۇ چاغلاردا بۇددىزىم تېخى كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولمىغان ئابستراكت مەھەللىۋى تەلىمات ئىدى. ئۇنىڭ سەنئەتلەش-

تۈرۈلىشى ۋە خەلقارا دىنغا ئايلىنىشى، گىرېك - باكترىيە خانلىقىنى غۇلاتقان غەربىي دىيار- لىق ئۇلۇغ ياۋچى - كۇشان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن باشلاندى. ئاشۇكا گەرچە بۇددىزىمنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى دۆلەت دىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا خەلقارا دىنى ئىدىئولوگىيە خاراكتېرىنى ئالمىغان ئىدى. غەربىي خەن دەۋرىنىڭ مەشھۇر دىپلوماتى جاڭ چيەن ئۇلۇغ ياۋچىلار زېمىنىغا بارغان چاغلاردا بۇ يەر تېخى بۇددىزىم تەسىرىگە ئۆتمىگەن بو- لۇپ، «5 يابغۇ» لىق ھالىتىدە تۇرغان ئىدى.

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر بۇددا مۇتەخەسسىسى لۈي ۋېي ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ھىندى بۇددىزىمى- نىڭ مەنبە ۋە تارماقلىرى توغرىسىدا» ناملىق كىتاۋىدا كۆرسەتكەندەك كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ 3 - خانى «چەن تەن» (真檀) لىق كانىشكا (مىلادىنىڭ ئالدىدىكى 58 — 1 - يىللىرى خانلىق سەلتەنىتىدە بولغان) سىياسەت يۈرگۈزگەندە ئۆتكۈزۈلگەن بۇددا قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ياۋچىلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتى بولغان غەربىي دىيارلىقلار ئارقىلىق بۇددىزىم خەلقارا تۈسكە كىرگەن. كۇ- شان خانلىقىدا تۇرۇشلۇق سۇلى (كاشغار) لىق بارىمتاي چەن پەن بۇددىزىمنى قوبۇل قىلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ خان بولغاندىن كېيىن، بۇددىزىمنى يولغا قويدى. خوتەنلىكلەرنىڭ سودا كارۋىنى بىلەن بىللە كەلگەن ۋايروچانا ناملىق كەشمىرلىك راھىپ خوتەن شاھى ۋىجايا سامبا ھاۋانى بۇددىزىمغا قوبۇل قىلدۇرۇپ، سارما ئىبادەتخانىسىنى سالدۇردى. تارىخىي خاتىرىلەردە، ئاشۇكا ۋاقتىدىلا كۆسەن بىلەن ھىندىستان ئارىسىدا بۇددىزىم ئالاقىسى بولغانلى- قى مەلۇم، روشەنكى، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەڭ دەسلەپكى بۇددا دەستۇرلىرىنى تونۇشتۇرغان بۇددا ئالىملىرىدىن بويان بىلەن بوسىرىمىترالار كۆسەنلىك ئىدى.

شۇ نەرسىنى تەكىتلەش ھاجەتكى، گەرچە كۇشان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە بۇددىزىم ئومۇمىيۈزلۈك سەنئەتلەشتۈرۈلگەن ۋە خەلقارالىشىش باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولسى- مۇ، بۇ دەۋرنىڭ قەندىھار بۇددا سەنئىتىنى ئۈلگە قىلغان، ئاجانتا، ماتۇرا ۋە بامىيان قاتار- لىق بۇددا كېمىرلىرى خۇددى ئاتاغلىق فىرانسۇز ئالىمى، ئاكادېمىك رېنې گرۇۋسېت ئۆزى- نىڭ «ھىندى مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە (خەنزۇچە 1965 - يىلقى نەشرى، 59 - بەت) كۆرسەتكىنىدەك پەقەت «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىنىڭ ئالدىنقى ھوجرىسى بولغان» ئىدى، خالاس.

گەرچە ماۋرەئۇننەھرىگە بۇددىزىم كۇشان ئىمپېرىيىسى ۋاقتىدا كىرگەن بولسىمۇ تېرمىز ساھىلىدىكى قارا تۆپە خارابىلىقىدىن باراخشا يېزىغىدىكى سارۋاستوۋادا تەلىماتى پارچىلىرى تېپىلغان بولسىمۇ شۇنىڭدەك فاياز تۆپە بىلەن مەرغىنانىدىكى گىياۋۇرقالا خارابىسىدىن بودساتى- ۋا ھەيكىلى ۋە ئۇنىڭ باش قىسمى تېپىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۇشان سەنئىتىنىڭ ھەقىقىي ئىچ- كى يېتۈك سابىقى خوتەن، تۇرپان، دۇڭخۇاڭ بولۇپمۇ كوشەندە شەكىللەندى. بۇددىزىم سەنئەت سەۋىيىسىدە كۆسەن بىغارلىرىدا (بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا)، چايتىلىرىدا (كېمىر ئۆيلىرىدە)، تە- ۋىرى سەنئىتىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئېستېتىك ئۈلگىسىنى تاپتى.

ئەددىيقى كۆسەن ھىندىيا مەزھىپىنىڭ قارارگاھى ئىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ كاشىنكا ئاچقان ماھايانا مەزھىپى ئاساسىدىكى بۇددا قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرىلا ئاشۇكا ۋە گىرېك - باكترىيە

بۇددا سەنئىتى بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. كۈسەنلىكلەر ئۆز پادىشالىرى بورتا (مىلادىنىڭ 91 - يىلى ئۆلگەن)، بوبا، بوئىن (124 - يىلى ئۆلگەن)، بوسان (280 - يىلى ئۆلگەن)، بوچۈن (ئاقارى پاك، لۈيگۇاڭ تەرىپىدىن 383 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن)، بوچىن بوسۋارنات (719 - يىلى ئۆلگەن)، بوماپ (721 - يىلى ئۆلگەن) ۋە بوساۋ دەۋرلىرىدە گۈللەنگەن بۇددىزىم سەنئىتىنى ياراتتى.

تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، كۈسەن مەملىكىتىنىڭ پايتەختى ئۈچ قەۋەت سېپىل بىلەن قورشالغان بولۇپ، خان ئوردىسى ھەشەمەتلىك ياسالغان، شەھەر ئىچى - سىرتىدا مىڭلىغان بۇددا مۇنارلىرى ئاسمانغا بوي تارتقان ئىدى. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر يالغۇز قارادۆڭ (يانتۆپە، كىنىچە ئىلولۇ) شەھىرى 3 قەۋەت سېپىل بىلەن ئورالغان بولۇپ قالماي، يەنە ئاراماچىن، ياندىقچىن كونا شەھەرلىرىمۇ 3 قەۋەت سېپىل بىلەن ئورالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ شەھەرلەردە، جۈملىدىن بىزەنتۇر، سامساقتۇر، ئۈچتۇر، قۇمتۇر قاتارلىق جايلاردا ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلار، ئىستىقامەت (دايانا) ئورۇنلىرى قەد كۆتىرىپ تۇراتتى.

تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، كۈسەن بۇددىزىم گۈللەنگەن مەزگىللەردە غەربىي قوۋۇق سىرتىدىكى نىلۇپەر بىخارىسى (莲花寺)، قوت تىلەش بىخارىسى (崇福寺)، فاخۇي ئىستىقامەت قىلغان ئالتۇن گۈل بىخارىسى (پادىشا بوسۋارنات نامىغا سېلىنغان 金花寺)، كۇمراجىۋا تۇرغان جام خانلىق يېڭى بىخارىسى (剑幕王新寺)، تام بىخارىسى (达幕寺)، شىمالىي تاغ بىخارىسى (北山寺)، ئۇنسۇ خانلىق بىخارىسى (温宿王寺)، ھال - قىزىل ئىبادەتخانىسى (阿丽蓝)، شوركەنت ئىبادەتخانىسى (输若干蓝)، ئالبو ئىبادەتخانىسى (阿丽跋蓝)، يۇنما ئىبادەتخانىسى (云幕蓝)، چۆل تاغ چوڭ بىخارىسى (雀梨大寺) قاتارلىقلار مەيدانغا كېلىپ كۆپلىگەن راھىپ ۋە پامىر شەرقىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىزلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىكسۇنلار ئوقۇغان. ھازىرقى تەتقىقاتچىلار شۈەنجۇاڭنىڭ «ئۇلۇق تاڭ دەۋرىدىكى غەرپكە ساياھەت خاتىرىلىرى» ناملىق كىتاۋىدا تىلغا ئالغان ۋە راھىپ ئاسوخارا ئىستىقامەت قىلغان جاۋغولى (昭怙厘) بىخارىسىنى داۋئەننىڭ «شۇيجىڭجۇ» (水经注) ناملىق كىتاۋىدا تىلغا ئېلىنغان چۆل تاغ بىخارىسى بىلەن بىر ئىبادەت دەرگاھى سۈپىتىدە قۇمتۇر مىڭ ئۆيلىرى دەپ پەرەز قىلىشماقتا. بۇ بىخار ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ كۆپچىلىكى كۇمراجىۋا زامانىدا ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋردىكى ئۇستازى، كېيىنكى مۇخالىپى بۇتۇشما ئاقارى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان ئىدى.

كۈسەن ھىنايا مەركەزلىرى كۆپلىگەن بۇددا مۇتەپەككۇرلىرى ۋە تەرجىمەشۇناسلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى، بۇ يەردە مىلادىنىڭ 3 - ئەسىرلىرىدە ياشىغان بۇددا ئالىملىرى، شاھزادىلار بويان ۋە بوسرىمىتىرالارنىڭ نامىنى، 3 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى (4 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان بۇددا ئالىمى بۇفاچۇينىڭ نامىنى، كۇمراجىۋانىڭ ئۇستازى ۋە كۈسەن ھىنايا سارۋاستىۋادىسا (一切有部) تەلىماتىنىڭ ئەڭ چوڭ نوپۇزى بوتۇشمانىڭ نامىنى، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر بۇددا ئۇستازلىرىدىن كۇبىرالابدا، ۋاسومىترا، سامگاراكا قاتارلىقلارنىڭ نامىنى، كۇمراجىۋا ۋە ئۇنىڭ قەشقەردىن كېلىپ ئىستىقامەت قىلغان ساۋاقداشلىرىدىن سۇلئى باھادىرا ۋە

داھارىما باھادىرانىڭ نامىنى، پادىشا بوسۋارنات ۋاقتىدا كۆسەندە ئىستىقامەت قىلغان تۇرپانلىق بۇددا ئالىمى فاخۇيېننىڭ نامىنى تىلغا ئېلىش كۇپايە.

بۇددىزىم ئەينى زامان غەربىي دىيار شەھەر - قەلئە مەملىكەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت غورۇرى ھېساپلانغان ۋە يىپەك يولى بويىدىكى ئەڭ چوڭ خەلقارا سودا مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كۆسەننىڭ ئاپىرىدىگاھىدا يېتۈك بەدىئىي بالاغەتكە ئېرىشتى. ۋاھالەنكى، بۇچاغلاردا ھىندىستان بۇددا مەدەنىيىتى چۈشكۈنلەشكەن ۋە كوشان سەنئىتى ئېختىلاتلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىشقا باشلىغان ئىدى.

### 4 - قەدىمقى كۆسەن ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تەسۋىرى ئوبرازى

بىز تارىخىي خاتىرىلەرگە ئەمەس، بەلكى كۆپ ئەسىرلىك تەبىئىي ۋە سۈنئىي خاراپلاشتۇرۇشتىن كېيىن ساقلىنىپ قالغان كۆسەن (كۇچار) تاش كېمىرلىرىدىكى ئۇسۇللۇق سۈرەتلەرگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدىكى قۇملۇق دېڭىزىغا يۈزلىنىپ تۇرغان بۇ قەدىمقى شەھەر - قەلئە دۆلىتى، خۇددى ئىگەي دېڭىزى بويىدىكى قەدىمقى ئافىنا شەھەر خارابىسىدەك كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىدۇ. لېكوك 277 ساندۇقتا، ستەيىن 100 ساندۇقتا قاچىلاپ كەتكەندىن كېيىنكى يەنە ھازىرىنىڭ ئۆزىدىلا 60 — 70 خىلغا يېقىن ئوخشىمىغان ھېكايەتلىك مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان 10 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق ماكاننى ئىگەللىگەن تام سۈرەتلىرى ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى جەھەتتىنلا بىزنى مەھلىيا قىلىپ قالماي، بەلكى سەنئەت تارىخىدىكى تەڭداشسىز ئىجادىيەت تۆھپىسى ۋە ئېستېتىك قىممىتى جەھەتتىنمۇ بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

قەدىمقى كۆسەن ئۇسۇللىرىنىڭ بەدىئىي ئوبرازى تارىخىي تەزكىرىلەردە، بۇددا ئىستىقامەتچىلىرى ۋە ساياھەتچىلىرىنىڭ خاتىرىنامىلىرىدا، ئۇسۇل تاماشىچىلىرىنىڭ شېئىر - نەزمىلىرى ۋاستىلىق تەسۋىرى كۆرۈنۈشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ھازىر ساقلىنىپ قالغان تاش - كېمىر سۈرەتلىرىدە، يەر ئاستىدىن قېزىلىپ چىققان تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زىننەت بۇيۇملىرىدا، جەسەت كۆلى قۇتىلىرىدا ئۆزىنىڭ بىۋاستە تەسۋىرى ئىپادىسىگە ئېرىشكەن ئىدى.

كۆسەن ئۇسۇللىرى، كۆسەن مۇزىكىسى بىلەن بىللە تارىخنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇللىرىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. كۆسەن ئۇسۇللىرى «ئۆلگەن سەنئەت» ئىزنىسى ئەمەس، ئەكسىچە «تىرىك سەنئەت» راۋاجىنىڭ كىلاسسىك، تارىخىي نەمۇنىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

كۆسەننىڭ ئۇسۇللۇق سەنئەت كۆرۈنۈشلىرى شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن كېمىر سەنئەت يادىكارلىقلىرىدا، جۈملىدىن ئالدىنقى چىڭ جەنيۇەن 2 - يىلى (366 - يىلى) دىن تاكى شىمالىي ۋېي تەيخى 1 - يىلى (477 - يىلى) شاۋۋىندى ئىسلاھاتىغىچە ئارىلىقتىكى دۇڭخۇاڭ - مۇگاۋ كېمىر سۈرەتلىرىدە يېتەرلىك ئىپادىلەنگەن. ئىسلاھاتتىن كېيىن بۇ سۈرەتلەردىكى كۆسەنچە ئېتنىك ئامىللار بىلەن ھىنايا مەزھىپىگە خاس سەنئەت ئامىللىرى ئۆزگەرتىلىپ، تەقۋالاشتۇرۇلغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سەركەردىسى خۇچۈيبىڭنىڭ شەنشى ئۆلكىسى شىڭچىڭ نامىيىسىدىكى قەۋرىسىنىڭ يېنىغا قويۇلغان تاشقا قاتشا بۇرۇن، چوڭقۇر كۆز غەربىي دىيار

AltunOq

ئەر ئۇسسۇلچىسى بىلەن زىلۋا گەۋدىلىك، ئۇزۇن كۆينەكلىك ئايال ئۇسسۇلچىنىڭ 4 سازەندىنىڭ تەڭكەشلىكىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۈلگىلىك سۈرىتى ئويۇلغان. خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى فەنشۈي قەۋرىگاھلىقىدىن تېپىلغان سىرلىق ياپىلاق چۆگۈننىڭ يان تەرىپىگە قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن دەريايى تون كىيگەن، بېشىدا بۆكى بار، بېلىنى پوتا بىلەن باغلىغان بەرباپ جەللا، نەي چالغان سازەندىلەر ئوتتۇرىسىدا جوزىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەر ئۇسسۇلچىنىڭ ئۈلگىلىك سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. جېجياڭ ئۆلكىسى رۇيئەن ناھىيىسىدىن تېزۋېلىنغان ئاشلىق قاچىلايدىغان ساپال ئىدىشقا ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرىدەك كىيىنگەن، بىر قولىدا دوپپىسىنى تۇتۇپ قىزىق مىمىكىلىق ھەركەتلەرنى ئىپادىلەۋاتقان ئۇسسۇلچى بىلەن سازەندىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. كۇچاردىن تېپىلىپ، ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان جەسەت كۆلى قۇتىسى قاپقىقى ۋە سىرتىغا قەدىمقى كۆسەن ئۇسسۇللۇق تىياتىرىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان.

كۇچار كېمىر سۈرەتلىرىدە ئۇسسۇللۇق ئوبرازلار كۆپ تەرەپلىمە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئومۇمەن ئۇنى 2 خىلغا بۆلۈش مۇمكىن:

ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى — بۇددا - ساكيامۇنى ھاياتىغا دائىر يارالمىش قىسسىلىرى (جاتاكا) گە قىستۇرۇلغان كۆسەنچە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن ئىبارەت. بۇ ماھىيەتتە كۆسەن ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ دىنىي ئىدىئاللاشتۇرۇلغان بىر خىل ۋارىيانتى بولۇشى مۇمكىن.

بىز قىزىل مىڭ ئۆينىڭ 99 - كېمىردىكى شاھزادىنىڭ (سادداخارتىخا ساكيامۇنى) تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى رەسىمنىڭ شاھزادىنىڭ ئانىسى، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ گۈزىلى مايانىڭ لومبىنى باغچىسىدا بىر كېنىزەكنىڭ دولىسىغا ئېسىلىپ تۇرغان يالىڭاچ ھالەتتە ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. گۈزەل مايا پۈتۈنلەي ئەۋرىشىم ئۇسسۇللۇق قىياپەتتە سىزىلغان. كۆسەن رەسساملىرى نەزىرىدە پەقەت يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەت ئارقىلىقلا مۇقەددەس ساكيامۇنىنىڭ ئانىسىدىكى گۈزەللىكنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىپادىلەش مۇمكىن ئىدى.

76 - كېمىردىكى «ئۈچ ئايال ئالۋاستىنىڭ چۈشى» ناملىق سۈرەتتە، شاھزادە سىددىخارتىخا بۇددىزىم يولىغا قەدەم قويۇپ ئىستىقامەتكە (دايانا) ئولتارغاندا، ساماۋى ئىسلاھدۋارجا 3 گۈزەل قىز شەكلىدىكى 3 ئالۋاستىنى ئەۋەتىپ ئۇنى ئاداشتۇرماقچى بولغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ، كۆسەن رەسساملىرى بۇ 3 گۈزەل قىز قىياپىتىنىمۇ يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەت بىلەن ئىپادىلىگەن.

175 - كېمىردىكى «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىش» ناملىق سۈرەتتە، سىددىخارتىخانىڭ تەركى دۇنياچىلىق يولىغا چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دادىسى سۇددىمۇدانانىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئويۇشتۇرغانلىقى سۈرەتلەنگەن. بۇ كۆرۈنۈشنى كۆسەن رەسساملىرى ئوتتۇرىدا خىيالغا چۆمگەن ۋە تەقۋادار قىياپەتلىك شاھزادىنى چۆرىدىگەن ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق سۈرىتى بىلەن ئىپادىلىگەن.

110 - كېمىردىكى «گوپانىڭ ئۇيقۇغا غەرق بولۇشى» ناملىق سۈرەتتە، سىددىخارتىخانىڭ 29 يېشىدا ياخشى ئات - ھارۋا تەييارلاتقۇزۇپ، بىر كېچىدىلا ئوردىدىن تەركى دۇنياچىلىققا چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا ئايالى گوپانىڭ بىر توپ كېنىزەكلەر بىلەن ئۇيقۇغا غەرق بولغان

ياتاقخانىدىن ئۆتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. كۆسەن رەسساملىرىمۇ بۇ كۆرۈنۈشنى ياتقان ھالەتتىكى يالىڭاچ ئۇسسۇللۇق قىياپەت بىلەن سىزغان ئىدى.

175 - كېمىرگە «ئۇسسۇل ماھىرىنىڭ بىكسۇن بولۇشى» ناملىق سۈرەت سىزىلغان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ناھايىتى گۈزەل، ئەقىللىق، چاققان ئۇسسۇلچى ۋە خۇش ئاۋازلىق بىر ناخشىچى قىز بولۇپ، ئۇ ساكيامۇنىنىڭ تەسىرلەندۈرۈشى ئارقىلىق ئۆز كەسپىدىن ۋاز كېچىپ، بىكسۇن (روپاش) بولغان. كۆسەن رەسساملىرى بۇنى شۇ قىزنىڭ سازەندىلەر تەڭكەشلىكىدە ئۇسسۇل ئوينىۋاتقانلىق كۆرۈنۈشى بىلەن ئوبرازلاشتۇرغان.

يوقۇرقىلاردىن تاشقىرى 163 - كېمىرگە ناخشا - ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا مۇئەككىلى ھېساپلانغان گاندارۋا ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى ئاپسارانىڭ ئۈستىگە نېپىز لىباسلار تاشلىغان ھالەتتىكى يالاڭ ئۇسسۇلچى قىياپەتلىك كۆرۈنۈشى سىزىلغان. كۆسەن رەسساملىرى 47 - 48 ۋە 196 - كېمىرلەردىكى «كۆكتە پەرۋاز قىلىش» ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلىرىنى ئەينى زامان «پىقىراتما ئۇسسۇلى» تۇپرىغى ئاساسىدا ساماۋى تەسەۋۋۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، كۆسەن ئۇسسۇلىنىڭ جەۋلانلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئىپادىلەشنىڭ تىپىك ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئۇ گەرچە نىرۋانا (بۇددىزىملىق غايىۋى مۇھىت) شارائىتىدىكى كۆڭۈل ئازادىلىكلىرىگە سىمۋول قىلىنغان بولسىمۇ ئۇنىڭدا يەنىلا رىيال ئۇسسۇللۇق ھەركەتلەر ئاساس قىلىنغان.

كۇچار كېمىر سۈرەتلىرىدىكى ئۇسسۇللۇق ئوبرازلارنىڭ ئىككىنچى خىلى كۆسەن خەلق ئۇسسۇللىرى ۋە ئوردا ئۇسسۇللىرىدىن ئىبارەت.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان شائىر شى بوخۇا ئۆزىنىڭ «كونا كورلا قەلئەسىدە ئويۇن كۆرۈش» ناملىق شېئىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا بولغان ئەنئەنىۋى ماھارىتىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن ئىدى:

«ئالتە ياشتا ئۇيغۇرلار ئۇسسۇلدا قىلۇر پەرۋاز،
ئۇزۇن ساقال بوۋايلار تەڭكەش قىلۇر دۇمباق - ساز.
ئۇسسۇل ئەۋجى پىقىراپ توختىمايدۇ قۇيۇندەك،
كىم بىلىدۇ تۆكۈلگەن چېچەكلەرمۇ ئەمەس ئاز.»

بىز قىزىل مىڭ ئۆيلىرىدىكى كۆپلىگەن كېمىرلەردىن بولۇپمۇ مۇزىكا - ئۇسسۇل كېمىرى ھېساپلانغان 38 - كېمىر بىلەن 101 - كېمىردىكى مۇزىكا - ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەردىن بۇ «ناخشا - ئۇسسۇل ماھىرلىرى» نىڭ ئۇسسۇللۇق ئوبرازىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇ رەسىملەردىكى چالغۇ قوراللىرى تارىخىي كىتاپلاردا قەيت قىلىنغان كۆسەن چالغۇلىرى بولۇپ، ئۇنى چالغۇچىلارمۇ كۆسەن سازەندىلىرى. ئۇلارنىڭ كىيىنىش - تارىنىش ئەھۋالى كۆسەننىڭ ئەينى زاماندىكى رىيال تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرغان، سەنئەتلەشتۈرگەن.

كۇچار كېمىر سۈرەتلىرى ئىچىدىكى «كۆسەن پادىشاسىنىڭ

بۇدداغا سوغا يوللىشى» (69 - كېمىر) ناملىق سۈرەت ئەينى زاماندىكى كۆسەن ئوردا ھايا-
تىنىڭ يىغىنچاق كۆرۈنۈشى بولۇپ قالماي، ھەتتا 175 - كېمىردىكى «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى
ئېچىش» ناملىق سۈرەت بىلەن، قوغدىغۇچى باتۇر - پالۋانلار، ساۋۇت - دوبۇلغۇق جەڭچىلەر-
مۇ كۆسەن رېئال ھاياتىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، خانلىق ئوردىلىرى ۋە تۇرمۇشنىڭ يادىكارلىقلىرى پۈتۈن-
لەي ۋەيران بولغان قەدىمقى كۆسەندە پەقەت ناش - كېمىر توپىيلى ساقلىنىپ قالغان بۇ بىر
قاتار بۇددا رەسىملىرىدىن ئەينى زامان كۆسەن ھاياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقى گەۋدىسىگە
نەزەر سېلىش ئۈچۈن، ماركسنىڭ روگىغا يازغان خېتىدىكى مۇنۇ جۈملىنىڭ مەنىسىگە يېتىش
مۇھىم: «شۇنى بىلىش لازىمكى، دىندا ھېچقانداق مەزمۇن يوق. ئۇنىڭ ئاساسلانغىنى ئەرش
ئەمەس، بەلكى كىشىلىكتىن ئىبارەت». كۆسەن رەسساملىرى ئاساسلانغان ئادەم قىياپىتى، تۇر-
مۇش پۈرىتى، چالغۇ ۋە ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر ۋە ئوردا ھاياتىنىڭ ھەقىقىي ئەندازىسى مىڭ
يىللار ئىلگىرىكى كاپلۇۋاستۇ ناملىق كىچىككىنە كىنەزلىك بولماي، بەلكى لۇي گۇاڭ تەرىپى-
دىن يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق تۆگە، ئون مىڭدىن ئارتۇق قۇلان بىلەن توشۇپ كېتىلگەندىن كې-
يىنمۇ باياشات ۋە گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتىنى تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان ئاجايىپ سەنئەت
تىلسىمى بولغان كۆسەن ئىدى. بۇنىڭسىز كۆسەن رەسساملىرى بىرەر ئوردا مەنزىرىسىنىمۇ، بىرەر
كىيىم ياكى چاچ شەكلىنىمۇ ياكى بىرەر ئۇسسۇللۇق پانتومىمىنىمۇ سىزىشقا كىرىشەلىشى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. ماركس توغرا ئېيتقان: «مىسىر ئەپسانىلىرى ھەرگىز گىرېك سەنئىتىنى پەيدا
قىلىدىغان تۇپراق ياكى بالىياتقۇ بولالمايدۇ».

كۆسەن رەسساملىرى سىزغۇچىلىك سەنئىتىدە يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ئىدى. ئۇلار بۇددى-
زىم تەركى دۇنياچىلىقىدىكى «يوقلۇق»، «قۇرۇغلۇق» كۆز قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلىدىغان سوپى-
ناتا تەلىماتلىرىغا «بارلىق»، «تولۇقلۇق» ( ) كۆز قاراشلىرى (رۇپا) بىلەن جاۋاپ بەردى.
ئۇلار «سوپىناتادا رۇپانىڭ مەۋجۇتلۇقى» ياكى «سوپىناتانى رۇپا بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇش» يولى-
نى تۇتتى. ۋاھالەنكى، يوقلۇق بىلەن ھېچ نەرسىنى تەسۋىرلەپ بولمايتتى. كۆسەن سەنئەتكار-
لىرى بىلەن كۆسەن رەسساملىرىدىن يالىڭاچ رەسىم سىزىش ۋە مەنىۋى ئىسلىدارلىق بىلەن جىس-
مانى گۈزەللىكنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسلۇبىنى ئۈستىلىق بىلەن ئۆگەندى. بۇنداق يالىڭاچ (node)
رەسىم سىزىش ياكى ھەيكەل قوچاقلارنى ئىشلەش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئېغىسى
بىر قەدەر ساددا ھالەتتە ئىدى. ئەمما گىرېك ھەيكەلتاراشلىقى ۋە رەسساملىقىنىڭ بۇ ماھا-
رىتىنى كۆسەن رەسساملىرى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئەسلىدە كىيىم كىيىندۈرۈپ سىزىلىدىغان
مۇھىتتىكى بىر قاتار رەسىملەرنىمۇ «كىيىمسىز ئىپادىلەش» (naked) دىن ئىبارەت يېڭى ئۇس-
لۇبتا گەۋدىلەندۈردى. «شاھزادىنىڭ تۇغۇلۇشى» (99 - كېمىر)، «شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئې-
چىش» (175 - كېمىر)، «گۆپانىڭ ئۇيقىدا غەرق بولۇشى» (10 - كېمىر) قاتارلىق شۇنداق «كى-
يىمسىز» (يېشىندۈرۈپ) سىزىلغان. بۇنىڭغا «ئاجاتاساترونىڭ ھېكايىتى» ناملىق سۈرەت تىپىك
مىسال بولالايدۇ. كۆسەن رەسساملىرى پادىشا ئاجاتاساترونىڭ ئۆز رەپىقىسى بىلەن تەختتە
ئولتۇرۇپ، ئوردا مەمۇرىنىڭ دوكلادىنى تىڭشاۋاتقانلىقىنى بىر كۆرۈنۈشتە كىيىندۈرۈپ سىزغان

بولسا، ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە يالىڭاچ سىزغان. دېمەك يالىڭاچ ھالەتتە تۇرۇشقا لايىق بولمىغان كۆرۈنۈشلەرنىمۇ يالىڭاچ ھالەتتە سىزىش ئارقىلىق تېخىمۇ يۇقۇرى بەدىئىي قىممەت يارىتىشقا ئىزدەنگەن. بۇنداق سىزىش ئۇسۇلى «كىيىمسىز سىزىش ئۇسۇلى» دېيىلىدۇ. بۇ تەبىئىي يالىڭاچ سىزىش ئۇسۇلىدىن پەرقلىنىدۇ كۆسەنلىكلەر بۇ جەھەتتە گىرېكلاردىن ئىراقلاپ كەتكەن ۋە جاھان يالىڭاچ سۈرەتچىلىكىنىڭ ئالدىغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇلار سەنئەتنىڭ ئەڭ ئالىي پىرىنسىپىنى رېيال ئادەمنىڭ غايىۋى، ئۆلچەملىك گۈزەللىكىنى ئىمكان قەدەر ئۇسۇللۇق قىياپەت شەكلىدە ئىپادىلەش دەپ قارايتتى. ئەگەردە كۆسەننىڭ شىمالىدىكى تەڭرى تاغلىرىدىن سۈزۈك مەر - مەر تاشلىرى چىققان بولسا، ئۇ چاغدا قانچىلىك سېھىرلىك ھەيكەللەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ماتېرىيالى بولۇپ قالغان بولاتتى.

## 5 - قەدىمقى كۆسەن ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ شېئىرى ئوبرازى

كۇچار قىزىل مىڭ ئۆيى 17 - كېمىرىغا، بېشىغا كىچىككىنە بۆك، پۇتىغا ئۆتۈك، ئۇچىسىغا ياقىسىز تون كىيگەن ساقاللىق ئىككى كىشىنىڭ ئۈستىگە لىق يۈك ئارتىلغان تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى قولىدا ئوت كۆتىرىپ، سەپەر خەيرىتى تىلەۋاتقان بىر كىشىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان. قىزىل مىڭ ئۆيىنىڭ 161 -، 188 - كېمىرلىغا كۆسەن سەنئەتچىلىرىنىڭ ئىراق سەپىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەنزىرىلىك سۈرەت سىزىلغان. بۇنىڭدا 20 — 30 تۆگىلىك چوڭ كارۋان، تۆگىلەر شايى - دۇردۇنلار بىلەن يوپۇقدالغان، ئۈستىگە تاختا تەكچە كارۋات بېكىتىلگەن، ھەر بىر تۆگىدە 4 — 5 دىن سازەندە ۋە ئۇسۇلچىلار ئولتۇرغان بولۇپ، سازەندىلەر ساز چېلىۋاتقان ھالدا ئىراققا نەزەر تاشلىغان، بۇ خىل پۇشۇرۇلغان قورچاق شەكلىدىكى تۆگىگە مىنگەن بىر توپ سەنئەتچىلەرنىڭ ئىراققا نەزەر تاشلىغان ھەيكىلى قەۋرىلەرنى قېزىش جەريانىدا تېپىلدى ۋە «ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1958 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا ئىچكى ئۆلكىلەردىن غەربىي دىيار ئۇسۇلچىلىرىنىڭ ئوبرازىغا ئائىت كۆپلىگەن سىزما سۈرەتلەر ۋە پۇشۇرۇلغان قورچاقلار تېپىلدى.

كۆسەن ئۇسۇلچىلىرى بىلەن كۆسەن مۇزىكىسى توغرىسىدا تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن ئەنجىيې يازغان «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ خاتىرىلىرى»، گاۋماۋچىڭ يازغان «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ نەزىم توپلىمى»، سۈي لىڭچىن يازغان «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى»، چىڭ يىاڭ يازغان «مۇزىكا بېغى»، چىڭ گو يازغان «مۇڭ جى خاتىرىلىرى»، چىڭ داچاڭ يازغان «يەن فەنلۇ»، دۇەن چىڭشى يازغان «يۇيياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر» ناملىق كىتابلار بىلەن «سۈي نامە، مۇزىكا تەزكىرىسى»، «كونا تاڭ نامە، مۇزىكا تەزكىرىسى»، «يېڭى تاڭ نامە، مۇزىكا تەزكىرىسى»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» قاتارلىق تارىخنامىلاردا كۆپلەپ مەلۇمات بېرىلگەن. بىز «ئومۇمىي تاڭ نەزمىلىرى» ناملىق 10 توملۇق تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق ئومۇمەن غەربىي دىيار، خۇسۇسەن كۆسەن ئۇسۇللىرىغا ئائىت كۆپلىگەن گۈزەل شېئىرىي جۈملىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرىمىز.

كۆسەن ئۇسۇللىرىنىڭ ئېستېتىك تەسىرىدىن زوقلانغان ئاتاقلىق شائىرلاردىن لىبەي، بەي جۈيىي، يۈەن جېڭ، لىۋ يەنشى، ۋاڭ جيەن، جاڭ خۇ، چىن سىن قاتارلىقلار بۇ ئۇسۇللارغا ئاتاپ بېغىشلىما نەزمىلەر يېزىشقان.

ۋاڭ جيەن ئۆزىنىڭ «لياڭفۇغا ساياھەت» ناملىق شېئىرىدا:

«تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى،
شەھىرى لوياڭدا جىمى ئۆي مەشىق قىلار خۇ سازىنى.»

دەپ يازسا، يۈەن جېڭ «ليەنچاڭ قەسىر نەزمىسى» ناملىق شېئىرىدا:

«تۈن يېرىم تاقتاقچى لياڭ جۇدا قىلار سەيياردىنى،
ئاڭلاپ ئۆتكەچ ئۇ كۆسەنىنىڭ خىلمۇ - خىل ئەنئەنىمىسنى».

دەپ يازدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «فاچۈي» ناملىق شېئىرىدا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ:

«بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئايالللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.»

دەپ يازىدۇ.

كۆسەن ئۇسۇللىرى كۆسەنىنىڭ مۇزىكا، رەسساملىق سەنئىتىگە ئوخشاشلا سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى سەنئىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن، ۋەتەن مەدەنىيىتىگە ھۆسۈن قوشقان ئىدى.

بۇ مەنزىرە يۈەن جېڭنىڭ «پىپا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يېغىنچاقلانغان:

«تىل بىلەن سازەندە ئۇيغۇر قاش - تېشى چالغۇ چېكىپ،
تۈردۇ گەنجۇ ئۇسۇلى بىزنى شۇنچە جەلپ ئېتىپ.
ھەزرىتىم ئىش جىقلىقىدىن ئۆزلىرىگە كايىماي،
تىڭشىماق ئەۋزەل بۇ سازنى ئۇيقۇلۇق تۈندىن كېچىپ.»

ئەينى زامان كۆسەن ئۇسۇللىرىدىن داپ بىلەن ئوينىلىدىغان ئاياللار ئۇسۇللىرىغا ئىچكى ئۆلكىدىكى تاماشىچىلار ئومۇملاشتۇرۇپ «ئۇيغۇرلارنىڭ پىقىرىما ئۇسۇلى» دەپ نام بەرگەن ئىدى. «قامۇسنامە» دە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ ئۇسۇل ئاياللار تەرىپىدىن ھەم يالغۇز كىشىلىك ھەم 3 — 4 كىشىلىك شەكىلدە ئورۇنلانغان بولۇپ، ئۇسۇلچى زەرباپ يەڭلىك قىزىل نىمچا، يېشىل تاۋار تامبال، قىزىل ئۆتۈك كىيىگەن.

بەي جۈيىي ئۆزىنىڭ «پىقىرىما ئۇسۇلچى قىز» ناملىق شېئىرىدا:

«پىقىرىما ئۇسۇلچى قىز، پىقىرىما ئۇسۇلچى قىز،
دىلى تەڭكەش پەيتارىغا، قولى چۈشكەن داپتىنمۇ تېز.
چېچەك چېچىپ ئۇچقان قاردەك پىقىرايدۇ تاپماي تىنىم،
داپ - تارنىڭ ناۋاسىدا كۆتىرىلىپ قولى ئىگىز.»

دەپ يازسا، يۈەن جېڭ شۇ ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

AltunOq

«پىقىرىما ئۇسۇلنىڭ مەنىسىنى بىلمەس كىشى،
سىياقىنى تەسۋىر قىلىپ بېرەلمەيمەن سىزگە بىراق.
ئۆز ئىزىدا بوران بولۇپ پىقىرىغان نىلۇپەرنىڭ،
يالتىرىشى چۆگىلىگەن تەخسە ياكى پانۇس چىراق.
نۇر چاقناتسا ھەسەن - ھۈسەن رەڭگىدىكى بېزەك ئېگىن،
يالت - يۇلت قىلىپ ئۇنچە - مارجان چاچار ئۇچقان يۇلتۇزسىياق.
قۇيۇن بولۇپ كەڭ بوشلۇقتا دولقۇن ياساپ ئويىنار ئۇسۇل،
تەھتى دېڭىز ئۇچقۇنلىرى قوزغىغاندەك دولقۇن شۇ چاغ.»

بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەرلەر ماھارىتى بىلەن ئوينالغان نۇسخىسىنى ئەينى زامان تاماشىبىنلىرى «ئۇيغۇرلارنىڭ تاقلىما ئۇسۇلى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ خىل تاقلىما - سەكرىمە ئۇسۇل ھازىرقى ئۇيغۇر ئەرلەر ئۇسۇللىرىدىكى پوتا باغلاپ، كۆينەكنىڭ پېشىنى قايرىپ، ئۆتۈك ۋە دوپپا كىيىپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، پىقىراپ دەسسەپ، تىزىنى قويۇپ، بىر قولىنى بەلگە تاقاپ، بىر قولىنى باش ئۈستىگە ئالىدىغان ئۇسۇللۇق ھەركەتنىڭ پۈتۈن جەريانى بىلەن ئوخشاش بولغان.

لى رۇيى ئۆزىنىڭ شۇ ناملىق شېئىرىدا بۇ ھالەتنى تولىمۇ روشەن تەسۋىرلىگەن:

«لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناپ ئۇسۇل ئوينىغان،
قاڭشا بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپپاق تاشتېشى سىمان.
يەرگە تېگىپ سۆرۈلۈپ تۇرسا شۇڭدەك پوتىسى،
كاناپ كۆينەك پەشلىرى قايرىلىپتۇ ئىككى يان.
چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆز تىلىدا شىۋىرلاپ،
كۆكرەك سىلاپ، يەڭ شۈمۈرۈپ چۈشتى ئۇسۇلغا شۇ ئان.

... ... ... ... ... ... ... ...

قاش ئۇچۇرۇپ، كۆز ئېتىپ شىرداق كىگىز ئۈستىدە،
مارجان بۆركى يىپىدىن ئاقتى تەرلىرى راۋان.
يالتىرىدى ئۆتۈكى يورۇق چىراق ئالدىدا،
مەس كىشىدەك ئۆزىنى تاشلىغاندا ھەر تامان.
پىقىرىسا تىز قويسا چۈشەر چالغۇ پەدىگە،
بەلگە قويسا قولىنى خۇددى ئايغا ئوخشىغان.»

چوڭ پەدىلەرگە ئوينىلىدىغان نەپىس - لەرزان لىرىك ئۇسۇللاردىن كۆسەنلىك بومانىدا (ماندا ئاقارى) نىڭ مۇزىكىسىغا ئوينالغان «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» ئۇسۇلى بىلەن «رومال ئۇسۇلى» ئاياللار ئۇسۇلى ئىدى. «مۇزىكا ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى» دا يېزىلىشىچە، ئۇسۇلچى قىز ئۈستىگە سېرىق يىپەك كۆينەك كىيىپ، بېلىگە قىزىل يىپەك گۈل چەككەن پوتا

باغلاپ، بېشىغا گۈللۈك تاج قاداپ بۇلبۇل قىياپىتىدە ئۇسسۇلغا چۈشەتتى. بۇ ئۇسسۇل ھەققىدە چاۋ-شەننىڭ «بەزمە - زىياپەتكە كىرىش قائىدىلىرى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق نەزمە قىلىنغان:

«ماكىدۇ ئاي ئاستىدا قەد - قامىتى گۈل نازىنىن،
ئۇچىدۇ ئۇسسۇل چېغى شامال قۇچۇپ نازۇك ئېگىن.
كۆرسە شاھلار مەھلىيا بولماي تۇرالماس ھېچقاچان،
بەك ھوزۇر گۈل ئالدىدا تۇرغان سىياقى ھەممىدىن.»

«رومال ئۇسسۇلى» خۇددى ھازىرقى «نىم پەدە» ئۇسسۇلىدەك دەسلەپتە ئۇسسۇلچى تاماشىچىلارغا ئارقىسىنى قىلىپ ئالدىن ناز بىلەن قىيا بېقىپ، پۇتىدا ئاستا چېكىپ دەسسەپ، يەڭلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈش بىلەن باشلانغان. بەش دەۋر (907 — 960 - يىللار) رەسسامى گۇ خۇڭجۇڭ سىزغان «خەن شىزەينىڭ كەچكى زىياپىتى» دېگەن رەسىمدە ئۇيغۇرچە رومال ئۇسسۇلىنىڭ كۆرۈنۈشى بېرىلگەن. قايناق ساز ۋە تەركىن ئۇسسۇللۇق ھەركەت بىلەن داۋام قىلىدىغان بۇ ئۇسسۇل ھەققىدە بەي جۈيىي مۇنداق يازغان ئىدى:

«تارى، نەي، چاۋاك ئىچىدە شايىسى ئويناپ تۇرار،
تاكى نەغمە پۈتكىچە رومالچى نازۇك تولغىنار.
ئەيلىگەچ رومال كۆيىنىڭ پەدىسى دىللارنى شات،
پەستىكى سانسىز قېرىلار ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرار.»

كوللېكتىپ مەشرەپ ئۇسسۇللىرى ۋە ھەر خىل قىزىقارلىق نىقابلىق ئۇسسۇللار ھەققىدىمۇ تاڭ دەۋرى شائىرلىرى گۈزەل نەزمىلەرنى يېزىشقان، چېن سىن ئۆزىنىڭ «بەشبالىق ناخشىلىرى» ناملىق شېئىرىدا بۇ ئۇسسۇلنىڭ شىنجاڭدىكى مەنزىرىسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئۇچۇرۇپ كۆينەك ئۇسسۇلغا چۈشمىگى گويا پەرى،
قانچە كۆرسەكمۇ يەنە بەرگەي يېڭى ھېس ھەر بىرى.

... ... ... ... ... ...

بۇ جاھان رەققاسلىرى بىلدى ئۇسسۇل ئويناشنىلا،
قامىتى خۇلقى جەھەتتە ئۇڭا يەتمەس ھېچبىرى.»

«شىر ئۇسسۇلى» نىقابلىق ئۇسسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، كۆسەننىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى ئىدى. بەي جۈيىي بىلەن يۈەن جېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» سەرلەۋھەسىدىكى شېئىرلىرىدا شىر قىياپەتلىك نىقابلانغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىرى توغرىسىدا توختالغان.

شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، كۆسەن بۇددا كېمىرلىرىدىكى ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر بىلەن يەر ئاستىدىن چىققان ئاسارە - ئەتىقىلەرگە سىزىلغان ئۇسسۇللۇق كۆرۈنۈشلەر يازما مەنبەلەردە تەسۋىرلەنگەن ئۇسسۇللۇق بايانلار بىلەن بىردەك بولۇپلا قالماي، يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن يېزىلغان كۆسەن ئۇسسۇللىرى ھەققىدىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى بىلەنمۇ

بىردەك بولغان. بىز سۇڭ سۇلالىسى شائىرى چېن لياۋنىڭ «كۆسەن ئۇسسۇللىرى» ناملىق شېئىرى، مىڭ سۇلالىسى شائىرى زىڭ چىننىڭ شېئىرلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى شائىرى شاۋ شۇننىڭ ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسۇللىرى توغرىسىدىكى شېئىرلىرىدىن بۇ ئىزچىللىقنىڭ ساقلانغانلىقىنى، ئۇلار يەنىلا كۆسەن ئۇسۇل - نەغمىلىرىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. روشەنكى، ھازىرقى ئۇيغۇر ئۇسۇللىرى كۆسەن ئۇسۇللىرىنى ئۈرنەك قىلغان غەربىي دىيار ئۇسۇللىرىنىڭ تارىخىي داۋامىدىن ئىبارەت.

## 6 - ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ تەۋەرۈك غەزىنىسى

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلاردىن روشەنكى، قەدىمقى كۆسەن ئۇسۇل سەنئىتى «ۋاقتى ئۇزاق، سەنئىتى مۇنەۋۋەر، قىممىتى يۇقۇرى» كلاسسىك سەنئەت. ئۇنى كلاسسىك سەنئەت قىلىپ تۇرغان نەرسە يالغۇز ئۇنىڭ تارىخىي جەھەتتىكى، ئېتنىك جەھەتتىكى ۋە ئەنئەنە جەھەتتىكى قېدىملىقى ھەم ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى ئەمەس، بۇ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ گۈزەللىكنى بىلىش، سەنئەت يارىتىش تارىخىدا ئالدىنقى مۇنەۋۋەر سەنئەت تىپىدىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئېستېتىك ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈكسەكلىكىدە بۇ ھەقىقەتلەرنى كەشپ قىلغان ۋە ئىپادىلىگەن بىر يۈرۈش سەنئەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، باشقا خەلقلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ يېڭى ئىگىزلىكتىكى مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا ئىلھام بېغىشلىغانلىقىدا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ بىرلىككە كېلىش، ۋارىسلىق قىلىش ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشقان مانا مۇشۇ تۈپ ئېستېتىكىلىق روھ كۆسەن ئۇسۇل سەنئىتىگە كلاسسىكلىق ئامىل بېغىشلىغانلىقىدىن ئىبارەت.

بىز كۆسەن ئۇسۇللىرىدىن ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئادەم قەلبى ۋە خاراكتېر گۈزەللىكىنىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپىنى، ئۇسۇللۇق ھەركەت گۈزەللىكى بىلەن مىمىكىلىق گۈزەللىكىنىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپىنى، ئۇسۇللۇق سەنئەت گۈزەللىكى بىلەن تەبىئەت ۋە تۇرمۇش گۈزەللىكىنىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەنئەتنىڭ چىنلىقىنى ئىمكان قەدەر ئېستېتىك غايە ئاساسىدا، ئېستېتىك غايىدىكى گۈزەللىكنى ئىمكان قەدەر چىنلىقتىكى ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئۆلچەملىك، ئەڭ ئۆلگىلىك نەپىس قىياپەت ۋە ھەركەتلەر ئاساسىدا، مۇنداق نەپىس قىياپەت ۋە ھەركەتلەرنى بولسا، ئىمكان قەدەر ئەركىن ۋە ئازادىلىك ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان.

بىز كۆسەن ئۇسۇللىرىدىكى قىياپەت ۋە ھەركەتلەرنىڭ ھەقىقەتەن ئەركىن - ئازادىلىككە تەلپۈنگەن «قەلب مونولوگى» ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. كۆسەن ئۇسۇللىرىدىكى «ئۇسۇل گۈزەللىكىدە بەدەن گۈزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «بەدەن گۈزەللىكىدە ئەركىن - ئازادىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش» نى ئاساس قىلغان «S» شەكىللىك قىياپەت ۋە بەدەن ھەركىتىنىڭ گۈزەللىكى ئەركىن - ئازادىلىكتىن ئىبارەت كلاسسىك ئۇسۇل گۈزەللىكى مۇشۇ ئىككى ئەنگۈشتەردىن چەتنىگەن ياكى ئۇنى تەۋالىق تەلەپلىرى بويىچە چەكلىگەن «T» شەكىللىك قىياپەت ۋە ھەركەتلەردىن ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

كۆسەن ئۇسۇللىرىدىكى قىياپەت ۋە ھەركەتلەر باي ۋە رەڭگا - رەڭ، ئۇنىڭ قول، پۇت، بېغىش، بارماق، نەزەر، ئىما شەكىللىرى نەپىس، رېتىمدار ۋە كۆپ خىللىقتا ئىگە،

كۆسەن ئۇسۇللىرىنىڭ چاچ شەكىللىرى، گىرىم - پەدەز شەكىللىرىمۇ خىلمۇ - خىل. بىز كۆسەن ئۇسۇللىرىدىن ئىبارەت ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسۇل سەنئىتىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر تارىخى غەزىنىسىنى كۆسەنشۇناسلىق ئىلمى تېمىسى بويىچە، سەنئەتشۇناسلىق كەسپى تېمىسى بويىچە چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغانلا بولساق، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇللىرىنى يىپ - يېڭى تارىخى ۋە ئېستېتىك سەۋىيىگە ئېلىپ چىقىشنىڭ ئۈمىتلىك يولىنى، ۋاستىلىرى ۋە ئامىللىرىنى تاپالايمىز. ۋاھالەنكى، چەتئەللىك شەرقشۇناسلار ۋە سەنئەت تارىخشۇناسلىرىنى شۇنچىلىك زور دەرىجىدە جەلپ قىلغان بۇ تېمىغا ئۇيغۇر ئۇسۇلچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كۆپلىگەن كىشىلەر تېخىچە بىپەرۋالىق قىلىشماقتا. سەنئەت تارىخى مۇنداق نادانلىق ۋە پەرۋاسىزلىقنى جازالايدۇ. چۈنكى بۇ خىل بىپەرۋالىق زاماندىن ئارقىدا قېلىشتىن ئىبارەت.

يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى «كۆسەن ئۇسۇلى» ناملىق يىرىك ئۇسۇللۇق تىياتىرنى تەييارلاپ چىقتى. بۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئۇسۇل سەنئىتىنى قايتا ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئۈمىتلىك مۇقەددىمىسى بولۇپ، قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغان يېڭىلىق يارىتىش خاراكتېرىدىكى جاسارەتلىك خىزمەت.

«كۆسەن ئۇسۇلى» ناملىق بۇ ئۇسۇللۇق تىياتىر ئەينى يىللاردا كۆسەنگە كەلگەن چاڭئەن، رىم، ئىران سودىگەرلىرىنى قىزغىن كۈتىۋالغان كۆسەنلىك مېھماندوست ساھىپخانلارنىڭ ھەر خىل كۆسەن ئۇسۇللىرىنى مېھمانلارغا ئويناپ بېرىشى ۋە بىر قىسىم كۆسەن سەنئەتچىلىرىنىڭ تەكلىپ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە سەپەرگە چىقىشى ئاساسىي سيۇژېت قىلىپ ئىشلەنگەن.

«كۆسەن ئۇسۇلى» ناملىق بۇ ئۇسۇللۇق تىياتىرنىڭ قىممەتلىك يېرى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن تىياتىر تۈزۈلمىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۇسۇللۇق كۆرۈنۈشىدە گەۋدىلەنگەن. تارىخ تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇش خەۋپىگە يولۇققان رەڭگا - رەڭ كۆسەن ئۇسۇللىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش، ئۇنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش — بۇ خىزمەتنىڭ تۈپ قىممىتىدۇر. تىياتىرۋىلىق قۇرۇلما مەسىلىسىگە كەلگەندە بۇ ھازىرقى زامان سەنئەت سەۋىيىسى ۋە ماھارىتى ئۈچۈن قىيىن مەسىلە ئەمەس، ئەلۋەتتە. «كۆسەن ئۇسۇلى» ناملىق بۇ ئۇسۇللۇق تىياتىر ئەگەر بىر پۈتۈن تىياتىر شەكلى بويىچە ئىپادىلەنگەن بولسا ئېھتىمال مۇنچىلىك زور قىممەتكە ئىگە بولالماس ئىدى.

«كۆسەن ئۇسۇلى» ناملىق بۇ ئۇسۇللۇق تىياتىر قەدىمقى كۆسەن ئۇسۇللىرىنى قايتا ھاياتقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ سىناق يولىدىكى بىرىنچى قەدىمى، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن تەرەققىيات ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرەققىيات ئاساسىدىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈش. ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرەققىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇشى لازىم. «كۆسەن ئۇسۇلى» ناملىق بۇ ئۇسۇللۇق تىياتىرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇل گۈللىزارىدا ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسۇللىرى بىلەن كلاسسىك ئۇسۇللارنى بىللە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلىشى مۇقەررەر. ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسۇللىرىمۇ، كۆسەنچە كلاسسىك ئۇسۇللارمۇ ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇل سەنئىتىدىكى بىر بەرگىدە ئېچىلغان ئىككى گۈل، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئۇسلۇپ ۋە پۇرىقىدا پەرقلەر ساقلانغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا بىللە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، ئۆز ئارا ئىجابىي ئامىللارنى قوبۇل قىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي ئۇسۇل سەنئىتىنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە ئورتاق ھەسسە قوشۇشى لازىم.

قەدىمقى كۆسەن مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى غـايەت زور تېما، ئۇنى ئېچىش ئالىملىرىمىز، سەنئەتچىلىرىمىز ئالدىدىكى ئېپتىخارلىق ۋەزىپە.

پايدىلىنىش ئەدەبىياتلىرى:

— بەنگۇ: «خەننامە. غـەربىي دىيار تەزكىرىسى»
— «كېيىنكى خەننامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»
— «ۋېينامە. غـەربىي دىيار تەزكىرىسى»
— «جىن نامە. لۈيگۇاڭ تەزكىرىسى، كۆسەن تەزكىرىسى»
— خۈي جاۋ: «كۇمىراجىۋا تەزكىرىسى»
— «سۈي نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»
— «كونا تاڭ نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»
— «يېڭى تاڭ نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»
— «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»
— فاشيەن: «بۇددا ئېلى خاتىرىسى»
— شۈەنزاڭ: «ئۇلۇق تاڭ دەۋرىدە غەرپكە ساياھەت خاتىرىسى»
— دۇەن ئەنجيې: «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ خاتىرىلىرى»
— سۈي لىگچىن: «ئوقۇتۇش يۇرتى خاتىرىسى»
— گاۋ ماۋچىڭ: «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ نەزمىلەر توپلىمى»
— چىڭ ياڭ: «نەغمە نامە»
— دەۋەن چىڭشى: «يۈيياڭ خاتىرىلىرى»
— چىڭ داچاڭ: «يەن فەنلۇ»
— «تاڭ نـەزمىلىرىنىڭ ئومۇم دىۋانى»
— «تاڭ شائىرلىرى تاللىغان تاڭ نەزمىلىرى»
— «تاڭ نەزمىلىرىدىكى مۇزىكا - ئۇسۇل ماتېرىياللىرى»
— «غەربىي شىنجاڭ ھەققىدە نەرمىلىك بايان»
— شياڭدا: «چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى»
— ياڭ يىنلۇ: «جۇڭگو مۇزىكا تارىخى پىروگىراممىسى»
— رېنىي گرووۋست: «ھىندىستان مەدەنىيىتى»
— يۇجى لىياۋدى: «غەربىي دىياردا بۇددىزىم»
— م. راخمانوۋ: «ئۆزبېكىستاننىڭ تىياتىر تارىخى»
— «كوشەن دەۋرىدىكى ئـوتتۇرا ئاسىيا ماقالىلار توپلاملىرى»
— پوگا چىنكوۋا، رېمپىل: «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت تارىخى ئوچېركى»
— «كۆسەن مۇزىكا - ئۇسۇل ماتېرىياللىرى»
— «دۇڭخۇاڭدىكى رەڭلىك ھەيكەللەر»
— «ئوتتۇرا ئاسياشۇناسلىق ژورنىلى» 1 - سان.
— «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسۇل سەنئىتى»

# قابىل سەنئەتكار، ماھىر ئىجادكار

ئوچېرك

ئابلىز رەھىم



ئىيۇن ئېيىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى. ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرى خۇددى چىنىدەك پاكىزە تازىلانغان ئىدى. ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان ھەر خىل پوسۇندىكى رەڭگا - رەڭ پىكاپلار، چوڭ - كىچىك ئۇلانما ئاپتوۋۇزلار، پۇزۇر ۋە رەتلىك كىيىنگەن، چىرايىدىن شاتلىق جىلۋىسى يېغىپ تۇرغان نەۋقىران قىز - يىگىتلەر، قېرى - ياش ئەر - ئاياللار، كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا ياپ - يېشىل كۆكىرىپ تۇرغان دەل - دەرەخ، قارىغايلار ۋە ھۇپپىدە ئېچىلىپ خۇشپۇراق چېچىپ تۇرغان قىزىل گۈللەر؛ ئاۋات بازارلار، كۆككە تاقاشقان مىللىي شەكىلدىكى ھەيۋەتلىك بىنالار شەھەرگە ئاجايىپ جانلىق، كۆركەم تۈس بەرگەن ئىدى. مەن شەھىرىمىزنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، بىر نەچچە كىتاب سېتىۋېلىش نىيىتى بىلەن كىتابخانا تەرەپكە پىيادە ماڭدىم.

كىتابخانىغا توختاۋسىز كىرىپ - چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. چۈنكى خەلقىمىزنىڭ بولۇپمۇ مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى، چەكسىز تەشنالىقى دېڭىز دولقۇنىدەك تېخىمۇ ئەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. مەن كىتاب تاللاۋېتىپ بىر قانچە يىگىتلەرنىڭ: «بۇ كىتاب ھەقىقەتەن تىياتىر سەنئىتىنى ئۆگىنىشتە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك دەرسلىك بولالايدىكەن.» دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ قالدىم - دە، ئىختىيارسىزلا كۆرۈۋاتقان كىتابنى قويۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇلارنىڭ كۆرۈۋاتقىنى تالانتلىق دىراما ئارتىستى، خۇش ئاۋاز ناخشىچى — ھېيتەم ھۇسەيىن يازغان «تىياتىر ۋە تىياتىر ئارتىستلىقى» دېگەن كىتاب ئىكەن.

مەن سەنئەت ئەھلى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ دەرھال بۇ كىتاپتىن بىرنى ئالدىمدە، ئەيندەك ئۈستەلگە ئېڭىشىپ شۇ يەردىلا، ئۇنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىم.

بىر چاغدا بىرسى تويۇقسىز دولامغا ئۇردى. مەن چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— بولدى قىل ئاداش، قارىسام خېلىدىن بېرى بۇ كىتاپقا بېرىلىپلا كەتتىڭ. سېنى شۇنچە مەھلىيا قىلىۋالغىدەك نىمە كىتاپكەن، — دىدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ ئەدىبىيات - سەنئەتكە ئىشقىۋاز، ئاغىنەم — كازىم ئىدى.

مەن كىتاپنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىنى ۋە مۇندەرىجىسىنى بىرقۇر كۆرۈپ چىقتى.

— پاھ، بۇ قالتىس ئىسىل ئىش بوپتىغۇ! — دىدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا، — بۇ كىتاپ، ياش سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن تازىمۇ مۇھىم پايدىلىنىش ماتىرىيالى بولىدىكەندە.

— شۇنداق، بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ساھەسىدە، تىياتىر سەنئىتى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى ئەسەر. بۇ كىتاپنى مىللى سەنئەتچىلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ ياش تىياتىر ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئۆز تىلىمىزدا يېزىلغان تۇنجى «ئاساسى ساۋات» ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دەرسلىك دىسەك بولىدۇ، — دىدىم.

ھەقىقەتەنمۇ، ھېيتەم ھۇسەيىن 19 باپلىق بۇ كىتاۋىدا، تىياتىر سەنئىتى ۋە ئارتىستلىق ماھارىتىگە دائىر ئاساسى بىلىملەرنى ۋە نەزىرىيىۋى، ئەملى مەسىلىلەرنى رىيال ھەم ئىلمىي ئاساستا ئىخچام، چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ تىل ۋە قىزىقارلىق، جانلىق مىساللار بىلەن شەرھلەپ، رولنى قانداق ئىجرا قىلىش، ئوبرازنى قانداق يارىتىش، سەھنىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى - تاشقى ھەركىتىنى قانداق قىلىپ تەبىئى، ئىشىنەرلىك ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىش كېرەكلىگى قاتارلىق بىر قاتار تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ئىنچىكە يەشكەن ۋە تەپسىلى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن ئىدى.

مانا، يەنە بىر قانچە يىگىت - قىز بۇ كىتاپنى قولدىن - قولغا ئېلىپ، كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ كىتاپنى سېتىۋالغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. كازىم ئىككىمىزمۇ دەرھال تالۇن كەستۇرۇپ، كىتاپ ساتقۇچىنىڭ ئالدىغا باردۇق.

كىتاپخانىدىن قايتىپ چىققاندا مەن كازىمغا، ھېيتەم بىلەن بولغان كەسىپداشلىق ھۆرمىتى ئۈچۈنمىكىن، قانداقتۇ قەلبىمدە يېڭىدىن ئۇرغۇۋاتقان بىر خىل خوشاللىق، ئۇنى تەبرىكلىشىمگە ئالدىرىتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم ۋە:

— كازىم، سەنمۇ ھېيتەمنى تونۇيسەنغۇ، يۈرە، ئىككىمىز بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقايلى، — دىدىم. كازىم بۇ تەكلىۋىمگە دەرھال قوشۇلدى.

ھېيتەمنىڭ ئىشىگىنى چەككىنىمىزدە، يېشى ئاتمىشقا يېقىنلاشقان ئاق يۈزلۈك، خۇشخۇي، مۇلايىم بىر موماي ئىشىكنى ئېچىپ، ناھايىتى قىزغىن ھالدا بىزنى ئۆيىگە باشلىدى. بۇ، ھېيتەمنى چەكسىز ئانىلىق مېھرى بىلەن ئاجايىپ يۈكسەك ئارزۇ - ئۈمىتلەردە تەربىيىلەن ئۆستۈرگەن سۆيۈملۈك ئانا — تۇرسۇنخان ئىدى. بىز تۇرسۇنخان ئانا بىلەن تېچلىق - ئامانلىق سورۇشۇپ، كىرىسلودا ئولتاردۇق. تۇرسۇنخان ئانا دەستۇرخان سېلىۋېتىپ، ھېيتەم ئەر - ئايال ئىككىسـ

نىڭ ھېلىراقتا ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇيۇشتۇرغان چاي زىياپىتىگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بىزنى دەستۇرخانغا تەكلىپ قىلدى.

— تۇرسۇنخان ھەدە، سىلى ھەقىقەتەن بەختلىك ئانىكەنلا جۇمۇ. سىلىنى، ھېيتەمنىڭ بۇ كىتاۋىنىڭ نەشردىن چىققانلىقى بىلەن تەبرىكلەيمىز دېدىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ.

— ھېيتەمدەك تالانتلىق بىر سەنئەتكارنى تەربىيلەپ ئۆستۈرگەنلىكلىرى، كاتتا خوشاللىق دىسىلە، — دېدى كازىممۇ ماڭا ئەگىشىپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

تۇرسۇنخان ئانا يېقىندىلا غۇلجىدىن كەلگەن بولۇپ، ئوغلىنىڭ يازغان بۇ كىتاۋىدىن تېخى بىخەۋەر ئىدى. ئۇ بىزنىڭ قىزغىن تەبرىك سۆزىمىزنى ئاڭلاپ، ئوغلىنىڭ كىتاۋىنى قولىغا ئېلىپ، چەكسىز شاتلىق ئىچىدە ئۇنى سىلاشقا باشلىدى. قەلبىدە تىنىمسىز دېڭىز دولقۇنىدەك ئۇرغۇپ تۇرغان خوشاللىقتىن، ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدە ياش ئەگىيتتى. شۇ تاپتا بۇ كۆيۈمچان، بەختلىك ئانىنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېيتەمنىڭ بالىلىق كارتىنىلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

ھېيتەم ھۇسەيىن 1944 - يىلى سىنتەبىردە قورغاس ناھىيىسىنىڭ لوسىكۆن كەنتىدە ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۈچ - تۆت ياشلارغا كەلگەندە ئائىلىسى غۇلجا شەھرىنىڭ يېنىدىكى بايانداي يېزىسىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئاشۇ يەردە ئۆتتى. گۈزەل ئىلى دەرياسى بويىغا جايلاشقان، سۇيى مول، يېرى مۇنبەت، تەبىئى شارائىتى ئېسىل بايانداي، ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر تارىخي قەھرىمانى، ئاتاغلىق قوشاقچى سادىر پالۋان زوراۋانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، ھەر قايسى يۇرتلاردىن جان بېقىشقا كېلىپ، كۆمۈر كانلىرىدا ئات - ئۇلاق ئورنىدا ئىشلەۋاتقان نەچچە مىڭلىغان مۇساپىرلار توپلاشقان، ئۈچ ۋىلايەت جەڭچىلىرى ئازاتلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن جەڭ قىلىشقان، خەلق غەزەللىرى، ئەلنەغمىلىرى ۋە خەلق قوشاقلىرى ناھايىتى كەڭرى تارقالغان بىر قەدىمى جاي ئىدى.

ھېيتەمنىڭ دادىسى ھۇسەيىن ئاكىمۇ مانا بۇ جايدا، يازدا شائىيۇلارنىڭ ئېتىزلىقىدا قىزىق ئاپتاپتا كۆيۈپ ئىشلەپ، ئوما ئورىسا، قىشلىقى كۆمۈر كانلىرىدا ئىشلەيدىغان ئىشچان، ئاقكۆڭۈل، غەيرەتلىك، خۇشئاۋاز، قوشاقچى ۋە غەزەلچى ئادەم ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىككىنە ھېيتەمنىڭ سەبى كۆڭلىدە ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان تۇنجى ئىشتىياقنى قوزغىدى. شەمشات قەددىنى يادەك پۈكۈپ، ماڭلىيىدىن تەر، كۆزىدىن قان - ياش تۆكۈپ كېچە - كۈندۈز خامانلاردا ئىشلەۋاتقان دېخانلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلار ئۇرغۇپ تۇرغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى، تىنجىق، قارا يەر تېگىدە نەپەسلىرى قىسىلىپ، قارا تەرگە چۆمۈپ، بەللىرى دۈمچىيىپ ئىشلەۋاتقان كان ئىشچىلىرىنىڭ قەلبىدىن قايناپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك غەزەل قوشاقلىرى ئۇنىڭ نازۇك يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ ئۆتەتتى ۋە قەلبىگە تامغا باسقاندەك ئورناپ باراتتى. ئۇنىڭ بەش - ئالتە ياش ۋاقتىدىكى ناخشىلارنى ئاجايىپ مۇڭلۇق ئېيتىشى، ناھايىتىمۇ كۆپ قوشاقلارنى شۇنچە ئېنىق، توغرا تەلەپپۇز بىلەن جاراڭلىتىپ ياتلاپ بېرەلىشى، تونۇش - بىلىش، خوشنا - خولۇملارنى بەكمۇ ھەيران قالدۇراتتى، خوشال قىلاتتى ۋە ھاياجانلان-

دۇراتتى. خوشىنىلارنىڭ سەممى تەبرىكىنى ئاڭلىغان ھۆيەيىن ئاكا بىلەن تۇرسۇنىخان ھەدە كۆڭۈل شاتلىقىنى قەلبىگە سىغدۇرالماي، دىللىرى سۆيۈنۈپ، ئۆز ئوغلىغا تولىمۇ زوقلىناتتى ۋە تۈگىمەس بەخت تىلەيتتى.

تۈن زۇلمىتى يىمىرىلىپ، ئازاتلىق تېڭى ئاتتى. بەخت نۇرىغا چۆمگەن مىليونلىغان يوقسۇزلارنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش كىچىككىنە ھېيتەممۇ، چەكسىز شاتلىق ئىلكىدە يۈرىكى ئويناپ بىلىم تەشنالىقى بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم تاشلىدى.

ئۇ، 1951 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە، بايانداي ۋە غۇلجا شەھرىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئاجايىپ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇدى. ئۇنىڭ سەبىي قەلبىدە سەنئەتكە بولغان ھەۋەس، ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياق ھامانەم گۈلخان بولۇپ ياناتتى.

يازلىق تەتىلنىڭ بىر كۈنى، ئەندىلا ۋ ياشقا كىرگەن كىچىككىنە ھېيتەم، يېزا ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلغان سەنئەت كىرژوكىغا ئەگىشىپ، يىراق بىر مەھەللىگە ماڭدى ۋە يول بويى كىرژوكتىلەرگە مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئوقۇپ، كۆپ قوشاقلارنى يادلاپ بېرىپ، ئۇلارنى بەكمۇ ئاڭ قالدۇردى. بىراق، بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئاتا - ئانا ئۇنى ئىزلەپ، كۆڭۈللىرى پاراكەندە، ئىچى تىت - تىت بولۇپ، كىرمىگەن ئۆيى، بارمىغان يېرى قالمىدى. تۈن يېرىم بولدى. ئوغلىدىن تېخىچە دېرەك ئالالمىغان دادا ئازاپلىنىپ ئارقا - ئارقىدىن ئۆزمەي تاماكا چېكەتتى. بىچارە ئانىنىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل ۋەھىملىك خىياللار كېلىپ تېنىمنى سىۋر باساتتى ۋە يۈرەك - باغرى ئۆرتىنىپ كۆزىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈلەتتى.

— ئەسسالام، — دەپ كىرىپ كەلدى كىرژوك مەسئۇلى ھېيتەمنى يېتەكلىگەن پېتى، — ئوغلۇڭلارنى تازىمۇ ئىزلىگەنسىلەر. مانا، بۇ يىگىتنى باشلاپ كەلدىم.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىچارە ئاتا - ئانا ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى. ھېيتەم قورقان ھالدا ياپراقتەك تىترەپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. ھۆسەيىن ئاكىنىڭ چىشلىرى غەزەپ بىلەن غۇچۇرلاپ كەتتى. لېكىن باغرى يۇمشاق ئانا بولسا، ئىنتىزار كۆزلىرىنى ئوغلىغا تىكىپ، يۈگۈرگەن پېتى، ھېيتەمنى باغرىغا بېسىپ، يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ھۆسەيىن ئاكا، تۇرسۇنخان ھەدە، ئوغلۇڭلار ھەقىقەتەن زېھنى ئۆتكۈر بالا بوپتۇ. ئۇنى سەنئەت ئۈچۈنلا ياراتقان ئىكەنسىلەر. ئۆزىمۇ بەكمۇ ئىشقىۋاز بالا بوپتۇ. كەلگۈسىدە بۇ، چوقۇم يارامىلىق، تالانت ئىگىسى بولۇپ چىقىدۇ. ئوغلۇڭلارنى بىزنىڭ كىرژوكقا بېرىڭلار. قانداق؟ — دېدى كىرژوك باشلىقى شۇنچە قىزغىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانا ياكى خاپا بولۇشنى ياكى خوشال بولۇشنى بىلمەي بىر ھازاغىچە ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، ھېيتەم سەنئەت كىرژوكىغا قاتنىشىپ، دەسلەپتىلا «يېتىملار كۆز يېشى» ناملىق دىرامىدا يېتىم بالىنىڭ رولىنى ئىشنەرلىك، تەسىرلىك ئويناپ، تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھېسداشلىق قوزغىدى ۋە تۇنجى قېتىم تىياتىر ئويناش تالانتىنى كۆرسىتىپ كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

ئۇ مەكتەپتىمۇ دەرسنى ياخشى ئوقۇش بىلەنلا قالماستىن، ناخشا ئېيتىش، دېكلاماتسىيە ئوقۇش قاتارلىق مەدەنى پائالىيەتلەردىن ئايرىلىپ قالمايتتى، ھەتتا ئۆزى شېئىر - قوشاقلارنى توقۇيتتى. مەيلى دەرستە بولسۇن، مەيلى مەدەنى پائالىيەتلەردە بولسۇن، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىگى، ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈكلىگى بىلەن ئوقۇتقۇچى، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولاتتى.

ھېيتەمنىڭ سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتىنىڭ شۇقەدەر قىزغىنلىغى ۋە پەۋقۇلئاددە ماھارىتى تۈپەيلىدىن 1957 - يىلى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدىلا، ئۇنى ھەۋەسكارلار قاتارىدا غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىگىگە قوبۇل قىلدى. بۇ خوشخەۋەرنى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ سەنئەتخۇمار قەلبى خوشاللىق ھاياجان ئىلكىدە يايراپ، ئويناق كۆزلىرىدە بەخت نۇرلىرى چاقناپ كەتتى.

13 ياشلار چامىسىدىكى بۇ «بالا ناخشىچى» نىڭ زوق - شوق بىلەن شۇنچە مۇڭلۇق ۋە شۇنچە ھېسسىياتلىق ئېيتقان «يار سېنىڭ دەردىڭ يامان»، «ئامان بولسۇن»، «قارا دەيدۇ»، «ئاق بىلىق»، «جۇنۇن»، «مۇدەنخان» «سادىر ناخشىسى»، «قادىر مەۋلان» قاتارلىق ناخشىلىرى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كەڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا ياڭراپ، كىشىلەرگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلىدى ۋە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ، ئۇلارنى بىئىختىيار ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

ئۇنىڭ سەنئەت ماھارىتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى. 1958 - يىلى، ئەتىياز ئايلىرى. غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىگى، ئاتاغلىق يازغۇچى، دىراماتورگ - زۇنۇن قادىرنىڭ «گۈلنىسا» ناملىق دىراممىسىنى ئويناپ چامائەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا، ھېيتەم دارامىدا سوپىلىيورلۇق قىلاتتى. بىر كۈنى، دىرامىدىكى قادىرنىڭ ھاراقكەش بۇرادەرلىرىنىڭ رولىنى ئوينايدىغان بىر ئارتىست تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىپ قالدى. ئۆمەكتىكى ئارتىستلارنىڭ ھەممىسى جىددىيلىشىپ، بۇ رولنى ئويناشقا بىرەر ئادەمنى بېكىتەلمەي، پېتىراپ كېتىشتى. ئويۇن باشلىنىشقا ئازلا ۋاقىت قالغان ئىدى. تۇساتتىنلا:

— ئاكىلار، ھەدىلەر، ئەندىشە قىلماڭلار. بۇ رولنى مەن ئويناپ چىقالايمەن، — دېگەن ئاۋاز بىلەن ھەممىسى تەڭلا ھېيتەمگە قاراشتى. ھېيتەم ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا مەردانىلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، سوپىلىيورلۇق قىلىۋېتىپ كۆرۈۋالغىنى بويىچە، دىرامىدىكى ھاراقكەش رولىنىڭ ھەر بىر سۆز - ھەركەت، خاراكتېرىگىچە ناھايىتىمۇ ئەينەن ئىجرا ئەتتى. بۇنىڭدىن رازى بولۇشقان ئارتىستلار ئويۇن تۈگىشى بىلەن:

«يارايسەن شاكىچىك! بارىكاللا ساڭا! ئاتاڭغا رەخمەت!» — دېيىشىپ كەتتى ۋە ھېيتەمنى قوچاغلاپ سۆيۈپ، ئاسمانغا ئېتىپ، تەنتەنە قىلىشتى. ھېيتەمنىڭ گۆدەك قەلبى شاتلىناتتى، ھاياجانلىناتتى. ئۇ شۇ كۈنى ئاخشىمى خېلى بىر ھازاغىچە يەنىمۇ تىرىشىش توغرىسىدا ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ ئاخىرى تاتلىق ئۇيقىغا كەتتى.

1958 - يىلى، ياز. شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھېيتەمنىڭ تەبىئى سەنئەت ماھارىتىگە ۋە ئىجادى پائالىيىتىگە قايىل بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى سەنئەت مەكتىۋىگە ئېلىپ كەلدى ۋە بۇ يەردىن

AltunOq

تاللىنىپ 29 نەپەر ساۋاقدىشى بىلەن بىللە بېيجىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كەتتى. قەلبىدە سەنئەت ئىشتىياقى بۇلاق سۈيىدەك ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ تەلەپكار ياش سەنئەت ھەۋەسكارىنىڭ ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن ئۇلۇغ ئارزۇسى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. ئۇنىڭ ھەسسىياتى تىنىمسىز دېڭىز دولقۇنىدەك مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە كەلگەن بەخت - سائادەتتىن قىن - قىنىغا پاتماي بىردەم پۈتۈن جاھانغا ۋاقىرىغىسى كەلسە، بىردەم يېشىل مەخمەلدەك پايانسىز كەتكەن چىمەنزارلىقتا كېيىك بالىسىدەك سەكرەپ، يۈگرەپ ئوينىغىسى ۋە بىر دەم سېرىكچىلەردەك موللاق ئاتقۇسى كېلەتتى...

تۇرسۇنخان ئانا زوق بىلەن سۆزلەيتتى. سۆزلىگەنسېرى مېھرىدە تەبەسسۇم شۇنچە جىلۋە قىلاتتى. ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوغلىنىڭ بالىلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە بەنت بولۇپ كەتكەچكىمۇ، گويا بىزنى ئەندىلا كۆرگەندەك ھودۇقۇپ كەتتى ۋە:

— بالىلىرىم. گەپ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمەن. قېنى، چېيىڭلارنى يۆتكەپ قوياي. تاتلىق تۇرۇملاردىن يەڭلارچۇ، — دېدى ئۇ، — بىر ئاز ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. سىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرەي. ئۇنىڭغىچە ھېيتەممۇ كېلىپ قالار.

— رەخمەت ھەدە. سىلىنى ئاۋارە قىلدۇق، ئەمدى بىز چىقايلى، — دېيىشىپ، ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بىز قورودىن چىقىۋاتقىنىمىزدا تۇرسۇن ئۇچراپ قالدى.

— شەھەرنىڭ كەچقۇرۇنلۇق يەيزىنى كۆرەيلى دەپ مېڭىپسىلەردە، — دېدى تۇرسۇن بىز بىلەن بىللە ماڭغاچ چاخچاق قىلىپ.

— قارارسىز كېتىۋاتىمىز، — دېدىم مەن بۈگۈنكى قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشىمنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ئېسىمگە ئېلىپ.

— ئۇنداقتا، ياشلار باغچىسىغا بېرىپ ئايلىنىپ كەلمەمدۇق، — دېدى تۇرسۇن.

تۇرسۇن ھېيتەمنىڭ بېيجىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتۇتىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ۋە ھازىرقى كەسپدىشى ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭدىن ھېيتەمنىڭ مەكتەپتىكى ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى تەپسىلىي بىلىش ئىستىكى بىلەن ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلدىم ۋە:

— كازىم، يۈر بۈگۈن ئاخىرىغىچە بىللە بولايلى، — دېدىمدە ئۈچىمىز بىللە ياشلار باغچىسىغا قاراپ ماڭدۇق.

كەچكى غۇر - غۇر شامال خۇددى پەرىزاتنىڭ قولىدەك يۈزلەرنى شۇنچە ئىللىق، يۇمشاق سىيپاپ ئۆتەتتى. قاياقتىندۇر بىر ئۇنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا، مۇزىكىلار كىشىلەرگە لەززەت بېغىشلايتتى. مانا، ئوركېستىرنىڭ تەڭكەش قىلىنىشىدا، ھېيتەم ھۆسەيىن ئورۇنلىغان «غېرىپ - سەنەم» ئوپېراسىدىكى غېرىپنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئەي يارەنلەر، قەدىردانلار، نە بولدى يايرىم كەلمىدى،
ئىشقى ئوتىدا كۆيدى جانلار نە بولدى يايرىم كەلمىدى.
چىدىمەن دەپ ۋەدە قىلدى، چىقار ۋاقتىدىن ئۆتتى،
ئەر تە بىرلەن چاشكا بولدى، نە بولدى يايرىم كەلمىدى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكىنىڭ
نومۇرلىرىدىن تاللانما





چەك نەيو تارتقان



غەجەك كۈيى

ئايالالر يۇقۇرى ئاۋازلىق ناخشىسى

ئەسكەرىپكا بىلەن ئورۇنلانغان مۇزىكا

چوك تېپتىكى ئۇسۇل «قەشقەردە باھار»

1 | 2 | 3 | 4









| | |
|---|---|
| 1 | 2 |
| 8 | 3 |
| 7 | 4 |
| 6 | 5 |






ئۇچار تەخسە (ماي بوياق رەسىم) جاڭ يۈكىچى سىزغان
مەنزىل (سۇ بوياق رەسىم) جاڭ يۈكىچى سىزغان
بازاردا (ماي بوياق رەسىم) جاڭ يۈكىچى سىزغان
يول (بېزەك تەخسە) جاڭ يېمىك سىزغان
ئىزچاي ۋە كالا (بېزەك تەخسە) جاڭ يېمىك سىزغان
قىش (سۇ بوياق رەسىم) لىيۇ جى سىزغان
كۈز (سۇ بوياق رەسىم) لىيۇ جى سىزغان
ئارزۇ (ساپال ئويما) جاڭ يېمىك ئويغان









ياشلارنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن







١- سەھەر كۆزى (دەڭ زېڭخى تارتقان)
ئىككى كىچىك ئارتىست (ۋاڭ دېجۇن تارتقان)
- چىلىك گاۋۋا شىنجاڭدا (ۋاڭ دېجۇن تارتقان)

— خۇشئاۋاز، قابىل سەنئەتكاردە، — دېدى كازىم ناخشىنى ئاڭلاپ كېتىۋېتىپ.

— شۇنداق. ھېيتەم ھەقىقەتەن بىر تالانت ئىگىسى، — دېدىم مەن كازىمنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ۋە تۇرسۇندىن سورىدىم:

— تۇرسۇن، ھېيتەم مەكتەپتىمۇ ناھايىتى تىرىشچان ئىدىغۇ، دەيمەن؟!

— ئۇ مەكتەپكە بېرىپلا، ئالدى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ۋە خەنزۇ يېزىقىنى پۇختا ئىگەللىدى. تىياتىر كەسپىنى ئەستايىدىل تىرىشىپ، قېتىرقىنىپ ئۆگەندى، — دېدى تۇرسۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ — بۇ جەرياندا ئۇ، جۇلىبونىڭ «جۇدۇن - چاپقۇن» ناملىق رومانىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن شۇ ناملىق درامىدا پومېشچىكنىڭ يالاقچىسى — خەن چاڭبۇنىڭ ئوبرازىنى شۇنچە تەبىئى يارىتىپ، ئۇنىڭ خوشامەتچى، قارا نىيەت، ئاچكۆزلۈكتىن ئىبارەت ئىچكى دۇنياسىنى ناھايىتى روشەن ئېچىپ بەردى. ئۇ يەنە «دوست ۋە دۈشمەن» ناملىق درامىدا ئىشپىيون، «ياش گۋاردىيە» درامىسىدا ۋالكا، «مالەنخۇا» درامىسىدا كىيىك بالىسى قاتارلىق روللارنىمۇ ئىنتايىن مۇۋاپپەقىيەتلىك ئىجرا قىلدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلانغان «يايلاقتىكى بۈركۈت» درامىسىدا، ھېيتەم — ئەلى (باش رول) نىڭ ئوبرازىنى تەبىئى ۋە جانلىق ئورۇنلىدى. ئۇ، مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي پېرسوناژلارنى بولسۇن ۋە ياكى ئوخشىمىغان تىپتىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشتا بولسۇن كۆپ ئويلىنىپ، ۋەقەلىككە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەبىئى ۋە چىن ھېسسىيات بىلەن مۇۋاپپەقىيەتلىك ئوينايتتى. شۇڭا مۇئەللىملەرنىڭ: «ئۇ ھەر خىل ئوبرازلارنى ئەينەن يارىتىپ چىقالايدىغان، رول ئېلىش يولى كەڭ، ئارتىستلىق ئىجادىي پائالىيىتى كۈچلۈك، تالانتلىق ئارتىست بولىدۇ.» دېگەن ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئىدى. دېگەندەكلا، ئۇ شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىگە تەخسىم قىلىنغاندىن كېيىن، — دېدى تۇرسۇن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دەسلەپ 1975 - يىلى «قىزىل چىراق» ناملىق مۇزىكىلىق درامىدىكى ياپون ئەمەلدارى جۇسەننىڭ ھەم ياۋۇز ھەم ھىلىگەرلىكتىن ئىبارەت ساتىرىك ئوبرازىنى جانلىق، تەبىئى يارىتىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. كېيىن، مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن لى يۈخې رولىنى ئىجرا قىلىشقا بېكىتىلىپ، بۇ رولنىمۇ تەلەپكە لايىق ماھارەت بىلەن تاماشىبىنلار ئالدىدا گەۋدىلەندۈردى.

— ھېيتەم، ھازىرغىچە كۆپ درامىلاردا ھەر خىل روللارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجرا قىلىپ كەلدىغۇ دەيمەن؟ — دېدى كازىم تۇرسۇنغا قاراپ.

— ھېيتەم ھەۋەسىمەن، قىسقىغىنە ئون نەچچە يىل ئىچىدە تىنىمسىز ئىزدىنىپ، ئۆز قەھرىمانلىرىنى كونكرېت ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بېيىتىپ باردى، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى تۇرسۇن، — ئۇيغۇر تىياتىر سەھنىسىدە گاھى «كۆرەش يولى» ئوپېراسىدا باتۇر، كۈرەشچان تۇرغان، گاھى «ئانا ۋە بالا» درامىسىدا پىشقەدەم ئىشچى قاسىم، گاھىدا «قەھرىمان ياك» درامىسىدا پىشقەدەم كوممۇنىست ۋۇدېيىڭ، گاھىدا «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان» درامىسىدا پۇرسەتپەرەس، ھىلىگەر، شەخسىيەتچى خې شىجې، گاھىدا «رابىيە - سەيدىن» ئوپېراسىدا ئاقكۆڭۈل، ۋاپادار، ساپ ۋىجدان، ئىسيانكار ئۇيغۇر يىگىتى سەيدىن ۋە گاھىدا «ئارشىن مال ئالان» كومېدىيىسىدە پاك سۆيگۈ ئىگىسى، شوخ ئەزەربەيجان يىگىتى ئەسقەر قاتارلىق روللارنى ئې-

لىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئارتىستلىق ئىجادى پائالىيىتىنى نامايەن قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

— ھېيتەم «غېرىپ – سەنەم» ئوپېراسىدىكى غېرىپنىڭ ناخشىلىرىنى ئەجەپمۇ كاتتا ئورۇنلاپتۇ، دېگىنە، — دېدى كازىم تامىغىنى چاكىلدىتىپ تۇرۇپ.



دەرۋەقە، 1979 – يىلى مايدا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك ئەسىرى «غېرىپ – سەنەم» ئوپېراسى قايتا ئوينالغاندا، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى بولۇپمۇ، ئۇيغۇر تاماشىبىنلىرى ئايرىلىشىغا ئۇزۇن يىللار بولغان قەدىناس دوستى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشكەندەك چەكسىز شاتلىققا چۆمدى. شۇ ئۇلار مەزكۇر ئوپېرانى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئىجرا ئەتكەن ئارتىستلارغا جۈملىدىن غېرىپنىڭ ئوبرازىنى ئۆزىگە خاس بەدىئى ئۇسلۇب ۋە ماھارەت بىلەن مۇكەممەل يارىتىپ، غېرىپنىڭ ناخشىلىرىنى مۇڭلۇق، يېقىملىق، تەسىرلىك ئورۇنلىغان ھېيتەم ھۇسەيىنگە قىزغىن تەشەككۈر – ئاپىرىن ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورۇنلاش سەنئىتىنى قىزغىن ئالقىشلىدى ۋە يۇقۇرى باھالىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن ھېيتەم ھۇسەيىن خەلقىنىڭ تېخىمۇ بەك ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولدى.

— كېيىنكى كۈنلەردە مەن ھېيتەمدىن «سىز غېرىپ رولىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئويناپ چىقتىڭىز؟» دەپ سورىغان ئىدىم:

— شۇ يىلى ماي ئېيىنىڭ باشلىرىدا، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ھېيتەم تاماكامغا سەرەڭگە يېقىۋېتىپ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن خۇشخۇي كۈلۈمسىرەپ، — چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «غېرىپ – سەنەم» نى تەييارلايدىغانلىقىمىزنى ۋە غېرىپ رولىنىڭ ماڭا تەقسىم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا تولىمۇ ھاياجانلاندىم. شۇ كېچىسى تۈن نىسپىغىچە كىرپىك قاقمىدىم. ھەممىگە ئايانكى، «غېرىپ – سەنەم» ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا كەڭرى تارقالغان، خەلق سۆيىدىغان ھەم ۋەقەلىكى ھەممىگە ئايان بولغان داڭلىق تىياتىر. ئەگەر غېرىپ رولىنى خەلقنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئېلىپ چىقالمىسام ئۇيات ئەمەسمۇ؟ — دېگەن خىياللار مېڭەمدىن نېرى كەتمىدى. چۈنكى مەن، ھازىرقى زامان دىرامىلىرىنى تولا ئوينىغىنىم بىلەن، «غېرىپ – سەنەم» ئوپېراسىدەك ئەنئەنىۋى كىلاسسىك ئوپېرانى ئويناپ باقمىغان – دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەسەرنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە قەدىمى تۇرمۇش، ئۆرپ – ئادەت، سۆز – ھەركەت، قائىدە – يوسۇن قاتارلىقلار بىلەن تونۇشلىقىم يوق. شۇڭلاشقا «بۇ خەلق ئاممىسى مەندىن ئالىدىغان بىر قېتىملىق چوڭ ئىمتىھان» دەپ ئويلىدىم – دە، بۇ قېيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئاۋال ئەسەرنى ئەستايىدىل ئوقۇدۇم. ئاندىن ئىجتىمائى پەن خادىملىرىدىن سوراش ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخى تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى فىلىملەرنى كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، بۇ ھەقتە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئاندىن غېرىپنىڭ خاراكتېرى، روھىي ھالىتى، مىجەز – خۇلقى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈستىدە كۈندۈزنى

كىچىگە ئۆلاپ جاپالىق مەشىق قىلدىم. تېكىست يادلىدىم. قىلىچۋازلىق مەشىقى ئېلىپ باردىم. زىكرى ئەلپاتتا، ئابلىزخان ماھۇت، غىياسىدىن بارات قاتارلىق پېشقەدەم كومپوزىتور، ناخشىچىلاردىن ناخشا ئۆگەندىم. غېرىپنىڭ خاراكتېرى، روھىي ھالىتى ۋە مىجەز - خۇلقىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھەسسىيات، ھەركەت ئۆزگىرىشلىرى ئۈستىدە ئىزلىنىپ، ئىپادىلەش سەنئىتىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشقا تىرىشتىم، رېژىسسورلار، پېشقەدەم ئارتىستلار ۋە ئاممىدىن پىكىر ئالدىم. تەنقىتلەرنى سەممىي قوبۇل قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن غېرىپ رولىنىڭ سۆز - ھەركەتلىرىنىڭ ھەسسىياتچانلىقى، تەبىئىيلىكى، ناخشىنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە بولۇشى قاتارلىق مۇھىم، ئىنچىكە تەرەپلەرگىچە دىققەت قىلدىم....

— ھېيتەم ئۆزىنىڭلا كەسپىي ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، ياش ئارتىستلارنىڭمۇ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، — دېدى باياتىن بېرى ئېيتىلغان سۆزلەرگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ كېلىۋاتقان تۇرسۇن. ئۇ ھېيتەمنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئارتىستلىق سەنئىتىدە ئۆزىلا ئاتاغلىق بولغان نوچى ئەمەس، باشقىلارنى ئاتاغلىق قىلغان نوچى، — دەيتتى ھېيتەم ھەر دائىم. «تاشۋاي» دىرامىسىدا رەھبەرلىك ئەسلىدە ھېيتەمگە تاشۋاي رولىنى تەقسىم قىلغان ئىدى. بىراق ھېيتەم سەمىرىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، «مەن ئاچلىقتا، غۇربەتچىلىكتە ۋە يوقسىزچىلىقتا ئۆتكەن تاشۋاينىڭ رولىنى ئويناشقا مۇناسىپ كەلمەيمەن. رولنى ئويناپ چىقىشىم مۇمكىن. بىراق ئۆزەم ئىشەنمىگەن رولدىن تاماشىبىنلارمۇ رازى بولمايدۇ. تاماشىبىنلار رازى بولمىغان رولنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن ئېيتقاندا ھەممە باش رولنى ئۆزىمىزلا ئويناپ كېتىۋەرسەك ئۆمىگىمىزدىكى ياش ئارتىستلارنىڭ كەسپىي ماھارىتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زېمىن ھازىرلانمايدۇ.» دەپ، تاشۋاي رولىنى ياش ئارتىستلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى ۋە ئۆزىگە مەنچىڭ خانلىقىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى زالىم جۇمەشنىڭ رولىنى ئويناشنى تەلەپ قىلدى.

— ھازىر خېلى كۆپ ياش ئارتىستلار باش روللارنى ئويناپ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. بۇنى ھېيتەمدەك پىشقان ئارتىستلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، — دېدى كازىم سۆز ئارىلاپ.

— شۇنداق، ئۇ ھەر دائىم ياش ئارتىستلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە خالىسانە ياردەم بېرىدۇ، — دېدى تۇرسۇن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر كۈنى رەپتىس زالىدا بىر نەچچە ياش ئارتىستلارغا ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى: «رول ئېلىشنىڭ باشقا ئالاھىدە سىرى يوق. ئارتىست ئۆزى ئويناماقچى بولغان رولغا ھەقىقىي چۆكۈپ، مەن رول ئېلىۋاتىمەن، ئىككىنچى بىر شەخسنى دوراۋاتىمەن، دىگەن تۇيغۇدا ئەمەس، بەلكى مەن نەق شۇ رولنىڭ ئۆزى، دىگەننى چىقىش نۇقتا قىلىپ، ئۆزى ئويناۋاتقان پېرسوناژ بىلەن بىر تەن، بىر جان بولۇپ، ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ ‹راس كۆرۈش، راس ئاڭلاش، راس ئويلاش› تىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئېلېمېنتىنى ھەقىقىي ئىگەللىگەندىلا، سەھنىدە خۇددى تۇرمۇشتىكىدەكلا ئەركىن، تەبىئىي، بىمالال ھەركەت قىلىش، رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بىزنىڭ

تىياتىر سەنئىتىمىزدە بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئىلگىرىلەشلەر خېلى بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ياسالمىلىق، سۈنئىيلىك، نوقۇل ھالدا كەيپىياتنى دوراش، تاماشىبىنلارغا چىنلىق تۇيغۇسى بېرەلمەسلىك، مۇبالىغە، قىلىپبازلىق، شەكىلۋازلىق، ھەسسىياتتىكى ياسالمىلىق قاتارلىق ئىللەتلەر ھېلىمۇ ساقلانماقتا. شۇڭا بىز، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەن - مەدەنىيىتىنى، ئۇلارنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى بولۇپمۇ، كىنو - تىياتىرلاردا تۈرلۈك ئوبراز، تىپلارنى ئىنتايىن تەبىئىي، ئىشەنچلىك، تەسىرلىك، تۇرمۇشلۇق ئويناشتەك رول ئېلىش ماھارىتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز كېرەك.»

— ھېيتەم چەتئەلنى زىيارەت قىلىشقا چىققانىغۇ دەيمەن — دېدى كازىم تۇساتتىنلا.

— 1976 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە پاكىستان، ئافغانىستان، جەنۇبىي يەمەن، شىمالىي يەمەن، سۈرىيە، ئىراق، كۇۋەيت قاتارلىق دۆلەتلەرگە زىيارەت يۈزىسىدىن ئويۇن قويغىلى چىقىپ، ئېلىمىز خەلقى بىلەن ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئەينەن مۇڭلۇق ئېيتقان ئەرەب، پارس، ئوردۇ ناخشىلىرى شۇ ئەللەر خەلقلىرىنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشى ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى، — دېدىم مەن.

— راس، ئۇ ئېيتقان ئافغانىستان ناخشىلىرىدىن «خەندان فەرخارى»، ئىراق ناخشىسى «خورما دەرىخى ئۈستىدە»، سۈرىيە ناخشىسى «سۈرىيە ھەببەتى»، پاكىستان ناخشىلىرىدىن «پاكىزە زېمىن»، «بىزنىڭ گۈزەل تۇپرىقىمىز» قاتارلىق ناخشىلارنى رادىيو - تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ ئاڭلىغىنىمىزدا ھەقىقەتەن ئەينەن، ئۆز پۇرىقى بىلەن ئورۇنلانغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، — دېدى كازىم.

— ھېيتەم ناخشىچىلىق كەسپىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئىگە. ئۇنىڭ ئورۇنلىشىدا رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئاڭلىتىۋاتقان «ۋەتىنىم»، «ئادارگۈل»، «ئىتتىپاقلىق ناخشىسى»، «دۇتارىم» «كۆچ - كۆچ ناخشىسى»، «ئاھ دەيمەن»، «تەنلىرىم ياپراق»، «مىزانگۈل»، «گۈلزارەي» قاتارلىق ناخشىلىرى ئادەمگە بەكمۇ يېقىملىق، — دېدىم مەن خۇددى ھازىر شۇ ناخشىلارنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس - تۇيغۇغا چۆمۈپ.

— ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن - ھە؟ ئۆتكەندە «تارىم» ژورنىلىدا بىر نەچچە شېئىرىنى كۆرۈپ قالدىم، — دېدى كازىم.

— ئۇ مەكتەپتىكى چاغلىرىدا، ۋاقىت تاپسىلا داۋاملىق قىرائەتخانىغا كىرىۋېلىپ كىتاب كۆرەتتى. ھازىرمۇ، قاچانلا بولمىسۇن ئۆيىگە كىرسەم، ئۇنىڭ كىتاب كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى ياكى بىرەر شېئىر ياكى تەرجىمە ئۈستىدە ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتىم، — دېدى تۇرسۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ، شېكسپىر، موللېر، چېخوپ، ساۋىيېي قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ ئاتاغلىق يازغۇچى، دراماتورگلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنەتتى. شېئىرىيەت جەھەتتە ناۋايى، فۇرقەت، ئۆمەر ھەييام، پۇشكىن، لېرمونتوۋ، ل. مۇتەللىپ، نىم شېھىتلارنىڭ شېئىرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنەتتى ۋە بىر قىسىم شېئىرلىرىنى يادلىۋالاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتىگە ئاساس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى 1964 - يىلدىن باشلاپلا، «شىنجاڭ گېزىتى»، «تارىم» ژورناللىرىدا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

— ئۇنىڭ «ئوتتۇرا ياشتا»، «ئانىجان»، «نېفىتچى قىز»، «يۈرەك ناخشىسى»، «جەڭچىنىڭ خېتى»، «گۈل ئوغرىسى» قاتارلىق شېئىرلىرى، ھاجى راخمان، ئابلىزخان مامۇت، ئابلا ھامۇت قاتارلىق سەنئەت ئەھلىلىرىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان تەسىرلىك مەرسىيىلىرى ئېلان قىلىندى. يېقىندا ئۇنىڭ «ھىجران» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشردىن چىقماقچىكەن، — دېدىم.

— ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ، شولوخوۋنىڭ «ئاليوشكانىڭ يۈرىكى» دېگەن ھېكايىسىنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇدۇم. تىلى ئاممىباپ، راۋان ئىكەن، — دېدى كازىم.

— ھېيتەم شېكىسپىرنىڭ «ۋېرونادىكى ئىككى جاناپ»، «ۋېنىتسىيە سودىگىرى» قاتارلىق دىراما ھېكايىسىنى، چېخوۋنىڭ «گىلاسلىق باغ» ناملىق ئاتاغلىق دىراممىسىنى، — دېدى تۇرسۇن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سۇشۇياڭنىڭ «قىزىل قەلبكە مەدھىيە» ناملىق دىراممىسىنى، جاڭ نيەنيىنىڭ «سۇر بۆرە»، «رۇڭ شېڭ ئۆيدە» ناملىق باللار دىراممىسىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە، مىسىر، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئاتاغلىق يازغۇچىلارنىڭ بىر مۇنچە ھېكايىلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

— ھېيتەم ھەقىقەتەن قابىل سەنئەتكار، ھارماس ئىجاتكار ئىكەن، — دېدى كازىم. ئۇ ھېيتەمنىڭ ئارتىستلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىدىن بەكمۇ تەسىرلەنگەن ئىدى.

— ئۇ، 1964 - يىلى بېيجىڭ مەركىزىي تىياتىر ئىنستىتوتىدا ئوقۇۋېتىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان ئىدى. 1981 - يىلى 1 - ئىيۇلدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە شەرەپ بىلەن ئەزا بولدى. ئۇ جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تىياتىر جەمئىيىتى 4 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، — دېدى تۇرسۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۇ ھازىر يېڭىدىن قۇرۇلغان «شىنجاڭ ئاممىۋى سەنئەت سارىيى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ھەمدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۆتىمەكتە ۋە تىياتىر سەنئىتى ھەققىدىكى ئىككىنچى كىتاۋى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

— ۋاي - ۋۇي! نېمە دېگەن كۆپ ئادەملەر بۇ، — دېدى كازىم، ياشلار باغچىسىغا كىرىپ چىقىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ.

بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ باغچا كىشىلەرنىڭ كەچقۇرۇنلۇق سەيلىگاھىغا ئايلانغان ئىدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقىمۇ، سەيلى قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىدى. ئېرىق بويىدىكى دەرەخزارلىققا ئورالغان تار يولدا مۆكدىشىپ كېتىۋاتقان كۆل بويىدىكى مەجنۇن تاللارنىڭ تۈۋىدە جۈپ - جۈپى بىلەن گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلەر توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەر كىشىنى تولىمۇ زوقلاندۇراتتى. ئېھ! دەۋرىمىز نېمە دېگەن گۈزەل - ھە.

مانا شۇ تاپتا، قەلبىمدىن ئۇرغۇپ تۇرغان، ھېيتەم ھۆسەيىننىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدە تېخىمۇ تىرىشىپ، ئۇلۇق ئارزۇ - ئۈمىدلەر بىلەن تالانت سۇمرۇقىغا مىنىپ، كامالەت كۆكىدە پەرۋاز قىلىشىغا بولغان سەمىمىي تىلەكداشلىقىم، ناخشا بولۇپ ئاڭلىنىۋاتاتتى.

AltunOq

# ناخشا ئېيتىشنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى توغرىسىدا

رابىيە مۇھەممەت

ئۇيغۇر سەنئىتىدە ناخشا كەسپى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەن بولۇپ، ماھارەتلىك ناخشىچىلار ئاز ئەمەس. لېكىن ناخشا كەسپىدە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ناخشا ئېيتىش تېخى ئومۇملىشىپ كەتمىدى. ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ناخشا ئېيتىشنى ئىگەللەش بىر قەدەر قىيىن بولۇپ ئۇنى پەقەت تۇيغۇ، ھېسسىيات ۋە ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ توغرا چۈشەنگىلى ۋە ئىگەللىگىلى بولىدۇ. ناخشا كەسپى پۈتۈن ئورگانىزىمنىڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ ھەركەتلىنىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ناخشا كەسپىنى ھەم سەنئەت ھەم تەنھەرىكەت دېيىشكە بولىدۇ. مەن تۆۋەندە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ناخشا ئېيتىشنىڭ ئاساسلىق قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. ناخشا ئېيتىشنىڭ نەپەس، ئاۋاز، سادادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قانۇنىيىتى بار.

## 1 - نەپەس

ناخشا ئېيتقاندا نەپەسنى توغرا، چوڭقۇر ئېلىش ۋە نەپەسنى ناخشا بىلەن بىرلەشتۈرۈش بىر كەسپىي ناخشىچىنىڭ ئۆمرىدە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپىسى. نەپەسنى ئىگەللەشتە ناخشا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىچىدە ئۇقۇم ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر نەپەسنى تېز ئالىدۇ، بەزىلەر چوڭقۇرراق ئالىدۇ، بەزىلەر ھەتتا نەپەسكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بەزىلەر ناخشا ئېيتقاندا كۆچىمەسلىك، ئۆزىنى ئەركىن، بوش تۇتۇش كېرەك، دەپ قاراپ پۈتۈن بەدەننى بوش قويۇپ بېرىپ نەپەسنىڭ رولىغا تايانماي كېكىردەكنىڭ رولىغىلا تايىنىپ ئاۋاز چىقارغاچقا ئاسانلا ئاۋازى پۈتۈپ قالىدۇ ـ دە، ئاۋاز پەردىسىنى زەخىملەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا نەپەسنى چىڭقۇر، توغرا ئېلىشتەك ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن مەشق قىلىشنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش لازىم. توغرا نەپەس ئېلىشتا، نەپەس ئالدى بىلەن دىئافراگما (كۆكرەك قەپەز بىلەن قوساقنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە) ئىچىگە قاچىلىنىدۇ. يەنى ناخشا ئېيتىشتىن بۇرۇن ھاۋانى ئىنتايىن كۈچلۈك سۈمۈرۈپ، دىئافراگما ئىچىگە قاچىلاش كېرەك ۋە ناخشا ئېيتقاندا ئۇنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە تولۇق ساقلاش لازىم.

نەپەسنى چىڭقۇر، توغرا ئالغاندا ئىككى مۈرە كۆتىرىلىپ كەتمەي، كۆكرەك قىسمى ئەركىن بوش تۇرۇشى كېرەك. دىئافراگما ئىچىگە قاچىلانغان ھاۋا تۆۋەنگە ئىتتىرىپ تۇرۇشى، كىچىك قوساق نەپەسنى يۇقۇرىغا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينىشى كېرەك. بۇ چاغدا ئىككى

بېقىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ھاۋا چاق پىلەكتەك ئۈزلۈكسىز ھەركەتلىنىپ تۇرىدىغان سېزىمنى پەيدا قىلىدۇ. ناخشا ئېيتقاندا ئۇ ھەر بىر مىسرا ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش بەلگىلىرىگە ئاساسەن نەپەسنى كونترول قىلىپ تۇرۇشى لازىم. نەپەسنى چوڭقۇر ھەم تولۇق ئېلىش لازىم. نەپەسنى يۆتكىگەندە تولۇق چىقىرىپ، تېز يۆتكەش كېرەك. ئەگەر نەپەسنى چوڭقۇر، توغرا ئالماي ئېغىزنى ئېچىپ تېز نەپەس ئالغاندا، نەپەس دىئافراگما ئىچىگە تولۇق قاچىلانماي، كۆكرەك قەپىزى قىسمىدا تۇرۇپ قالىدۇ ـ دە، ئىككى مۈرە كۆتۈرىلىپ كېتىدۇ. كېكىردەك ئەتراپىدىكى مۇسكۇللار ۋە زاڭاق جىددىيلىشىپ كىرىشىپ قالىدۇ ـ دە، ئاۋاز كېكىردەككە قاپلىشىپ قالىدۇ. نەتىجىدە بوش قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىك ئورگانىزىم بوش قويۇپ بېرىلمەي كېكىردەك ئەتراپىغا كۈچ كېلىپ ئاۋاز ئېغىز بېسىمىغا ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا ئىككى، ئۈچ ناخشا ئېيتسىلا ئاۋاز غاراڭ ـ غۇرۇڭ بولۇپ چىقىپ ئاسان پۈتۈپ قالىدىغان، گال قۇرۇيدىغان، ئاۋاز پەردىسى ئاسانلا كېسەللىكە دۇچار بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. ماھارەتلىك ناخشىچى بولۇش ئۈچۈن ئىلمىي ئۇسۇلدا نەپەس ئېلىشنى كۈندە مەشىق قىلىش كېرەك. يەنى ھەر كۈنى خۇددى خۇشپۇراق گۈلنى قېنىپ پۇرىغاندەك ھالەتتە بۇرۇن ئارقىلىق چوڭقۇر سۈمۈرۈپ نەپەس ئېلىپ ھاۋانى دىئافراگما ئىچىگە چوڭقۇر قاچىلاپ، ئاندىن ئېغىز ئارقىلىق ئاستا پۈلەپ تەكشى (نەپەسنى پۈلىگەندە قولنى ئېغىزنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ نەپەسنىڭ تەكشى چىقىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش كېرەك) چىقىرىشنى مەشىق قىلىش كېرەك، ياكى تۈپ ـ تۈز ھالەتتە ئوڭدا يېتىپ بۇرۇن ئارقىلىق چوڭقۇر نەپەس ئالسىمۇ بولىدۇ.

نەپەس ئېلىشنى بىلىش ناخشا كەسپىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپە بولۇپ، ئۇ ناخشىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى خەلقارادىكى ياكى دۆلەت ئىچىدىكى كانسېرۋاتورىيىسىدە ھەر قانداق ناخشا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوقۇغۇچىغا بېرىدىغان تۇنجى دەرسى چوڭقۇر جايدىن توغرا نەپەس ئېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، تاكى ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈرگەنگە قەدەر بۇ دەرس داۋاملىشىدۇ ۋە چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ.

مەيلى ئەر، مەيلى ئايال ناخشىچى بولسۇن، مەيلى ئىنچىكە ئاۋازلىق، ئوتتۇرا ئاۋازلىق ياكى تۆۋەن ئاۋازلىق ناخشىچى بولسۇن، مەيلى ياۋروپا ئۇسلۇبىدا ناخشا ئېيتقۇچى ياكى مەيلى مىللى ئاۋازدا ناخشا ئېيتقۇچى ۋە ياكى ئارىلاشما ئاۋازدا ناخشا ئېيتقۇچى بولسۇن ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىلمىي ئۇسۇلدا نەپەس ئېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئىنتايىن زۆرۈر. نەپەس ـ ناخشىنىڭ ئەۋجىسىگىلا لازىم بولۇپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئاۋاز قىسمى ۋە تۆۋەن ئاۋاز قىسمىغىمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر. ناخشىنىڭ ئەۋج قىسمىدا نەپەسنى قىسىپ ئىشلىتىپ تۆۋەن قىسمىغا كەلگەندە نەپەسنى بوش قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. بەلكى ئاۋازنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىدە نەپەسنى بىر خىل تەكشى ئۆلچەمدە ئىشلىتىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاۋاز باشتىن ـ ئاخىرى تەكشى، راۋان چىقىدۇ. ئاۋاز تۇسىمۇ يېقىملىق گۈزەل بولۇپ، كېكىردەك ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسكۇللار زورۇقماي ئاۋازنى ئۇزۇن مۇددەت ئاسراپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

پېشقەدەم ئۇستازلاردىن ئابدۇۋەلى جارىللايوپ ۋە نىساخان ئاچام قاتارلىق ناخشىچىلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبى بار. ئۇلار كىكىردەككە كۆپ زورلىماي، چوڭقۇر، توغرا نەپەس ئېلىش ئارقىلىق ناخشا ئېيتقاچقا ئۇلارنىڭ يېشى 70 — 80 دىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ ناخشىنى يەنىلا شۇنچە يېقىملىق ئېيتىپ كەلمەكتە.

مەملىكىتىمىزگە ئىتالىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋازلىق ناخشىچىسى گىنو- بېچى (CINoBECHI) نەپەس ئېلىشنىڭ ناخشا ئېيتىشتىكى رولى توغرىسىدا دەرس سۆزلەۋېتىپ «ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئاكوپ ئىچىدە قالغان بىر نەپەر ئاتاغلىق باس ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى 32 سائەت «مېنى قۇتقۇزۇڭلار» دەپ ۋاقىرىغانلىقى، ئاخىرى ئۇ قۇتقۇزۇلۇپ قېلىنغانلىقى، ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىرىسىمۇ ئاۋازىنىڭ پۈتۈپ قالمىغانلىقى نەپەس رولىدىن بولغانلىقى» نى شەرھىيلەپ ئۆتكەن. نەپەسنىڭ رولى توغرىسىدا يەنە مۇنداق ئەمەلىي مىساللارمۇ بار. يېڭى تۇغۇلغان بەزى بوۋاقلارنى ئۇگدا ياتقۇزۇپ قويسىڭىز خېلى ئۇزۇن يىغلىسىمۇ ئاۋازى پۈتۈپ قالماي بارغانسېرى كۈچلۈك چىقىدۇ. ئۇنى كۆرگەن چوڭلار «قارا بۇنى، كىچىككىنە تۇرۇپ ئاۋازىنىڭ يامانلىقىنى» دېيىشىدۇ. دېمەك بۇ بوۋاقنىڭ دىئافراگما پەردىسى ئىچىگە تەبىئىي ھالدا نەپەس قاچىلىنىپ، كىكىردەك ۋە باشقا جايلىرى كۈچىمىگەنلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، خۇددى سانائەتنىڭ جان تومۇرى نېفىت؛ دېخانچىلىقنىڭ جان تومۇرى سۇ بولغانىغا ئوخشاش ناخشا ئېيتىشتا توغرا نەپەس ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم.

## 2 - ئاۋاز

سۆزلەش ئىقتىدارى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە تاۋۇش پەردىسى بولىدۇ. نەپەس تاۋۇش پەردىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئاۋاز چىقىدۇ. ئاۋاز پەردىسى كىشىلەرنىڭ بەدەن شارائىتىغا قاراپ بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئاۋاز پەردىسى قىسقا ۋە نېپىز بولغانلار — يۇقىرى ئاۋازلىق ياكى كۆلكىسىمان يۇقىرى ئاۋازلىق، ئاۋاز پەردىسى ئۇزۇن ھەم تومراق بولغانلار — ئوتتۇرا ئاۋازلىق بولىدۇ. ئاۋازلار ئىلمىي قائىدە بويىچە ئاۋاز پەردىسىنىڭ شەرت - شارائىتىغا ئاساسلىنىپ تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئاۋاز تۈرىگە ئايرىلىدۇ.

(1) ئاياللار يۇقىرى ئاۋازى — كۆلكىسىمان يۇقىرى ئاۋاز، ئىككىنچى خىل ئاياللار يۇقىرى ئاۋازى (تومراق كەلگەن يۇقىرى ئاۋاز)؛ (2) ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازى — ئوپېراغا باپ ئەرلەر يۇقىرى ئاۋازى، ئەرلەر لىرىكىلىق يۇقىرى ئاۋازى؛ (3) ئاياللار ئوتتۇرا ئاۋازى — يۇقىرى ئاۋازغا يېقىنراق بولغان ئاياللار ئوتتۇرا ئاۋازى، باس ئاۋازغا يېقىنراق بولغان ئاياللار ئوتتۇرا ئاۋازى؛ (4) ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋازى — يۇقىرى ئاۋازغا يېقىنراق بولغان ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋازى، باس ئاۋازغا يېقىنراق بولغان ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋازى؛ (5) ئەرلەر باس ئاۋازى.

خەلقارالىق ناخشا مۇسابىقىلىرىدا ھەر بىر ناخشىچى يۇقىرىقىدەك ئىنچىكە ئايرىلغان ئاۋاز تۈرلىرى بويىچە ئۆز ئاۋاز كۆيلىرىگە ماسلاشقان ناخشىلارنى ئېيتىدۇ، ھەرقايسى كونسېر-

ۋاتورىيە ۋە ناخشا پاكولتېتلىرىنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىمۇ يۇقۇرىدىكى ئاۋاز بۆلۈملىرى بويىچە تۈزۈلىدۇ ۋە قوللىنىلىدۇ.

ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولغان ئىتالىيىچە «گۈزەل ئاۋاز» ناخشا قائىدىسى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1980 - يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ناخشا ساھەسىمۇ خەلقارالىق ناخشا ئېيتىش قائىدىسى بويىچە يېڭى تەرەققىياتلارغا يۈزلەنمەكتە.

بىزنىڭ ئۇيغۇر ناخشىچىلىرىمىزنىڭ ئاۋاز شارائىتى ئىنتايىن ياخشى. لېكىن يۇقۇرىقىدەك ئىلمىي قائىدىلەرگە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە ناخشىچىلىرىمىزنىڭ ئاۋاز تەرەققىياتى بەزىبىر توسالغۇلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ناخشىلىرى ئىنتايىن مۇڭلۇق، مېلودىيىلىرى گۈزەل. ناخشىدىكى ئۇششاق ئوينۇتۇش، ئىنچىكە ئەگىتمىلەر كۆپ بولۇپ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىراق ناخشىلارنىڭ ئاۋاز دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس، جەنۇب ناخشىلىرى 1 —3 كىچە ئون گىرادۇس دائىرىدە، شىمال ناخشىلىرى 1 — 5 كىچە ئون ئىككى گىرادۇس دائىرىدە ئېيتىلىدۇ. ئىجادىي ناخشىلارمۇ ئون ئۈچ گىرادۇستىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. بىرەر كۈينى ئالساق مەيلى ئۇ كۆتىرىلسۇن ياكى چۈشۈرۈلسۇن 1 — 3 كىچە بولغان ئون گىرادۇسلۇق ناخشىلار ئوتتۇرا ئاۋازلىقلارغا، 1 — 5 كىچە بولغان ئون ئىككى گىرادۇسلۇق ناخشىلار يۇقۇرى ئاۋازلىقلارغا ماس كېلىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھەر ئىككى خىل ئاۋازلىقلار ئۈچۈن ناخشا ئېيتىش قىيىنغا چۈشىدۇ، ناخشا گۈزەل ھەم راۋان ئاڭلانمايدۇ. بۇ ئەھۋال داۋاملىق تەكرارلانسا، ئاۋاز بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ناخشىچى ئۆزىنىڭ ئاۋاز شارائىتىغا ئاساسەن — ئاۋازى تومراقلار ئاۋاز ئارىلىقى قىسقاراق كەلگەن تۆۋەنرەك ناخشىلارنى، ئاۋازى ئىنچىكە، ئىگىزرەك ناخشىچىلار ئاۋاز ئارىلىقى ئۇزۇن، ئىگىزرەك ناخشىلارنى تاللاپ ئېيتىشى، ناخشىنىڭ ئۆز ئاۋازىغا ماس كەلگەن - ماس كەلمىگەنلىكىگە دىققەت قىلىشى لازىم. ناخشا ئېيتقاندا، پۈتۈن بەدىنى قىينالماي، ئەركىن، ئازادە، كېكىردەك قىسمى بوش، خىرامان تۇرۇشى كېرەك. مەيلى ئەر، ياكى ئايال ناخشىچىلار بولسۇن ناخشا ئېيتقاندا بوغدىيىگى يۇقۇرى كۆتىرىلىپ كەتمەسلىكى لازىم. مانا بۇ ناخشا ئېيتىشنىڭ ئىلمىيەتلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ ۋە شۇنداق قىلغاندىلا ناخشا مۇڭلۇق ۋە راۋان ئاڭلىنىپ، ئاڭلىغۇچىلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

## 3 - ئەكس سادا

ناخشىدىكى ئەكس سادا (MASCER) — خۇددى تاغ ئىچىدە تۇرۇپ «ئا!» دەپ توۋلىغاندا جاراڭلىشىپ قايتقان ئاۋازغا ئوخشاش، ئاۋاز چىقىرىش ئەزالىرىدىكى مەلۇم تەرەپلەرگە ئۇرۇلۇپ - قايتىپ چىققان ئاۋازغا ئېيتىلىدۇ. ئۇ باش سادا، يۈز سادا، كۆكرەك سادا دەپ 3 كە بۆلۈنىدۇ:

(1) باش سادا - باش قىسمىمىزدىكى بارلىق بوشلۇقلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، قاتتىق تاڭلاي ئارقىلىق گەجگە تېمىغا سوركۈلۈپ ئۆتۈپ ئۇدۇل مېڭىگە ئۇرۇلۇپ چىققان جاراڭلىق ئاۋاز باش سادا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چاغدا مېڭىنىڭ ئۈستى خۇددى بوشلۇقتەك تۇيۇلىدۇ. باش ساداغا كۆپىنچە يۇقۇرى ئاۋازلىق ناخشىچىلار كۆپ ئەھمىيەت بېرىدۇ. باش سادا ئاۋازنىڭ ئورنى يۇقۇرىراق بولۇپ، ئاۋازنىڭ يىراققا تېپىش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. ناخشىچىلار بۇنىڭ-

دىن پايدىلانغاندا ئاۋازنىڭ دەل تەلەپ قىلغان ئورۇندىن چىقىشىغا پايدىلىق بولىدۇ. ئاۋاز يولى ئىنچىكە، ئاۋاز نۇقتىسى توچكىدەك كىچىك، لېكىن چىققان ئاۋاز كۈچلۈك، جانلىق بولىدۇ. شۇڭا كۆلكىسىمان يۇقۇرى ئاۋازلىق ناخشىچىلار ناخشا ئېيتقاندا باش سادادىن كۆپرەك پايدىلىنىشى لازىم.

(2) يۈز سادا — يۈز قىسمىمىز ۋە بۇرۇن قىسمىمىزنىڭ بارلىق بوشلۇقلىرىنى تولۇق ئېچىپ يۇمشاق تاڭلايدىكى كىچىك يول بىلەن كەينى تەرەپكە ئۇرۇلۇپ چىققان جاراڭلىق ئاۋاز يۈز سادا دەپ ئاتىلىدۇ. يۈز سادا ئوتتۇرا ئاۋازلارنى چىقىرىشتا ناھايىتى مۇھىم. ناخشىدىكى يۇقۇرى ئاۋاز، ئوتتۇرا ئاۋازغا يۆتكەلگەندە، چوقۇم باش سادانى يۈز ساداغا بىرلەشتۇرۇشكە ياكى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. يۈز سادا باش ساداغا قارىغاندا تومراق بولىدۇ.

(3) كۆكرەك سادا — كۆكرەك قىسمىدىكى بوشلۇقلار تولۇق ئېچىلىپ، كۆكرەك قەپەزگە ئۇرۇلۇپ چىققان ئاۋاز — كۆكرەك سادا دەپ ئاتىلىدۇ. كۆكرەك سادا — ئاۋازنىڭ يىلتىزى. ئەگەر بىز كۆكرەك سادادىن پايدىلانغىنىمىزدا، مەيدىمىزنى تۈزتۈپ باقساق، كۆكرىكىمىزنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىنى ۋە جىرىلدىغان ئاۋازنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يۇقۇرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكەن ئۈچ خىل سادانىڭ ھەممىسىلا ناخشا ئېيتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ناخشىچى ھەر قانداق بىر ناخشىنى ئېيتقاندا ئەشۇ 3 خىل سادانى ئۆز نۆۋىتىدە مۇۋاپىق ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ناخشا جاراڭسىز، تۈپ - تۈز ۋە يېقىمسىز چىقىدۇ.

باش سادا ياۋروپاچە ناخشا ئېيتىدىغانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقتىمۇ 3 خىل سادانىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. ئاۋاز باش سادا، يۈز سادا ۋە كۆكرەك سادا بويلاپ بىر تال تۈز يىپتەك باغلىنىش ھاسىل قىلىشى لازىم. يولداش دىلبەر يۇنۇس مانا مۇشۇ ئۇسلۇپ بويىچە ناخشا ئېيتقانلىقى ئۈچۈن خەلقارادا دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز ئۈچۈن زور شان - شۆھرەت قازاندى. ئۇنىڭ كۆلكىسىمان ناخشىلىرىدا باش سادا ئاساس قىلىنغان، ناخشىلار باش سادا بىلەن باشلىنىپ، باش سادا بىلەن ئاياقلاشقان.

مەن مىللى ئۇسۇلدا ناخشا ئېيتىش بىلەن ئىلمىي ئۇسۇلدا ناخشا ئېيتىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۇرۇلگەن ئارىلاشما ئاۋازنى ئومۇملاشتۇرۇشتا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ مەلۇم ئىزلىنىشلەرنى ئېلىپ باردىم. ئارىلاشما ئاۋازدىكى مىللى ناخشىلارنى ئېيتىشمۇ ئوخشاشلا 3 خىل سادا بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغان ھالدا ئۆز ئارا ماسلىشىدۇ. لېكىن مەن بىر قەدەر مىللىيەتلىگى كۈچلۈكرەك ناخشىلارنى ئارىلاشما ئاۋازدا ئېيتىشتا كۆكرەك سادانى چىڭ ئىگەللەشنىڭ زۆرۈرلىگىنى ھېس قىلدىم. مېنىڭ قارىشىمچە بۇ خىل ناخشىلاردا ئاۋاز خۇددى بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، باش سادا بىلەن كۆكرەك سادا ئارىلىقىدا بىر تۈز يىپتەك باغلىنىش ياسىشى، ناخشا كۆكرەك سادادىن باشلىنىپ، كۆكرەك ساداغا قايتىپ كېلىشى لازىم. بۇنىڭدا ئاۋازنىڭ كۈچى جانلىق بولۇپلا قالماي، ناخشىدىكى مىللى پۇراق ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ رولىنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يۇقۇرى - تۆۋەن ئاۋازمۇ راۋانلىشىدۇ. بۇ ئۇسۇل مەيلى ياۋروپاچە ناخشا ئېيتقۇچىلارغا بولسۇن، مەيلى ئارىلاشما ئاۋازدا ناخشا ئېيتقۇچىلارغا بولسۇن ئوخشاشلا ماس

AltunOq

كېلىشۋېرىدۇ. يېغىپ ئېيتقاندا كۆكرەك سادانى يىلتىز قىلىپ، ھەر بىر ئاۋازنى كۆكرەك قەپەسىنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، نەپەسنى چوڭقۇر ئېلىپ ناخشا ئېيتقاندا، ئاۋاز تولۇق، جاراڭلىق ۋە يېقىملىق چىقىدۇ. مەن ئىزچىل ناخشىچىلىرىدىن ئۇممۇ گۈلسۈم، نۇروزا ۋە ئافغانىستان ناخشىچىسى فەرىدە ماخۋاش ئېيتقان ناخشىلارنى ئاڭلىدىم. ئۇلارنىڭ پۇراق ئالاھىدىلىكىدە بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن جايلىرى بار ئىكەن. ئۇلاردىكى ئورتاق ئىلمىيەتلىك شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى نەپەسنى چوڭقۇر ئېلىپ، ناخشىنى كۆكرەك سادا بىلەن باشلاپ، كۆكرەك سادا بىلەن ئاياقلاشتۇرىدىكەن. سوۋېت ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇر ناخشىچى خالىسخانىمۇ، ئۇيغۇرچە مۇقام ۋە ناخشىلارنى چوڭقۇر نەپەس ئېلىش ئارقىلىق كۆكرەك سادانىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ مەلۇم نەتىجە ياراتقان. يولداش پاشاقىز ئىشان، پاتەم قۇربانلارنىڭ ئاۋازىنىڭ تولۇق، جانلىق، يېقىملىق ۋە جاراڭلىق چىقىشى، ئۇلارنىڭ تەبىئىي تالانتى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن باشقا نەپەس ۋە كۆكرەك سادالىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ توغرا بولغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بىر خىل سادىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر خىل سادانى تۆۋەن مۆلچەرلەشكە قەتئىي بولمايمۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، بەزىلەرنىڭ ئاۋازى تۆۋەنگە چۈشمەيدىغان، بەزىلەرنىڭ ئاۋازى يۇقۇرى چىقمايدىغان ھالەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا 3 خىل سادانىڭ ئورنىنى توغرا ئىگەللەشكە، قايسىسى زۆرۈر بولغاندا، شۇنى دەرھال ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشىمىز لازىم.

مەن يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ناخشا ئېيتىشنىڭ 3 ئاساسىي قانۇنىيىتى، گەرچە ئاۋاز ئىلمىنىڭ دەسلەپكى بىلىمى ھېساپلانسىمۇ، نەپەس، ئاۋاز ۋە سادادىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەرنى توغرا ۋە پۇختا ئىگەللەش ھەر بىر ناخشىچى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقۇرىدىكىلەر مېنىڭ مۇزىكا كانسېرۋاتورىيىدە ئۆگەنگەن ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا باشتىن كەچۈرگەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىمنىڭ بىر قىسىم يەكۈنى. يولداشلارنىڭ تەنقىدى پىكىر بېرىشىنى، يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 90 ـ بەتتە)

قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. لېكىن بۇ ئۇيغۇر يەرلىك تىياتىرى كامالەتكە يەتكەن سەنئەت شەكلى، ئوپېرانىڭ ئارتۇقچىلىق جايلىرىنى زادىلا قوبۇل قىلماسلىقىمىز كېرەك، دېگەنلىك ئەمەس. يەرلىك تىياتىرىمىزنىڭ مۇكەممەللىشىش جەريانىدا ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرىدىن جۈملىدىن ئوپېرا ۋە شىجۈي تىياتىرلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن مۇۋاپىق تۈردە پايدىلىنىشىمىزغا شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر تىياتىرلىرىنى تەدرىجىي بېيىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. خەلقىمىز كۆپ خىل سەنئەت شەكلىگە مۇھتاج بولماقتا. ئەگەر يۇقۇرقى ئۇقۇم ئايدىڭلاشسا ھەر خىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ھەم ئۆز ئارا ئورتاقلىقى ھەم خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشىماسلىقى ئېنىق بولىدۇ ـ دە، كۆپ خىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يول ئېچىلىدۇ ۋە بىزنىڭ سەنئەت بېغىمىزدا ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشتەك گۈزەللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كېلىدۇ.

# ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

مۇھەممەت زۇنۇن

شەيئىنىڭ ماھىيىتى — شۇ شەيئىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى دېمەكتۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە ئېستېتىك ماھىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي تەرەپ قوشۇلۇپ ئۇنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە ئىزچىل قانۇنىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى دىئالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەت بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغىنىمىزدىلا ئاندىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىز ئۆسىدۇ. مەن تۆۋەندە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىگە بولغان بەزى تونۇشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## 1

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى — تۇرمۇش گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ تىپىك، قايناق ھېسسىياتقا تولغان بەدىئىي ئوبرازلار بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «ئىدىئولوگىيە ھېساپلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى — مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى» دېگەن ئىدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى — يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ئېستېتىك قارىشى بىلەن شەيئەلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنىڭ بىرلىكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتاپ ۋە ماقالىلاردا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتى ئوبراز ۋە تىپ ئارقىلىق تۇرمۇشنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىشتە كۆپىنچە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق قايتا نامايەن قىلىش تەرىپى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ ئوبرازنىڭ ئوبيېكتىپلىقى تەكىتلەنگەن. بېلىنسكىي بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: «پەيلاسوپ سىللوگىزىم ئۇسۇلى (ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى) نى قوللىنىدۇ، شائىر بولسا ئوبراز ۋە مەنزىرە بىلەن سۆزلەيدۇ، ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ دەۋاتقىنى ئوخشاشلا بىر ئىش. سىياسىي ـ ئىقتىساتچىلار سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى بىلەن قوراللىنىپ، كىتاپخانلار ياكى تىڭشىغۇچىلارنىڭ ئىدراكىغا مۇراجىئەت قىلىپ، جەمىيەتتىكى مەلۇم بىر سىنىپ ئەھۋالىنىڭ مەلۇم بىر خىل سەۋەپتىن زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقى ياكى ناچارلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرسە، شائىر جانلىق

ۋە روشەن بولغان رېئال تەسۋىرلەر بىلەن قوراللىنىپ، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىغا مۇراجىئەت قىلىپ، جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىر سىنىپ ئەھۋالىنىڭ مەلۇم بىر خىل سەۋەپتىن زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىنى ياكى زور دەرىجىدە ناچارلاشقانلىقىنى ھەقىقىي مەنزىرە ئىچىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىرى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، بىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ھەر ئىككىسىدە سۆز بىلەن قايىل قىلىنىدۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بىرى لوگىكىلىق يەكۈندىن پايدىلىنىدۇ، يەنە بىرى مەنزىرىدىن پايدىلىنىدۇ — خالاس. روشەنكى، بېلىنىسكىي: ئەدەبىيات ـ سەنئەت باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئوخشاش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئەقلىي بىلىشكە يېتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن ئوخشىمايدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكىنى پەقەت ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدا ۋە تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش شەكلىدە — دەپ قارايدۇ. چېرنىشېۋسكىمۇ «تۇرمۇشنى قايتا نامايەن قىلىش سەنئەتنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرى ماھىيىتى» دېگەن ئىدى. دېمەك بۇ خىل قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى بىر خىل ئەقلىي بىلىش پائالىيىتى، تونۇشنىڭ پەۋقۇلئاددە شەكلى دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى پەقەت ئوبرازغىلا مەركەزلەشتۈرىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىش ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى پەقەتلا ئوبرازغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ باشقا ئىجتىمائىي پەنگە ئوخشىمايدىغان مۇرەككەپ مەزمۇنىنى، خىلمۇ ـ خىل شەكىللىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەيلا قالماي، يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنىمۇ تولۇق ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. ئوبراز ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، لېكىن ئۇ بىردىن ـ بىر ئالاھىدىلىكى ئەمەس، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتكىلا خاس نەرسە ئەمەس، باشقا ئىجتىمائىي پەنلەرمۇ ئوبرازغا مۇھتاج؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوبراز يالغۇز شەكىل مەسىلىسى بولماستىن مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكىدۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تۇرمۇشنىڭ قايتا نامايەن بولۇشى دەپ چۈشەنگەندە كۆپىنچە ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ تەرىپى تەكىتلىنىپ، سۇبيېكتىپ تەرىپىگە دىققەت قىلماسلىق، بولۇپمۇ ئوبرازغا سىڭدۈرۈلۈش زۆرۈر بولغان ھېسسىيات ئامىلىغا سەل قاراشتەك بىر تەرەپلىمىلىك ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە ھېسسىيات ئىنتايىن مۇھىم ئامىل. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنىڭ جەۋھىرى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ژانىرلىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، تىپىك شارائىت ۋە تىپىك خاراكتېرنىڭ ئوخشىماسلىقى، يازغۇچىلار ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ھېسسىياتنىڭ تۇتقان ئورنى، ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھېسسىيات ۋە تىپىك ئوبراز قان بىلەن گۆشتەك بىر ـ بىرىگە سىڭىشكەن، تىپىكلىك بىلەن ئوبراز بىر گەۋدىگە ئايلانغان. لېكىن نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھېسسىيات

بىلەن تىپىك ئوبرازنى سىپلىشتۇرغاندا ھېسسىياتنى گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئوبراز بولسا قىستۇرما بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

«ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى،
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى»

«خەلق قوشىقى»

يىللار دېڭىزى دولقۇنلۇق بولساڭمۇ،
ئۇيقۇنلىرىڭنى ياردىۇ بىزنىڭ كاراپ.
بىلىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فورقتىپ باقساڭمۇ،
ئىجات يىللارنى قىرىتىدۇ، دەپ بېرىمىز جاۋاپ.

(ل.مۇتەللىپ «يىللارغا جاۋاپ»)

يۇقىرىقىدەك شېئىرلاردا ھېسسىيات ئاجايىپ چوڭقۇر گەۋدىلەنگەن، ئوبراز بولسا سىپلىشتۇرما قىلىنغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئىرسالنامىلار، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى نەسىھەتنامىلار، ھازىر يېزىلىۋاتقان نەسرى شېئىرلار ۋە نەسرلەردە مۇكەممەل ئوبراز يوق، لېكىن ھېسسىيات بىر قىزىل يىپ بولۇپ پۈتۈن ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن. بەزى ئەسەرلەردىكى ئوبراز جانلىق ۋە كونكرېت ئەمەس، ئۇنىڭدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرمۇ بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭدا ساغلام روھىي ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

بىزنىڭ باغدا جىنەستە،
تۆگەپ كەتتى يەمەستە،
يار ئىگىمزدە مەن پەستە،
ئۆتۈپ كەتتى كۆرمەستە.

«خەلق قوشىقى»

يوللۇغۇم بولسۇن ساڭا،
قوينۇڭغا سالغىن ئالمىنى،
ھەر سېغىنغاندا يۇراپ،
يادىڭغا يايرىم ئال مېنى.

(ت.ئېلىيوپ)

مۇنداق ئەھۋال تەبىئەت لىرىكىلىرى، رەسىم ۋە مۇزىكىلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھېسسىياتنى ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ بىر مۇھىم ئېستېتىك ئالاھىدىلىكى دەپ قاراش مۇمكىن. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان ھېسسىيات — تۇرمۇشنى گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن باھالاشتىن كېلىپ چىققان ئېستېتىك ھېسسىيات بولۇپ ئۇ تۇيغۇ، سەزگۈ، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، ئىنتىقات، غايە، ئىرادە ۋە ھېسسىيات قاتارلىق ئامىللار تەبىئى بىرلەشكەن ئاڭنىڭ ئالى شەكلى. بۇ مۇئەييەن ئىجتىمائى مەزمۇنغا ئىگە، مۇئەييەن ئەخلاق ۋە دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ھېسسىيات — مۇئەييەن ئەخلاق ۋە دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە چەكلىمىسىدىن ئايرىلسا، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن پايدىسىز بولغان شەخسىنىڭ خۇنۈك، پەس ئارزۇ - ھەۋەسىگە ۋە چاكىنا ئىشتىياقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

گوركى ئەدەبىيات – سەنئەتنى «دەۋر تۇرمۇشى ۋە ھېسسىياتىنىڭ تارىخى» دەپ باھالاپ، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ۋە ئېستېتىك ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىدى، رېئال تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتىپ ئېستېتىك پوزىتسىيە، ئېستېتىك ھېسسىيات ئارقىلىق رېئال تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى قايتا ئۆزگەرتىپ، يىغىنچاقلاپ، خىلمۇخىل تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشىگە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى ھېسسىي، ئەقلىي، ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ، ھېسسىيات ۋە ئەقىدىنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى بويىچە چۈشىنىشىمىز لازىم.

## 2

ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. لۇشۈن: «ئەدەبىيات – سەنئەت خەلق روھىدىن پارلىغان نۇر، شۇنداقلا خەلق روھىنى ئىستىقبالغا يېتەكلەيدىغان مەشئەلدۇر» دېگەن ئىدى.

ئەدەبىيات – سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بىۋاسىتە رول ئوينىماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە روھىي ھالىتىگە نىسبەتەن بىلىندۈرمەستىن ئاستا – ئاستا ئۆزگەرتىش رولىنى ئويناپ، شۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئوخشاش بىر داۋلى ۋە ئوخشاش مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن ماقالىلارنى كۆرىدۇ ۋە شۇ داۋلى ھەم مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن ئەدەبىيات – سەنئەت ئەسەرلىرىنىمۇ كۆرىدۇ. بىراق ئۇلار ئالدىنقىسى بىلەن قانائەتلەنمەي كېيىنكىسىنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئەدەبىيات – سەنئەتتىكى «تەربىيە كۆڭۈل ئېچىش ئىچىدە بولىدۇ.» (جۇ ئېنلەي) ئادەتتىكى ئەھۋالدا كىتابخانلار دەسلەپتە ئەدەبىي ئەسەرنى كۆپىنچە ئارام ئېلىش، شات – خۇراملىقنى ئىزدەش ياكى بىرەر بىلىم ئېلىش مەقسىتىدە ئوقۇيدۇ. لېكىن ئۇلار ئەسەردىكى پېرسوناژلار، ۋەقەلىكلەرگە مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، ھېسسىيات جەھەتتە كۈچلۈك تەسىراتقا ئىگە بولىدۇ – دە، ئەنە شۇ تەسىراتنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، خاراكتېرى، ئەخلاقى ۋە پەزىلىتىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىيە ۋە بىلىش جەھەتلەردىمۇ مەلۇم تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئەسەرلەر كىتابخانلاردا ئېستېتىك تۇيغۇ قوزغىيالمىسا، كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلمىسە، كىشىلەرگە لەززەت بېغىشلىيالمىسا، مۇنداق ئەسەرلەرنىڭ سىياسىي خاھىشى قانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە باشقا جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. بۇ ھال، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ تەربىيىۋى رولى، بىلىش رولى – ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولى ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئېستېتىك رولى غايەت زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ ئېستېتىك ماھىيىتىگە نىسبەتەن نەزىرىيە ۋە ئەمەلىي ئىجادىيەت جەھەتتە يېڭى ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئالاھىدە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

AltunOq

# قەشقەر بۇلبۇلى

(ئوچېرك)

مەمتىلى زۇنۇن



كىشىلەر سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى بىلەن «قەشقەر بۇلبۇلى» دەپ تەرىپلەيدىغان پاتىمە قۇربان — خەلقىمىزنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مېھرى - مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان پېشقەدەم سەنئەت ئەربابى ۋە جامائەت ئەربابى. ئەمگەكچان، سەنئەت سۆيەر خەلقىمىز بۇ ئابرويلۇق تۆھپىكارنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ. بۇ ھەقتە مەن سىلەرگە ئۈچ ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

## «بۇلبۇل كەپتۇ!»

1965 - يىلنىڭ ئوما پەسلى. بۇ — مېنىڭ قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ زەمىن گۇڭشې قىزىللىق دادۈيىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەركىتىگە قاتنىشىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. پۈتۈن دادۈي تەۋەسىدىكى ئەر - ئايال ياش - قېرىلار رەت - رەت قىرلىق تۈۋرۈكلۈك كاتتا جامە ئىچىگە لىق تولغان ئىدى. جامە ئۆگزىسى، پەشتىقى ۋە دەرۋازىسىدا مىلتىق تۇتقان خەلق ئەسكەرلىرى مىختەك تۇراتتى. خىزمەت گۇرۇپپىمىز تەربىيىلىگەن «ئوق يىلتىزلار» (تايانچىلار) يىغىن مەيدانىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىزنىڭ بۇ «سىياسەت تاپشۇرۇش» يىغىنىمىز بەئەينى ئوچۇق سوت يىغىنىغىلا ئوخشايتتى. يىغىن ئەھلى قۇيرۇغى ئۈزۈلمەس دەبدەبىلىك نۇتۇقنى ئۇن - تىنسىز ئاڭلاشقا، بەلگىلەنگەن «تايانچ»لار تەرىپىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ توۋلانغان ۋەھىمىلىك شوئارلارغا بار ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇشقا، تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرىنى ئېگىز - ئېگىز كۆتىرىپ قويۇشقا مەجبۇر ئىدى.

كاتىپ ئىدىم. «سىياسەت تاپشۇرغۇچى» ئۆز نۇتقىنى يېزىۋېلىشتۇرماستىنلا مېنى قىساندىقتۇ بىر ماتېرىيالنى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرىغان ئىدى. ئالتە - يەتتە مىنۇتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ

قارىسام، پۈتۈن يىغىن ئەھلى توفاننى بۇزۇپ كەتكەن تومۇز كەلكۈنىدەك دەرۋازا تەرەپكە ئېتىلىۋېتىپتۇ. دەرۋازىدىن چىقىپلا چوڭ يول تەرەپكە قاراپ چېپىشىۋاتقانلارنىڭ بىرىدىن ئالدىراش سورىدىم مەن:

— نىمە ئىش بۇ؟

— بۇلبۇل كەپتۇ!

— نىمە؟

— پاتىمە قۇربان كەپتۇ! ...

بەش - ئالتە مىنۇتتەك ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈن جامە قوينىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى خادىملىرىدىن باشقا ئىككى نەپەر پومىشىشىك بىلەن توققۇز نەپەر گۇناكار ئاساسقاتلام كادىر قالغان ئىدى. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، بىز شۇنچە تەربىيىلىگەن تورالىق - قورالسىز تايانچىلارنىڭ ھەممىسى باشلانغۇچ مەكتەپ تەرەپكە قاراپ ئۇچۇۋاتقان خەلقنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئىدى.

ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئارتىستلىرىنىڭ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىمىز بار ئىدى. بۇ خەۋەرنى بىز يىغىندىن كېيىن ئاممىغا ئۇقتۇرماقچى ۋە ياردەملىشىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرماقچى ئىدۇق. ئۇلارنىڭ چاشكا ۋاقتى بىلەنلا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمىز.

باشلىقىمىزنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە مەن ئىككى پومىشىشكنى ئويۇن كۆرۈش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ ئائىلىسىگە قوغلىۋەتكەندىن كېيىن بايىقى توققۇز «گۇناكار»نى باشلاپ مەكتەپ مەيدانىغا كەلدىم. قارىسام، ئارتىستلار ئاللىقاياقلاردىن خىش - كېسەكلەرنى تېپىپ كېلىپ سەھنىنىڭ يىقىلغان تاملىرىنى ئوڭلاۋېتىپتۇ، ئورەك - ئازگاللارنى تىندۇرۇۋېتىپتۇ. ئارتىستكىلار بولسا، ئوگغۇل - دوگغۇل بولۇپ كەتكەن مەيداننى تۈزلەپ، سۇ چېچىپ سۈپۈرۈۋېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر توپ قىز - چوكانلار توپارەك خادانى كوپتا، مىخچا گۈللۈك ئاق چىت كۆينەكلىك نەۋ جۇۋاننىڭ قولىدىكى ئۈزۈن سۈپۈرگىنى تالىشىۋېتىپتۇ:

— خېنىم، بىز تۇرۇپ، سىلىنىڭ سۈپۈرگە كۆتىرىپ يۈرگەنلىرى قانداق گەپ؟ بۇ ئىشنى بىزگىلا قويۇپ بەرسىلە.

— بىز «خېنىم» ئەمەس، ھەر بىرىڭلارنىڭ چاكىرى، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى بۇ نەۋ جۇۋان، — مەنمۇ دىخان بالىسى، يېزىدىن كەلگەن.

راست، ئۇ 1932 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدە كەمبەغەل دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان دىخان قىزى، 1950 - يىلىنىڭ باھار پەسلىدىن باشلاپ بىزنىڭ سەنئەت گۈلزارىمىزغا ئۆزىگە خاس ئاۋازى بىلەن مەردانە سايرايدىغان خۇش ئاۋاز بۇلبۇل — پاتىمە قۇربان كىرىپ كەلدى.

«بۇلبۇل كەپتۇ! ...» — بۇ سادا پۈتۈن زەمىن گۆكشى تەۋەسىنى چاك كەلتۈرگەن ئىدى. ھەر قايسى قېرىنداش دادۇي دىخانلىرى قىزىللىق تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار مەيدانغا كىرە - كىرمەيلا «قېنى؟»، «قايسىكەن؟» دەپ تەقەززالىق بىلەن سورىشاتتى. قىزىل-

لىقنىڭ قىز ـ چوكانلىرى بولسا، بۇ قەدىر ـ قىممەت ئىگىسىنى بىرەر سائەت بۇرۇن كۆرۈپ، تونۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى خېلىلا پەخىرلىك ھېس قىلاتتى. قول ئېلىشىپ، يۈز يېقىشىپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋالغانلارنىڭ خوشلۇقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى.

شۇ كەمگىچە ۋىلايەتلىك ئۆمەكنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان بۇ چەت، قاقاس، نامرات يۇرت بۈگۈن قايناق ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن ئىدى. ئانچە كەڭ بولمىغان مەيداندىن 4 مىڭدىن ئوشۇغراق كىشى ئورۇن ئالغان، مەيدان ئەتراپىدىكى تام، سۆگەت، قاپاق تېرەكلەرمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قونداقىغا ئايلانغان ئىدى.

بۇلبۇل سەھنىدە ناۋا ئەيلەشكە باشلىدى. «يارۇ»، «گۈل ئايشەمگۈل بالا»، «ئاسىگۇل»، «لەيلىگۈل» ...، ئۇنىڭ ئاغزىدىن گۈل تۆكۈلمەكتە، بۇ «گۈللەر»دىن تۆكۈلگەن ئەتىر ـ ئىپار كىشىلەر كۆڭلىگە چەكسىز راھەت ـ ھوزۇر بېغىشلىماقتا ئىدى. شۇ كۈنىلا ئۇ، كۆپچىلىكنىڭ تەلەپ سادىسى، ئۈزۈلمەس ئالقىشلىرى ئىچىدە ئىككى نۆۋەت سەھنىگە چىقىپ، بىر قېتىمدىلا 17 ناخشا ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئېھتىرامى، خۇشخۇي تەبەسسۇمى، مەردانە ئاۋازى تاماشىبىنلار قەلبىنى زىل ـ زىلىگە كەلتۈرگەن ئىدى.

سەنئەتچىلەر ئەتىسى سەھەردىلا جىددىي پائالىيەت باشلىۋەتتى. ئەرلەر ياماقچىلىق، سەتىراچىلىق قىلاتتى. پاتىمە قۇربان قاتارلىقلار مەھەللىمۇ ـ مەھەللە، ئۆيمۇ ـ ئۆي يۈرۈپ ئاخشامقى ئويۇنغا بارالمىغان كېسەللەر ۋە يېڭىلا تەۋەللۇت قىلغان ئاياللاردىن قىزغىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى، ئۇلار قايسى ناخشىنى تەلەپ قىلسا شۇنى، نەچچە قېتىم تەلەپ قىلسا شۇنچە قېتىم ئوقۇپ بېرىپ خەلقنىڭ رەھمەت ـ مەشقاللىسىنى ئالدى.

ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە، ئارتىستلار «ناس» داۋىيىگە يۆتكەلمەكچى بولغاندا، 124 ياشلىق تاجىنىساخان ئانا بىلەن 107 ياشلىق ماموت بوۋاي ئالاھىدە ئۇزىتىشقا كەلگەن، تاجىنىساخان ئانا پاتىمە قۇرباننىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ: «جېنىم قىزىم، ئاۋازىڭنى كانايدىنلا ئاڭلاپ ئۆزەڭنى بىر كۆرۈشكە شۇنچە تەشنا بولغان ئىدىم. مانا ئەمدى كۆرۈۋالدىم، مۇرادىمغا يەتتىم. 120 ياشتىن ئاشتىم، سېنى يەنە بىرەر قېتىم كۆرەلەرمەنمۇ؟» دەپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتكەن ھەم «خۇدايىم ساڭا مىڭ مىڭدىنمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلىپ ئالغان ئىدى.

ــ بىزنىڭ يۇرتقا بۇلبۇل كەلگەن! ــ چەكسىز سۆيۈنۈش ۋە ئىپتىخارلىنىش بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز بىز ئۇ يېزىلىقتىن ئايرىلغانغا قەدەر يات ـ يات قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

## «ئۇ، ھايات ئىكەن ...»

يەكشەنبە، بازار كۈنى ئىدى. ئارا ماشىنىمىز ئۈزلۈكسىز سىگنال بېرىپ ئاخىرلىق بازار رايونىغا كىرىش بىلەن تەڭ توپ ـ توپ كىشىلەر كەينىمىزدىن ئەگىشىشكە، بارا ـ بارا سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى. ماشىنا ئۈستىدىكىلەر ئېنىق ئاڭلىدۇكى، ئۇلار ھەيران قالغان ۋە

شادىمان بولغان ھالدا مۇشۇ سۆزنىلا قىلىشاتتى ۋە يېڭىدىن قوشۇلغانلارغا خۇشخەۋەر يەتكۈزەتتى:

— ئۇ ھايات ئىكەن! ... پاتىمە قۇربان ھايات ئىكەن! ...

بۇ، 1976 – يىلىنىڭ باھار پەسلى ئىدى. بىز تۆۋەنگە چۈشۈپ ئويۇن تەييارلاش مۇددىتىسى بىلەن بۇ ناھىيىنىڭ جايتېرەك گۇڭشېسىغا راۋان بولماقچى ئىدۇق. ماشىنىمىز ناھىيىنىڭ بازار رايونىدىكى شاقىراتمىلىق ئېرىق بويىدا، يېڭىلا تۈككۈلگەن تېرەك پوتىلىرى ئۇستىدە توختىغان ھامان ئادەملەر قىرپى ماشىنىمىزنى قورشىۋالاتتى. ئۇلار يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلىشاتتى ۋە بۇ قەدىرلىك كىشىنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. پاتىمە قۇربان ماشىنىدىن چۈشۈپ كۆپچىلىككە ئېھتىرام بىلدۈرگەندە، جاپاكەش خەلقنىڭ بوز توپا ئۆرلەپ تۇرغان چىرايلىرىنى شاتلىق نۇرى، ئۇن يىللىق ئازاپ – كۈلپەت ئىچىدە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چاناقلىرىنى ھاياجان ياشلىرى قاپلىغان ئىدى. دەستىلەنگەن قېتىق تاۋاقلىرىنى بۆز ياغلىقتا چىگىۋالغان 60 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال قىستىلىپ ئالغا ئۆتتى – دە، تاۋاقلىرىنى قويۇپلا پاتىمە قۇربانغا ئۆزىنى ئاتتى: «جېنىم، ھايات ئىكەنلا! — دېيەتتى ئايال دىلى يېرىدىن تۆككۈلۈپ، — سىلىنىمۇ كۆرىدىغان كۈنلىرىمىز بولىدىكەن! ... ئۆلۈپ كېتىپتىمۇ دەپ ئاڭلاپ، بۇلبۇل سۈپەت ئاۋازىنى ئەمدى ئاڭلىيالمايمىزمۇ؟ دەپ يىغلىغان ئىدىم. تۆت سەر – يېرىمجىلىك ياغ تاپسىلا ئەرۋاھلىرىغا ئاتاپ تۇرغان ئىدىم تېخى، — ئايالنىڭ يىغىسى كۈلكىگە ئالمىشاتتى، — ھەر نىمە بولسا، ھايات ئىكەنلا، ئاياغلىرىدىن شامال ئۆتتۈپ تۇرۇپتۇ. خۇدايىم تەنلىرىنى ساق قىلسۇن، ئاۋازلىرىنى ئامان قىلسۇن! ...»

ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىگە كىشىلەر نىمە ئۈچۈن شۇنچە تەنتەنە قىلىشىدۇ؟ ئاتالمىش «مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاپ» كىمنىڭ بېشىغا بالايى – ئاپەت كەلتۈرمىدى دەيسىز؟ 50 – يىلىدىن خەلق ناخشىلىرىنى ئۆزگەي ئوقۇپ «فېئودالىزمنى تەشۋىق قىلغان گۇناكار»نىڭ بۇ ئازاپ – ئوقۇبەتلەردىن ئامان قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇ، 1956 – يىلى ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتارىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبەكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق ئالتە رېسپوبلىكىسىدا زىيارەتتە بولۇپ، قېرىنداش مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالاھىدە ئالقىشىغا ئېرىشكەن تۇرسا! مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 – نۆۋەتلىك چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، سەلتەنەتلىك خەلق سارىيىدا جۇئېنلەي، ليۇشاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، جۇدې قاتارلىق پارتىيە – ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن ۋە ھەتتا خاتىرە رەسىمگە چۈشكەن تۇرسا! مۇنداق «قاتمۇ – قات جىنايەت»ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ رەھىمسىز پىپەن، شىددەتلىك كۈرەش، دەھشەتلىك ئازاپلاردىن خالى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟!



جاھالەتلىك يىللارنىڭ مۇدھىش ئەلەم - كۈلپەتلىرى راستىنلا ئۇنى كېسەل - ئىمجان قىلىپ قويغان ئىدى. چەت ناھىيە - ۋىلايەتلەرگە بولسا، ئالىلقاچان ئۇنىڭ مۇسىبەت خەۋىرى يېتىپ بولغان ۋە بۇ شۇم خەۋەر مىڭلىغان كىشىلەرنى شۇنچە بىئارام قىلغان، قايغۇغا سالغان ئىدى.

«پاتىمە قۇربان ھايات ئىكەن!» دىگەن خەۋەر شۇ كۈنلا پۈتۈن قاغىلىق تەۋەسىگە تارقالدى. بىز جايىتىرەك گۈگۈمدا تۇرغان ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە يۇرت - يۇرتتىن كېلىپ، پاتىمە قۇربانىنى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى دىسەم مۇبالىغىمۇ بولۇپ كەتمەس. ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرى ھىلقى سۈت - قايماقچى ئايال ئېيتقاندەك سۆزلەرنى قىلىپ يىغلاپ، كەينىدىنلا كۈلۈپ كېتەتتى.

خەلقىمىز ئۆزىنىڭ تالانتلىق سەنئەتكارلىرىنىڭ ھايات تەقدىرىگە، ئانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدۇ - ھە!

## «كالا سوياي، قىزىم!»

يازلىق كىنوخانىغا تاماشىبىنلار لىقمۇ - لىق تولغان ئىدى. خۇشئاۋاز بۇلبۇل ئۈستىگە ئۇچۇق سەھنىدە پۈتۈن ئىشقى - زوقى بىلەن ناۋا قىلماقتا ئىدى. ئۈزۈلمەس ئالقىشلار، «يەنە شۇ! يەنە شۇ!» دىگەن سادالار پەلەككە كۆتىرىلمەكتە، تاماشىبىنلار شاۋقۇن - سۈرەن سېلىشىپ گويا دېڭىزدەك چايقالماقتا ئىدى. پەرىشتە سۈپەتلىك بىر بوۋاي شۇ دېڭىز دولقۇنلىرىنى يېرىپ ئالغا — سەھنىگە قاراپ ئىلگىرلەۋاتاتتى. بوۋاينىڭ ئۆزىنى كېمىگە، ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان ئاپپاق ساقاللىرىنى دولقۇن ئەۋجىدىن سىلكىنىۋاتقان ئاق يەلكەنگە ئوخشىتىش مۇمكىن ئىدى. بوۋاي ئاخىرى سەھنىگە چىقتى - دە، «قىزىم!» دىگىنىچە پاتىمە قۇربانغا ئېتىلدى. پاتىمە قۇربان بۇ چاغدا تۆتىنچى ناخشىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاممىنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشىغا مىننەتدارلىق سالىمى قايتۇرىۋاتاتتى. «قىزىم! — دەيتتى بوۋاي پاتىمە قۇرباننىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، — يۈر، ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەي، كالا سويۇپ مېھمان قىلاي! كۆڭلۈڭ تارتقانلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرغىن، ھەممىسىنى مېھمان قىلاي. يۈرگىنە قىزىم، بىر مېھمان قىلىۋالاي! ...»

بوۋاي قەلبىنىڭ قات - قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان، مىكرافون ئارقىلىق پۈتۈن مەيدانغا ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقان بۇ سۆز — ھەر بىر تاماشىبىننىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. بۇ سۆز — خەلقىمىزنىڭ ئۆز تۆھپىكارىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ ھارارەتلىك ساداسى ئىدى!

بۇ — 1979 - يىلىنىڭ ياز پەسلىدە مەكىت ناھىيىسىنىڭ قىزىل ئاۋات گۈگۈمىدا بولۇپ ئۆتكەن تەسىرلىك ۋەقەلەرنىڭ بىرى.

X X

Altunoq

خەلق سۆيگەننى پارتىيە سۆيىدۇ، ھۆكۈمەت قەدىرلەيدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت بۇ ئاتاقلىق سەنئەت ئەھلىنىڭ سوتسىيالىستىك سەنئىتىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى يولىدا تۆككەن تەرى، سىڭدۈرگەن ئەجرىنى ئالاھىدە يۇقىرى باھالىدى، شۇ سەۋەپتىن ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالتە رېسپۇبلىكىسىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى. 1956 - يىلىدىن بۇيان پايتەختىمىز بېيجىڭغا 5 نۆۋەت باردى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - قېتىملىق يىغىنىغا رەسمىي ۋەكىللىك سالاھىيىتى بىلەن قاتنىشىپ، ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى، لىيۇشاۋچى، دېڭشياۋپىڭ، جۇدې قاتارلىق پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىز بىلەن كۆرۈشتى، خاتىرە رەسىمگە چۈشتى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى مەشھۇر شەھەرلىرىدە ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەم مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

1982 - يىلى بۇ پېشقەدەم ناخشىچىمىزنىڭ 37 ناخشىسى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسى، مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىلىرى تەرىپىدىن لېنتىگە ئېلىندى، مەملىكەتلىك پىلاستىنكا زاۋۇدى تەرىپىدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن «پاتەمە قۇربان ناخشىلىرى توپلىمى» مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ھەر قايسى مىللەت ۋە ھەر قايسى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا سازاۋەر. پاتەمە قۇربان ھازىر زۆرۈر پەيتلەردە تەلەپكە ئاساسەن سەھنىگە چىققاندىن باشقا ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەنئەت قوشۇنىمىزنىڭ ئىقتىدارلىق ۋارىسلىرىنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا بېغىشلىماقتا.

(بېشى 98 - بەتتە)

سۆھبىتىمىزنىڭ ئاخىرىدا، مەن ئۇنىڭدىن: «سەھنە ھاياتىڭىزغا نىسبەتەن تەسىراتىڭىز قانداق؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ: «قانائەتچىلىكتىن خالىي بولۇپ، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ھەمدە سورۇن تاللاش» دەپ جاۋاپ بېرىپ، بۇ يەكۈننى مۇنداق يېشىپ چۈشەندۈردى: «سەنئەتكار بولغان كىشى ئۆزىنىڭ مەلۇم تالانتى ۋە ئىلگىرى قولغا كەلتۈرگەن مەلۇم نەتىجىلىرى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىپ، ئىزدىنىشنى، ئۆگىنىشنى، يېڭى ئەھۋالغا مۇۋاپىقلىشىشنى بوشاشتۇرۇپ قويسا، ئۇ بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ - دە، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا يەنە، ھەر بىر سەنئەتكار ئۆزىنىڭ جانلىق تەشۋىقاتچىلىق رولىنى دەپسەندە قىلىپ، بەزى ناتوغرا، قالايمىقان سورۇنلارغا ئۆزىنى ئۇرىۋەرسە، ئۆز ئىناۋىتىنى ئۆزى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىتىپ، ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. شۇڭا، سەنئەتچى ئۈچۈن ئەخلاقىي قاراش ئىنتايىن مۇھىم.»

سۆھبەت ئارقىلىق، مەن ئۇنىڭ سەھنە ھاياتىغا بولغان چەكسىز ئىشتىياقى ۋە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا بولغان كۈچلۈك ئىشەنچ - ئۈمىدىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم - دە، ئۇ ئېيتقان بىر ناخشىدىكى «سايرا زەرەپشان بۇلبۇلى» دېگەن مىسرانى كۆڭلۈمدە تەكرارلىدىم.

# ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا

تۇرسۇن يۇنۇس

[ئاپتور ئىلاۋىسى:

1984 - يىلى 11 - ئايدا كونمىڭ شەھىرىدە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر كۆرىكى (تېلېۋىزور بىلەن كۆرسىتىلىدىغان) ئۆتكۈزۈلۈش بىلەن بىرگە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر تەزكىرىسى يىغىنى ئېچىلدى. بۇ يىغىندا مەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى تىياتىر تەزكىرىسى ئىشخانىسىغا ۋاكالىتەن «ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىنى ئوقۇپ ئۆتتۈم. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن تىياتىر تەتقىقاتچىلىرى بۇ ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر تىياتىرى» دېگەن بۇ بىر تىياتىر تۈرىنى رەسمىي ھالدا مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە شۇ قېتىملىق كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان مىللىي تىياتىر «غېرىپ - سەنەم»گە «ئۇيغۇر تىياتىرى» دەپ نام بەردى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىمۇ «ئۇيغۇر تىياتىرى — غېرىپ - سەنەم» دەپ يېزىلغان ئەينەك جازىلىق تەقدىرنامە ۋە بىر دانە لوڭقا مۇكاپات بەردى.

تۆۋەندە مەن شۇ قېتىملىق يىغىندا سۆزلىگەن تەتقىقات ماقالىنىڭ تەپسىلاتىنى تونۇشتۇرماقچىمەن.]

ئۇيغۇر تىياتىرى 30 - يىللاردىن باشلاپ مەيدانغا كەلگەن مىللىي ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان بىر خىل يەرلىك تىياتىر شەكلى بولۇپ ھازىرغا قەدەر «غېرىپ - سەنەم»، «پەرھات - شىرىن»، «تاھىر - زۆھرە»، «رابىيە - سەيدىن» قاتارلىق 20 نەچچە تىياتىر ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ ئۇزۇن يىللار مابەينىدە سەھنىدىن چۈشمەي ئوينىلىپ كەلمەكتە. لېكىن بۇ خىل تىياتىرلارنى نېمە دەپ ئاتاشتا تاكى ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كېلىنگىنى يوق. بۇ تىياتىرلار ئىچىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ئەڭ كۆپ سازاۋەر بولغان «غېرىپ - سەنەم» تىياتىرىنى مىسالغا ئالساق، تەكشۈرۈشىمىزچە بۇ تىياتىرنى 30 - يىللاردىكى سانائى نەفىسەلەر ئويناپ چىققاندا، ئۇنىڭغا «تىياتىر» دەپلا نام قويغان. 57 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر دىراما ئۆمىكى ئويناپ چىققاندا «دىراما» دەپ نام قويغان. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى قۇرۇلغاندىن كېيىن 80 - يىلى ئۇنى قايتا سەھنىلەشتۈرگەندىن كېيىن «مىللىي ئوپېرا» دەپ نام قويۇلدى. تۆۋەندە ئۇنىڭ زادى قايسى خىل تىياتىرغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقايلى.

«غېرىپ – سەنەم» تىياتىرى — ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن شۇ ناملىق ئۇيغۇر كلاسسىك داستانى ئاساسىدا رەتلەپ چىقىلغان كۆپ پەردىلىك تىياتىر بولۇپ، بۇ ئەسەر 30 – يىللاردا سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە سەھنىدىن چۈشمەي ئوينىلىپ كەلمەكتە. «غېرىپ – سەنەم» داستانى ئوتتۇرا ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق ئىچىدە كەڭ تارالغان ۋە ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللىرى بىلەن ئومۇملىشىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭدا تىياتىر ئامىللىرى ئىنتايىن مول بولغانلىقىدىن ئانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلمايمۇ سەھنىلەشتۈرۈشكە بولغانلىقى ئۈچۈن 30 – يىللاردىكى مەلۇم ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا «غېرىپ – سەنەم» داستانى سەھنىلەشتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان. «غېرىپ – سەنەم» تىياتىرى ئەسلى داستاننىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي قۇرۇلمىسىغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلغاندىن تاشقىرى داستاندىكى ناخشا تېكىستلىرى ئەينەن ساقلىنىپ قالغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ناخشا، مۇزىكىلىرىمۇ كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئەڭ تونۇشلۇق بولغان 12 مۇقامنىڭ داستان قىسمىدىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن خەلق ئاممىسى ئىچىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قوزغىيالىدى ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈپ كۆرىدىغان مىللى تىياتىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

«غېرىپ – سەنەم» تىياتىرى ئۆز ۋاقتىدا «دىراما» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتتا كەلگەندە ئۇنىڭ ئادەتتىكى دىرامىلارغىمۇ ئوخشىمايدىغانلىقى ياكى ئوپېرا بىلەنمۇ ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ ئۇنى يەنىلا «ئوپېرا» دېگەن نام بىلەن ئاتاشقا باشلىدى. 1981 – يىلى «غېرىپ – سەنەم» نى بېيجىڭگە ئېلىپ بېرىپ قويغان چاغدىمۇ «ئۇيغۇر مىللىي ئوپېراسى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلىندى. بېيجىڭدىكى سەنئەت ئەربابلىرى بۇ تىياتىرنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىياتىرنىڭ «ئوپېرا» دېگەن نامى بولغاچقا ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئوپېرانىڭ دۇنياۋى ئورتاق ئۆلچىمى ۋە ئوپېرانىڭ نەزەرىيىسى بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاپ ئۇنى ئوپېرانىڭ تەلىۋى بويىچە قايتا ئۆزگەرتىپ چىقىشىمىز توغرىسىدا مۇھىم تەكلىۋى پىكىرلىرىنى بەردى ۋە ئۆزگەرتىش لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئەگەر «غېرىپ – سەنەم» نى ئوپېرانىڭ ئاشۇ ئورتاق ئۆلچىمى بويىچە قايتا ئۆزگەرتىپ چىقىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بىزنىڭ بۇ تىياتىرىمىز «غېرىپ – سەنەم» بولماي قالىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنى خەلقمۇ ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «غېرىپ – سەنەم» قاتارلىق ئۇيغۇر يەرلىك تىياتىرلىرىنى خەلقارا ئوپېراسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك پەرقلەر مەۋجۇت.

1) ھەقىقىي ئوپېرا بولۇش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ناخشا، مۇزىكىلىرى پۈتۈنلەي يېڭىچە ئىجادىي ئاھاڭ بولۇشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن ئوپېرانىڭ ئورتاق ئۆلچىمىگە مۇۋاپىقلاشمايدۇ. لېكىن «غېرىپ – سەنەم» نىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىلىرى يېڭى ئىجادىي ئاھاڭلار بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ناخشىلىرى 50 نەچچە يىل مابەينىدە خەلق ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان 12 مۇقامنىڭ داستان قىسمىدىن ئىبارەت. ھەر قانداق بىر كىشى «غېرىپ – سەنەم» تىياتىرىنى سېغىنغاندا ئۇنىڭ خەلق قەلبىگە سىڭىپ كەتكەن ئاممىباپ مۇقام، ناخشا، مۇزىكىلىرىنى بىرلىكتە

ئېغىزغا ئالماي قالمايدۇ. ئەگەر بۇ تىياتىرنى ئوپېرانىڭ تەلۋى بويىچە ئۆزگەرتكەندە ئۇنىڭ بارلىق ناخشىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا ئىجادىي مۇزىكا ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا بۇ تىياتىر ئەسلى پۇرىقىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىدۇ ــ دە، يەرلىك تىياتىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق يەرلىك تىياتىرلارنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىمۇ تىياتىر مۇزىكىسى يېڭى ئىجادىي مۇزىكا بولماستىن، بەلكى خەلق ئاھاڭلىرىنى ۋاستە قىلغانلىقىدا ياكى ئۇ تىياتىرلارنىڭ مۇزىكىلىرى خەلق ئاھاڭلىرى ۋە كىلاسسىك ئاھاڭلارغا ئاساسەن رەتلەپ چىقىلغانلىقىدا.

2) ئوپېرانىڭ تەلۋى بويىچە بولغاندا ھەر قانداق بىر ئەسەردە ھەر بىر پېرسوناژ ئۈچۈن بىر ــ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم مېلودىيە يېزىلىپ، ئەنە شۇ ئارقىلىق ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مۇزىكىلىق ئوبرازى يارىتىلىدۇ. شۇنداقلا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىغا ئاساسەن بىر ــ بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆي شەكىللىرى ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن «غېرىپ ــ سەنەم» قاتارلىق يەرلىك تىياتىرلارنىڭ ئەسلىدىكى مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ مۇزىكىلىق ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەنگەن ئاھاڭ بولمىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇنى ھەممە كىشى ئېيتالايدىغان ۋە كىم ئېيتسىمۇ بولۋېرىدىغان كىلاسسىك ناخشا ئاھاڭلىرىدىن تەركىپ تاپقانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ خىل ئاھاڭلار ئارقىلىق مۇئەييەن بىر پېرسوناژنىڭ مۇزىكىلىق ئوبرازىنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوبراز يارىتىمىز دەپ مۇقام ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيىسىنى ئۆزگەرتىۋەتسەك خەلق ئۇنى «غېرىپ ــ سەنەم» ئاھاڭى دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ ھەمدە يەرلىك تىياتىرلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ.

3) ئوپېرانىڭ تەلۋى بويىچە بولغاندا، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئوپېرالىق كۆي ساداسىنى ۋە تەسىرى ئۈنۈمىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەر ــ ئاياللارنى يۇقۇرى ئاۋاز، ئوتتۇرا ئاۋاز، تۆۋەن ئاۋازلار بويىچە ئايرىپ ئۇلارنى ھەم ئۆز ئارا ماسلاشتۇرىدىغان ھەم بىر ــ بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان قىلىپ، شۇ ئاۋاز تۈرلىرى بويىچە ئاھاڭ يېزىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرلىرىمىزدا قوللىنىۋاتقان كىلاسسىك ئاھاڭلىرىمىزنىڭ بىرەرسىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۇنى بىۋاستە ھالدا ئەر ــ ئاياللارنىڭ يۇقۇرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئاۋازى ئورنىدا قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى كىلاسسىك ئاھاڭلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىدە تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقۇرى ئاۋازلار قوشۇلۇپ كەتكەن. تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بىر پۈتۈن ناخشا ئاھاڭىدا يۇقۇرى ئاۋازمۇ، ئوتتۇرا ئاۋازمۇ، تۆۋەن ئاۋازمۇ تېپىلىدۇ. ھەتتا بەزى كىلاسسىك ناخشىلىرىمىز بىرىنچى ئەۋجە، ئىككىنچى ئەۋجە، ئۈچىنچى ئەۋجىلەر بويىچىمۇ ئېيتىلىدۇ. ئەگەر ئاۋازنى تۈرلەرگە بۆلىمىز دەپ بىر پۈتۈن ناخشىنى پارچىلىۋەتسەك چولتا بولۇپ قالىدۇ ــ دە، ئۇيغۇر كىلاسسىك ناخشىلىرى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالالمايدۇ.

4) ئوپېرانىڭ تەلۋى بويىچە بولغاندا ئۇنىڭدىكى ناخشا ۋە مۇزىكىلار پېرسوناژلار ئىچكى ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۆپىيىپ بارىدۇ. ھەم ئىچكى ھەركەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. پۈتۈن ۋەقەلىكنىڭ دولقۇنسىمان **راۋاجلىنىشىغا** ئاساسەن مۇزىكىمۇ دولقۇنسىمان ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ ــ دە، پۈتۈن ئوپېرانىڭ بەش باسقۇچىنى يەنى (1) باشلىنىش، (2) راۋاجلىنىش، (3) ئەۋجە، (4) بۇ-

رۇلۇش، (5) يېشىم قاتارلىق جەريانىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ يەرلىك تىياتىرىمىزدىكى كىلاسسىك ئاھاڭلار بولسا، ئەسلى ئۇ ۋەقەلىك مۇزىكىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يۇقۇرقى تەلەپكە بىۋاستە ماسلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بىز ئۇلارنى ئوپېرانىڭ تەلىۋى بويىچە ئۆزگەرتىمىز دەپ كىلاسسىك ئاھاڭلىرىمىزنى ئەينەن ئىشلەتمىسەك يەرلىك تىياتىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىگى يوقىلىپ كېتىدۇ – دە، خەلق ئۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

5) ئوپېرادا «كۆي بايان» شەكلى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەر خىل ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك زىددىيەتلەر بىلەن تولۇپ – تاشقان مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى مەركەزلىك ھالدا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. (بۇ خىل ناخشىلار ئومۇمەن كۆپ ئۆزگىرىشلىك ۋە كۆپ رېتىملىق بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن پېرسوناژلارنى چوڭقۇر ئىپادىلىگىلى بولىدۇ) لېكىن بىزنىڭ يەرلىك تىياتىرىمىزنىڭ كىلاسسىك ئاھاڭلىرى ئۆز رېتىمىدىن ئايرىلسا ئەسلىدىكى قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. «كۆي بايان» شەكلىنى قوللانمىز دەپ مۇقام مۇزىكىسىنى ئۆزگەرتىۋەتسەك يەرلىك تىياتىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

6) ئوپېرا بىلەن ئۇيغۇر يەرلىك تىياتىرلىرىنىڭ يەنە بىر پەرقى سەھنە ئەسىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىدىمۇ زور ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ.

ئوپېرانىڭ سيۇژېت قۇرۇلمىسى ۋە دىراماتىك توقۇنۇشلىرى ئوپېرانىڭ مۇزىكىلىق ئوبرازىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەمدە ئاۋاز سادالىرىنىڭ تەسىرى كۈچىنى ۋە ئورتاق مۇزىكا قۇرۇلمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر يەرلىك تىياتىرلىرىمىز ئۇنىڭ تەتۈرسىچە مۇزىكا بىلەن ناخشا پۈتۈن ئەسەرنىڭ دىراماتىك توقۇنۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىياتىرىمىزنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىگى.

7) ئوپېرادا پېرسوناژلارنىڭ كۆپ خىل ئاكورتلۇق ناخشىلار ئارقىلىق پۈتۈن تىياتىرنىڭ مۇزىكا تۈسى جانلاندۇرۇلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئۇيغۇر تىياتىرىمىزدىكى كىلاسسىك ناخشىلاردا ئاھاڭلارنىڭ ئۆزگىرىش ئارىلىغى ئىنتايىن زىچ بولغاچقا بىۋاستە ھالدا كۆپ خىل ئاۋازلار (شىگبۇغا) بويىچە ئاكورتلاشتۇرغاندا مۇقام پۇرىقىغا تەسىر يېتىدۇ – دە، مۇقام ئۆز ئالاھىدىلىگىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئەسلىدىكى شەكىل ئالاھىدىلىگىمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ يۇقۇرقى ئالاھىدىلىگى ۋە ئۇنىڭ ئوپېرا بىلەن بولغان تۈپلۈك پەرقلىرى مەملىكىتىمىزدىكى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ يەرلىك تىياتىرلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنداقلا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ شەك – شۈبھىسىز يەرلىك تىياتىرغا مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا بۇرۇن قويۇلغان «دىراما» ۋە «ئوپېرا» دىگەن نامۇۋاپىق ناملارنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر تىياتىرى» دىگەن نامنى قوللانساق مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ قارايمىز. شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، يۇقۇرقى قارىشىمىزدىن ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن خەلقارالىق ئورتاق ئۆلچەمگە لايىق ئوپېرا ئىشلەشكە بولمايدۇ، دىگەن خۇلاسە چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىزنىڭ ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىمىزدىن ھەم ئوپېرانىڭ ئورتاق ئۆلچىمىگە باپ كېلىدىغان ھەم ئۆزىمىزنىڭ مىللى ئالاھىدىلىگىمىزگە ماس كېلىدىغان يۇقۇرى سۈ-

AltunOq

پەتلىك ئوپېرالارنى يارىتىش تامامەن مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا ئوپېرا ئۈچۈن چوقۇم ئوپېرا مۇزىكىسى ئىجاد قىلىنىشى شەرت. ھازىر مۇنداق بىر خىل خاھىش مەۋجۇتكى، بەزىلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق ئىككى خىل تىياتىر شەكلىنى بىر - بىرىگە قارشى قويۇپ، ئۇلار بىرى يەنە بىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئاخىرى بىرلا شەكىل قالىدۇ، دەپ قارايدۇ، تىياتىر سەنئىتىنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكلى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيات يولى بىلەن راۋاجلانسا ۋە بۇ خىل گۈل تەڭ ئېچىلىپ بىردەك خۇشپۇراق چاچسا بۇ تېخىمۇ ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟

ھازىر ئۇيغۇر تىياتىرى تەرەققىي قىلىپ ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلىگە ئايلىنىۋاتىدۇ. بەزى جايلار ئۇيغۇرچە لەپەر شەكىللىرىنى تىياتىرغا سىڭدۈرۈۋاتىدۇ. ھەتتا نۇرغۇن ئۇسۇل ھەركەتلىرىمۇ تىياتىر ھەركەتلىرىگە قوبۇل قىلىنىپ سىڭدۈرۈلۈۋاتىدۇ.

يېقىندا ئوينالغان بەزى تىياتىرلارنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭدا قىلىچۋازلىق بىلەن نەيزىۋازلىق ھەركەتلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ قىلىچۋازلىقى ياۋروپانىڭ دۇئېلىغىمۇ ئوخشىمايدۇ. خەنزۇ شىجۈي تىياتىرلىرىدىكى چامباشچىلىق ھەركەتلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردىكى قىلىچۋازلىق بىلەن ئۇسۇل ھەركەتلىرى بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە بۇ ئۆزى مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بىر خىل پەۋقۇلئاددە ئۇرۇش ھەركەتلىرى بولۇپ شەكىللەندى. ئۇيغۇر تىياتىرى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا تىياتىرلاردىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ مۇستەقىل تەرەققىي قىلىشىغا شارائىت تۇغدۇرۇپ بەرمەيدىغان بولساق باشقا تىياتىر شەكىللىرىنىڭ كۈچلۈك رىقابىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆزىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكىنى تەدرىجى يوقىتىپ، تەرەققىيات نىشانىسىدىن چەتنەپ، پۈتۈنلەي يوقىلىش تەرەپكە مېڭىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ تەكلىپلەرنى بەرمەكچىمىز.

(1) ئۇيغۇر تىياتىرى ئۆزىنىڭ مىللىيەتلىكى ۋە ئۇنىۋېرساللىقى بىلەن باشقا تىياتىرلاردىن پەرقلەنگەچكە بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشىمىز لازىم.

(2) يۇقۇرقى نۇقتىنى چىقىش قىلىپ، بۇندىن كېيىنكى تىياتىر ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا تۆۋەنگە بېرىپ ھەر خىل خەلق مەشرەپلىرى ۋە ھەر خىل ئەلنەغمە شەكىللىرى، شۇنىڭدەك مەددالىق قاتارلىق بەدىئى شەكىللەرنى ئالاھىدە تەتقىق قىلىپ ئۇلاردىكى پايدىلىق تەرەپلەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە مىللىيەتلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

بىزنىڭ بۇ نەزىرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزدىكى مەقسەت، ئۇيغۇر سەھنىسىدە ئوپېرا بىلەن ئۇيغۇر يەرلىك تىياتىرىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئاجرىتىپ، ئاتالغۇلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەر ئىككى خىل سەنئەت شەكلىنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەرەققىيات نىشانىسى بويىچە تەرەققى

(ئاخىرى 75 - بەتتە)

# ماھىر سازەندىدە يوشۇرۇن سىر بولامدۇ؟

**پەتتارجان ئابدۇللا**

ئەگەر ماھىر سازەندە بىرەر ئەسەرنى ئىجرا قىلىشتا ھەقىقەتەن ماھارەت كۆرسەتسە تاماشىبىنلار ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلىنىشى بەلكى ئىنسانىيەت روھىنىڭ گۈزەللىكى ھەم دانىشمەنلىكىدىن ھاياجانلىنىشى ھەتتا ماھىر سازەندىدە قانداقتۇر بىر خىل «يوشۇرۇن سىر» بارمىكىن، دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن.

ماھىر چالغۇچىنىڭ يوشۇرۇن سىرى بولامدۇ؟ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشتە ئالدى بىلەن چالغۇچىنىڭ مۇزىكا چېلىشتىكى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلىشىمىز، ئۇنىڭ مۇزىكا ئۆگىنىشتىن تارتىپ تاكى كامالەتكە يەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر پۈتۈن تارىخىنى بىر قەدەر تەپسىلىي تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ماھىر سازەندە بىرەر ئەسەرنى ھەقىقەتەن يۈكسەك تالانت ۋە ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلسىغۇ بىز ئۇنى «يوشۇرۇن سىر»لىرىنى ئاشكارا قىلىۋاتىدۇ، دەيمىز. لېكىن يەنە بىر قىسىم سازەندىلەر ساز چالسا نېمە ئۈچۈن كىشىنى ئانچە جەلپ قىلالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

بۇنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك سەۋەبلىرى بار. ئەگەر سازەندە تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلىسا ماھىر سازەندە بولالايدۇ.

(1) تەبىئىي تالانت (تەبىئىي مۇزىكا سېزىمى) بولمىغان كىشىلەر قانچە تىرىشسىمۇ، قانچە كۆپ مەشىق قىلسىمۇ ماھىر سازەندە بولالمايدۇ. (2) تەبىئىي تالانتنى يېتىلدۈرۈش جەريانىدىكى مۇقەررەر تەييارلىق يولىدىن ئۆتۈشى لازىم. (3) مول مۇزىكا بىلىمىگە ئىگە بولۇشى لازىم. (مۇزىكا نەزەرىيىسىنى ئىگىلىشى، كىلاسسىك ۋە ھازىرقى زامان مۇزىكىلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈشى، ھەر قايسى مىللەت مۇزىكىلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇشى لازىم.) (4) مۇزىكىلىق ھېسسىياتقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. (5) ھەر بىر ئەسەرنى ئىجرا قىلىشتا، پۇختا تەييارلىق بولۇشى لازىم، مانا مۇشۇ شەرتلەرنى ھازىرلىغاندىلا ئاندىن، ماھىر سازەندە بولالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلغان ئەسىرى مەيلى يۇقۇرى سەۋىيىلىك مۇرەككەپ ئەسەر بولسۇن ياكى ئاددىي ئەسەر بولسۇن، تاماشىبىنلارغا ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەر بىر سازەندە ئۆگىنىش ۋە چېنىقىش يولىدىن مۇقەررەر ئۆتۈشى زۆرۈر. بۇ، مۇزىكا بىلىمىنى ئىگەللەش ۋە يۇقۇرى ماھارەتكە ئىگە بولۇشنىڭ بىردىن - بىر يولى، يەنى بۇ جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش يولىدۇر. بۇ يولدا بەزىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، بەزىلىرى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىقى مۇمكىن. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىرىدا

بولسا مەلۇم مۇزىكىلىق تالانتىنىڭ بىخ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە بەدىئىي ماھارىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلىپ، قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق چالغۇچى بولۇشقا مۇناسىپ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ پەيدىن - پەي ئىپادىلىنىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىمىز. ئەمما بەزى سازەندىلەر ئۆمۈرۋايەت تىرىشىسىمۇ ئانچە چوڭ ئۇتۇم ھاسىل قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەپ، ئاشۇ سازەندىدە تەبىئىي مۇزىكا سېزىمىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا.

بەزى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىنىڭ پىسخولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىدە مۇزىكىغا بولغان ئىشتىياق ھەۋەسلىرى تەبىئىي يوسۇندا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار كىچىكىدىنلا ناخشا، مۇزىكىلارنى ئاڭلاشقا ئىنتىلىدىغان، ئاڭلىغاننى تېز قوبۇل قىلىدىغان، ئۆزى ياقتۇرغان مۇزىكىلارنى كۆندىلىك مەشغۇلاتىدا تىنىم تاپماي مەشىق قىلىدىغان، مۇزىچىنىڭ رىتىمىغا، ئاھاڭلارنىڭ تەلەپپۇزىغا، يەرلىك شىۋىلەرگە، ئۇسلۇپ جەھەتتىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك يېڭى پورمىلارنى ئىگەللەشكە تىرىشىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يەنە بەزى ھەۋەسكارلاردا بولسا بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئانچە گەۋدىلىك بولمايدۇ. دېمەك بۇ، ھەۋەسكارلارنىڭ مۇزىكا تالانتىغا (ئاساسلىقى تەبىئىي مۇزىكا سېزىمىغا) قارىتىلىدۇ.

مۇزىكىلىق تالانت مەسىلىسى مۇزىكانتىنىڭ ئۆزىگە بېقىنمايدىغان غەيرى نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ مۇزىكانتىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەتلىكتۇر. تالانت ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماي، بەلكى ئادەمنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى، پىكىر - قاراشلىرىدا دائىم دىگۈدەك ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇزىكا سېزىمى ناچار، بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەنرەك ھەۋەسكارلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا مۇزىكا چېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ھالەتتىمۇ ئۇلارنىڭ بىر قەدەر ماھىر سازەندە بولالىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ماھىر سازەندە بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەبىئىي پسىخىك خۇسۇسىيىتى يار بېرەمەيدۇ.

دۆلىتىمىزدە ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلق سەنئىتى قېرىنداش مىللەت سەنئەتلىرىگە ئوخشاش گۈللەپ ياشنىدى. دۆلىتىمىزنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ھەر خىل چالغۇلار تۈرى بويىچە ماھىر چالغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى. بىز ماھىر چالغۇچىلارنىڭ تارىخىنى كۆزەتكىنىمىزدە، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغانلارنىڭ كۆپ سالماقنى ئىگەللىگەنلىكىنى بايقايمىز. مەشھۇر خەلق سازەندىسى جاسى زاكىرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھۆسەنجان جامى، خەلق نەغمىچىسى روزى ئاكىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن مۇساجان روزى، خەلق داستانچىسى ئاۋۇت ئاكىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن داۋۇت ئاۋۇتلار ئەنە شۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ مىراس كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلاردۇر. تۆۋەندە بىز بىر نەچچە نەپەر ئاتاقلىق سازەندىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى.

## ئاتاقلىق چالغۇچى ھۆسەنجان جامى ھەققىدە

ھۆسەنجان جامى كىچىكىدىنلا مۇزىكا ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئاتىسىدىن ۋە خەلق سازەندىلىرىدىن ساز چېلىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇ 8 يېشىدىن باشلاپلا ئاتىسىغا ئەگىشىپ مەشرەپ ئولتۇرۇشلىرىغا بېرىپ ناخشا، مۇزىكا تىڭشاشنى ئادەت قىلدى. ھۆسەنجان مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئاتىسى ئىجرا قىلىۋاتقان نەغمىلەرنى ۋە تەسىرلىك ئىسلى خەلق ناخشىلىرىنى

ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن تىڭشايتتى. بىر قانچە يىلدىن كېيىنلا ھۈسەنجاننىڭ مۇزىكا تالانتى كۆرۈ- نەرلىك ھالدا مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى ۋە خۇلۇم - خوشنىلىرىمۇ ئۇنى تەنبۇر، دۇتار چالدۇرۇپ ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. ھۈسەنجان 40 - يىللىرى ئىلى، غۇلجا، قاغا، قىي كۇلۇبىدا ھەۋەسكار سازەندە بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە چاڭ چېلىشنى ئۆگىنىپ ھەر خىل كونسېرت نومۇرلىرىغا تەڭكەش قىلدى. 40 - يىللاردىكى ئىلى سانايى نەپىسە پىشقەدەم سەنئەتكارلار جەملەشكەن جاي بولغاچقا ئەنە شۇ مۇھىتتا ھۈسەنجان خەلق مۇزى- كىلىرىنى ئۆگىنىپ تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشتا ياخشى پۇرسەتلەرگە ئىگە بولدى. ئۇ غوپۇر دىڭخۇلۇ، روزى تەنبۇر، مەتتايىر، زوردۇن شۇۋە، ئابدىنەبى مانناپ قاتارلىق پىشقەدەم چالغۇ- چىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇلاردىن سىستېمىلىق ھالدا تەربىيە ئېلىشقا باشلىدى. ئۇ غورىبەتچىلىك تۇرمۇشتىمۇ مۇزىكىغا بولغان ھەۋىسىنى قىلچە بوشاشتۇرماي تۈرلۈك چالغۇلار بىلەن خەلق ئاھاڭلىرىنى چېلىشنى ئۆگەندى. ھۈسەنجان ئۇستازلىرىدىن خەلق مۇزىكىسى «ئەجەم»، «نىم پەدە»، «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ»، «ئوشاق مۇقام» نىڭ مۇقەددىمىسىنى ئۆگەندى. بۇنىڭ ئىچى- دە «ئەجەم» مۇزىكىسى مۇرەككەپ، يۇقۇرى سەۋىيىلىك مۇزىكا ئىدى. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى «ئەجەم» نى مۇزىكىلارنىڭ تاجىسى دەپ قارايتتى. ھۈسەنجان ئۆزىنىڭ تەنبۇر چېلىشتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ ماھارىتىنى يەنىمۇ يۇقۇرى پەللىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ئەجەم» مۇزىكىسىنى قاتتىق مەشق قىلدى. ئۇنىڭ قول بېغىشلىرىدىن ۋە پەدە باسقان بار-ماقلىرىدىن قان تامچىلىرى ئېقىپ تۇرسىمۇ «ئەجەم» مۇزىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجرا قىلىش سەنئىتىنى چوڭقۇر ئىگەللەشكە تىرىشتى. خۇددى خۇالوگېنىڭ «بىر ئۇلۇش جاپالىق ئەمگەك- تىن بىر ئۇلۇش تالانت كېلىدۇ» دېگىنىدەك، ھۈسەنجان ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن قولغا كەلگەن نەتىجىلىرىنى 50 - يىللىرى تۇنجى قېتىم سەھنىدە نامايەن قىلىپ «ئەجەم» مۇزىكىسىنى تەنبۇر بىلەن ناھايىتى نەپىس ۋە يېقىملىق ئىجرا قىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئەقىل، ئەلۋەتتە بىلىش ئىقتىدارىدۇر. ئىقتىدار بولسا كۆزىتىش ۋە دائىملىق مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتەك ھەر خىل پائالىيەتلەرنىڭ جۇغلانمىسىدۇر.

ھۈسەنجان 50 - يىللاردىن باشلاپ يېڭىلىق ياراتقۇچىلار قاتارىغا قەدەم قويدى. ئۇ ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ «ئىجاتكارلىق — خەلق چالغۇچىلىرىنىڭ بەلگىسىدۇر» دېگەن سۆزى بويىچە ئۆزى ئىجرا قىلىۋاتقان ئەسەرلەرگە نىسبەتەن قانداقتۇر بىر يېڭىلىق كىرگۈزۈشكە ياكى بۇ ئەسەر- نىڭ يېڭى ۋارىيانتلىرىنى يارىتىشقا تىرىشتى. كۆپىنى نازۇك ۋارىئاتسىيىلەر بىلەن بېزەشكە ئىنتىلدى. ھەم- دە تەنبۇرنىڭ رەڭگا- رەڭ ئاۋاز شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە، تەنبۇرغا ناخۇن ئۇرۇش بىلەن پەدە بېسىش- نىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل چالغۇلىرىدىكى چېلىش بىلەن پەدە بېسىش ئالاھىدىلىكلىرىنى يىغىنچاقلاپ، تەنبۇر چېلىشتا مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ناخۇن ئۇرۇش تۈرلىرىنىمۇ كۆپەيتتى. ھۈسەنجان خەلق مۇزىكىسى «ئەجەم» نى تەنبۇر بىلەن ئىجرا قىلغاندا تەنبۇرنى يۇمشاق ئۇرۇش، قاتتىق ئۇرۇش، سەكتە ئۇرۇش، يەكتە ئۇرۇش، ئالماشتۇرۇپ ئۇرۇش، ياندۇرۇپ ئۇرۇش، سادا چىقىرىپ چېلىش، ناخۇن ئۇرۇپ دولقۇنلىتىش، تىترىتىپ پەدە بېسىش، يۇقۇرى، تۆۋەن سىرىپ پەدە بېسىش قاتارلىق چېلىش

ئۇسۇللىرىنى «ئەجەم» مۇزىكىسىنى ئىجرا قىلىشتا ئىجادىي يوسۇندا ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن تارىختىن بۇيان ئاددىي چېلىش پورمىلىرى بىلەن ئىجرا قىلىنىپ كېلىۋاتقان خەلق مۇزىكىسى — «ئەجەم» بىردىنلا يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ، زامانىمىزنىڭ مەشھۇر مۇزىكىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ھۇسەنجان جامى كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئېلىش ئارزۇسى بويىچە مۇقام شۇناس تۇردى ئاخۇن، روزى تەنبۇر زىكرى ئەلپەتتا، ساۋۇت ئاخۇن، ئابدۇۋەلى جارۇللا قاتارلىق پىشقەدەملەردىن مۇقام نەغمىلىرى ۋە مەشرەپ داستانلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن تەتقىق قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، 12 مۇقامنىڭ مۇقەددىمىلىرىنى «رۇباتۇ» شەكلىدە ئىجرا قىلىشتا ئۇنىڭ بەدىئىيلىكىگە غايەت زور ھۆسۈن قوشتى. چالغۇچىدا مۇزىكىلىق ھېسسىياتنىڭ بولۇشى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. چالغۇچى ماھارەت كۆرسەتكەندە ئىجرا قىلىۋاتقان ئەسەرگە نىسبەتەن تازا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى ۋە ئۇنى تولۇپ - تاشقان ھېسسىيات بىلەن ئىجرا قىلىشى لازىم. ھېسسىيات — مۇزىكىنى مۇكەممەل ئىگەللەپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ چېلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ. ھېسسىيات ئىجرا قىلىنىۋاتقان مۇزىكىنىڭ خاراكتېرىگە ۋە تەلىۋىگە ئاساسەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇزىكىلىق ھېسسىيات — مۇزىكانتنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقىدىغان يۈكسەك مۇزىكا سېھرىيىتىنىڭ چاقناپ تۇرغان جەۋھىرىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ھېسسىيات مۇزىكىنىڭ جېنى، مۇزىكانتنى بولسا ھېسسىياتنىڭ نامايەندىسى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ھۇسەنجان جامى ئەنە شۇنداق مۇزىكىلىق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ماھىر سازەندە. ئۇ ئۆزى ئىجرا قىلىۋاتقان مۇزىكىنىڭ ئاددىي ۋە مۇرەككەپلىكىگە، يېقىملىق ۋە يېقىمسىزلىقىغا، شوخ ئۆزگىرىشچان، ئاستا ۋە ساددىلىقىغا، ئەنئەنىلىك مۇزىكىلار بىلەن ئىجادىي مۇزىكىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئوخشىمىغان ھېسسىياتلاردا مۇزىكا ئىجرا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇ چېلىنىۋاتقان ئەسەرنى شاخلىتىپ، ئويىنىتىپ، نازلىتىپ، مۇزىكىلىق خۇلقلىرىنى ئەكس ئەتكۈزۈش (ئىكسپورومت) ئارقىلىق ئىجادىي ئۇسلۇپ يارىتىپ مۇزىكىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بۇنداق (ئىكسپورومت) ناھايىتى ئۆزگىرىشچان ۋە خىلمۇ - خىل بولۇپ ئۇنىڭدا چالغۇچىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇسەنجاننىڭ تەنبۇر چېلىشتىكى «يوشۇرۇن سىرى» مۇ ئۇنىڭ مۇزىكىلىق تالانتىنىڭ ئەركىن نامايەن قىلىنىشىدا ۋە ئۆزلۈكسىز يېڭى - يېڭى پورمىلارنى يارىتىپ چېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ھۇسەنجان تەنبۇرنىڭ پەدىسىنى بېسىشتا، قاتتىق بېسىش، يۇمشاق بېسىش، ئويۇپ بېسىش، سىيرىلدۇرۇپ سىلىق بېسىش، تارنى ئىچىگە يىمىرىپ بېسىش، تىترىتىپ بېسىش، قىسقا تىپىلدۇرۇپ بېسىش، دەستىنى سىلكىتىپ سادا چىقىرىپ بېسىش قاتارلىق پورمىلارنى ئىشلىتىپ تەنبۇرغا ناخۇن ئۇرۇشتا ئادەتتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان سەكتە، يەكتە، مەرغۇللىتىش، سادا چىقىرىپ ئۇرۇش، ئالماشتۇرۇپ ئۇرۇش، سىيرىپ چېلىش، ئەگىتمە چېلىشتىن باشقا قىيىخىتما، ياندۇرما، سىيرىپ سەكرىتىش، چېكىپ سەكرىتىش، سىيرىپ ئۇششاق مەرغۇللىتىش، يوقۇرىدىن تۆۋەنگە، تۆۋەندىن يۇقۇرىغا سىيرىپ بېسىپ سادا چىقىرىش قاتارلىق پورمىلارنى ئىجادىي يوسۇندا قوشۇپ، تەنبۇرنىڭ 7 خىل چېلىش پورمىسىنى بېيىتىپ 13 خىلغا كۆپەيتتى. بۇ خىل چېلىش پورمىلىرى ئارقىلىق ئىجرا قىلىۋاتقان مۇزىكىلارنىڭ بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئورۇنلاش سەنئىتىدە يېڭى سەھىپە ياراتتى.

هۆسەنجان تەنبۇرنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق ھەر خىل مۇزىكىلىق ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تەتقىق قىلىپ، تەنبۇر يۈزلىكىنىڭ خەرەك قىسمىدىن بوغۇز ئارىلىقىغىچە ناخۇن ئۇرۇپ چېلىش پورمىلىرىنى ئىشلەتتى. ئۇ تەنبۇر خەرىكىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن ناخۇن ئۇرۇپ ياڭراق، شوخ ئاۋازلارنى، تەنبۇر يۈزلىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ناخۇن ئۇرۇپ، يۇمشاق، سىلىق ئاۋازلارنى، تەنبۇرنىڭ بوغۇز قىسمىغا ناخۇن ئۇرۇپ مۇڭلۇق، يېقىملىق ۋە تومراق ئاۋازلارنى چىقىرالايدۇ. تەنبۇر خەرىكىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن بوغۇزىغىچە تەدرىجى يوسۇندا ناخۇن ئۇرۇپ، قاتتىق، ئوتتۇرا قاتتىق، يۇمشاق، سىلىق ۋە تۆۋەنرەك ئاۋازلاردا مۇڭ چىقىرىپ تەنبۇرنىڭ ئومۇمى خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ.

تەنبۇر چېلىشتا «ناخۇن» ئەلۋەتتە مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى. ناخۇننىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان سىمنىڭ ئىنچىكە - تومىلىقى تەنبۇرنىڭ ئاۋاز تۈسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر ئۆلچەملىك «ناخۇن» بىلەن تەنبۇر چېلىنسا، ئۇنىڭ تەۋرىنىش كۈچى زور بولىدۇ. هۆسەنجان جامى ئۇزۇن يىللىق مۇزىكا ھاياتى جەريانىدا تاشقى كۈچ قانچە چوڭ بولسا تىترەش كۆلىمىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ھېس قىلىپ ئەينى زامانلاردا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان بىگىز سىمان ناخۇندا تەنبۇر چېلىنسا — بۇ خىل ناخۇننىڭ تەنبۇر تارىسىغا سۈركىلىدىغان قىسمى ھەجىم جەھەتتىن ناھايىتى كىچىك بولغاچقا تەنبۇر ئاۋازىنىڭ زىلغا مايىلراق ۋە تىترەش دائىرىسىنىڭ قىسقا ھەم ئاجىزراق بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن تەنبۇردا مۇزىكىلىق ھېسسىياتنى تولۇق نامايەن قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يېتەرسىز بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن هۆسەنجان كېيىنكى دەۋرلەردە بىگىز سىمان ناخۇننى سوكىسىمان ناخۇنغا ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن تەنبۇرنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدىنمۇ جاراڭلىق ۋە توقراق چىقىدىغان بولدى. هۆسەنجان ئاشۇنداق ئۆزگەرتىلگەن ناخۇن بىلەن تەنبۇر چېلىشتا، كۈچ سالمىغىنى مۇۋاپىق تەكشەپ، ئۇنىڭ تەۋرىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنىڭ ھەر خىل مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن يول ئاچتى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ئىپتىدائى سەۋىيىلىك نەرسىلەر ئاددى ھەم چۈشىنىشلىك كېلىدۇ. يۇقۇرى سەۋىيىلىك نەرسىلەر نەپىسرەك بولۇپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ قىيىنراق بولىدۇ. هۆسەنجان جامىنىڭ ئورۇنلاش سەۋىيىسى يۇقۇرى بولغاچقا ئۇ زاماندىكى سازەندىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇ بىرەر ئەسەرنى ئورۇنلىغاندا تەنبۇرنى بىر نەچچە ناخۇنلاپ، بىر نەچچە پەدىسىنى بېسىش بىلەنلا ئاڭلىغۇچىلارنى دەررۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدۇ. ئەگەر بىرەر مۇزىكا سورۇنىدا «هۆسەنجان جامى كەپتۇ» دېگەن خەۋەر تارالسا، ھەرقانداق مۇھىم ئىشى بار كىشىلەرمۇ دەررۇ يېتىپ كېلىپ تاكى سورۇن تارقىغىچە بېرىلىپ مۇزىكا تىڭشايدۇ.

دېمەك هۆسەنجان جامىدىمۇ ئەزەلدىن «يوشۇرۇن سىر» بولغان ئەمەس. ئۇنىڭ بەزى كىشىلەرگە «سىرلىق سازەندە» بولۇپ كۆرۈنۈشى، ئۇنىڭدا تەبىئى تالانت (تەبىئى مۇزىكا سېزىمى) بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى بايقىيالمىغانلىقىدا.

(داۋامى كېيىنكى سانىدا)

# سايراۋۇپشان بۇلبۇلى

— ياش ناخشىچى مەھەممەت تۇرسۇننى زىيارەت —

**مەتتوختى ئەخمەت**



ھەر بىر سەنئەت ئەھلى ئۆز مەۋقەسىنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ھايات ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچ ئۈستىگە قۇرىدىغانلا بولسا، ئۇ چوقۇم كىشىلەر قەلبىدىكى يۇقۇرى ئىززەتكە سازاۋەر سەنئەتكار بولۇشنىڭ داغدام يولىنى تاپالايدۇ. مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەل سەھنىلىرىدە سەنئەت ئەھلىگە خاس بەدىئى ھىسسىيات بىلەن جاراڭلىق ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن شان شەرەپ كەلتۈرگەن ياش ناخشىچى مەھەممەت تۇرسۇن ئۆزىنىڭ سەنئەت ھاياتىدا ئەنە شۇنداق غايىگە ئىنتىلگۈچى تىرىشچان سەنئەت ئەھلىنىڭ بىرى. مەن ئۇنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھاياتى، جۈملىدىن سەھنە ھاياتىغا ئائىت بەزى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدۇم.

مەھەممەت تۇرسۇن 1962 - يىلى يەكەن ناھىيىسىگە قاراشلىق ئىشقول يېزىسىنىڭ سىيەك كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا خەلقىنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا قىزىقىپ، يەرلىك كىشىلەر خالىس ئۇيۇشتۇرغان ئەلنەغمە - مەشرەپلەرنى بېرىلىپ ئاڭلاشقا باشلىغان ۋە كەلگۈسىدە خەلقىنىڭ بىر سەنئەتكارى بولۇش ھەۋىسى قوزغالغان ئىدى. قەدىمى مۇقام يۇرتىدىكى مەنىۋى مۇھىت بۇ گۆدەك ئۆسمۈرنىڭ دەسلەپكى سەنئەت ئىشتىياقىنىڭ پەيدىن - پەي ئۇلغىيىشى ئۈچۈن تۈرتكە بولغان، ئۇنىڭ گۆدەكلەرگە خاس يېقىملىق ئاۋاز ۋە سەبى - ساغلام ھىسسىيات بىلەن ئېيتقان ناخشىلىرىنى كىشىلەر زوقلىنىپ ئاڭلايتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە، مەكتەپ ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ئىشتىراك قىلاتتى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ناخشا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىۋاستە يېتەكلىشى ئارقىسىدا، قاتتىق بېرىلىپ مەشق قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ناخشىنى ئۇدارغا چۈشۈرۈپ ئېيتىشنى، دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى، بوش ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي ئاۋاز مەشقى ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ مۇنداق ئىزچىل تىرىشچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن ناخشا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىدى ۋە ئىلھام بەردى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك

سەنئەت ئۆمىكى ئۆمەك ئەزالىرىنى تولۇقلىماقچى بولغاندا، 8 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان مەھەممەت تۇرسۇن ئىمتىھانغا قاتنىشىپ تاللاندى ھەمدە ناھىيىلىك ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە قىسقا مۇددەت تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، 1980 - يىلدىن باشلاپ يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە رەسمىي قوبۇل قىلىندى.

«ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، — دىدى مەھەممەت تۇرسۇن، ماڭا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىۋېتىپ، — سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندىم. ئەمما، قانداق قىلىپ خەلقىنىڭ ھەقىقىي سەنئەتكارى بولالايمەن؟ دىگەن مەسىلىنى ئويلىغاندا، ئىش ماڭا ئۇنچىۋالا ئاددى تۇيۇلمىدى». مەھەممەت تۇرسۇن ئۆزى ئۆزىگە قويغان مۇشۇ سوئالنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۆزىنىڭ ناخشىچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئاۋازىنى تەربىيىلەش ۋە ئاسراشقا تولىمۇ ئېتىبار بەردى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە باشقىلاردىن بىر سائەت ئىلگىرى تۇرۇپ ئاۋاز مەشقى ئېلىپ باراتتى. بۇ ھال باشقىلارنىڭ سەھەرلىك شىرىن ئۇيقۇسىغا دەخلى قىلغانلىقتىن، بەزى نارازىلىق كەيپىياتلارمۇ يۈز بەردى، شۇڭا ئۇ، چەت - ياقىلارغا، ئېتىز - قىرلارغا بېرىپ مەشىق قىلىشقا توغرا كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش - مەشىق قىلىش، پىشقەدەم ناخشىچىلار سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتقاندا، پەسكە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتىكى ماھارىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۈزىتىپ، ئىگىلەش ئارقىلىق، ھەر قانداق ناخشىنى تېكىست ۋە ئاھاڭ مەزمۇنىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە جانلىق، ھېسسىياتلىق، تەسىرلىك ئېيتالايدىغان ھالەتكە كېلىپ، تەدرىجى ھالدا تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇشقا باشلىدى. ئۇ، 1980 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە «كۆيلىمەك ئارمان ماڭا»، «تارىم قىزى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، مۇنەۋۋەر ناخشىچى مۇكاپاتىغا؛ 1981 - يىلى 1 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تيانشان ساداسى» ناخشا كېچىلىكىدە «گۈزەل يۇرتۇم» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، تەقدىرلەشكە؛ شۇ يىلى 4 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كەسپىي ئۆمەك ئەلنەغمە كۆرىكىدە «سايرا زەرەپشان بۇلبۇلى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، مۇنەۋۋەر ناخشىچى مۇكاپاتىغا؛ 1982 - يىلى 8 - ئايدا يەنە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا - ئۇسۇل، دىراما كۆرىكىدە مۇنەۋۋەر ئارتىست ۋە ناخشىچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ياش ناخشىچىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇنداق بىر قاتار نەتىجىلىرى مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى. مەن ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا قانداق ئويدا بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن: «سىز شۇنچە شان - شەرەپلەرنى قازىنىپسىز. ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇلار تۈپەيلى سىزدە قانداق ھېسسىيات تۇغۇلغان ئىدى؟» دەپ سورىغىنىمدا، ئۇ سەمىمىي ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ مېنىڭ ئىستىقبالىمنىڭ مۇقەددىمىسى، شۇنداقلا، تېخىمۇ كەمتەر، تىرىشچان بولۇشۇمنىڭ تۈرتكىسى بولدى. مەن خەلقىنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىلھامىدىن ئۈمىت ۋە ئىشەنچىنىڭ ساغلام بىخلىرىنى كۆرۈپ ئالالىدىم، بۇ بىخنى قانداق پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈپ، چېچەكلىتىپ، مېۋىگە كىرگۈزۈش مېنىڭ بىردىن - بىر غايەم بولۇپ قالدى» دەپ جاۋاپ بەردى.

ياش ناخشىچىنى تېخىمۇ ھاياجانغا سالىدىغان مىنۇتلار يېتىپ كەلدى: 1983 - يىلىنىڭ سېنتەبىر ئېيىدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان «ئۇلانمۇچىر سەنئەت كۆرىكى» گە يەكەن

ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇلغاندا، پايتەخت بېيجىڭ سەھنىسىدە ئويۇن كۆرسىتىدىغانلىقىدىن چەكسىز شاتلىنىپ چۆمگەن مەھەممەت تۇرسۇن، تېخىمۇ بېرىلىپ جىددىي تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. ئەپسۇسكى، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، كۆرەك باشلانغىلى بىر نەچچە كۈن قالغاندا، ئۇ قاتتىق زۇكامداپ قالدى. بىر ناخشىچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاۋازىنىڭ پەۋقۇلئاددە بۇزۇلۇشىدىنمۇ ئېغىر قايغۇ بولمىسا كېرەك، بولۇپمۇ پايتەختتە ئويۇن قويماقچى بولغاندا زۇكامغا گىرىپتار بولۇش ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلدى. لېكىن ئۇ قەتئىي ھالدا سەھنىدىن قالمايمەن دىگەن ئىرادىنى تىكلەپ، بىر تەرەپتىن جىددىي داۋالانسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېكىستلارنى پىششىق يادلاپ، قايتا - قايتا مەشق قىلىپ، ئاخىرى سەھنىگە چىقتى. شۇ قېتىمقى كۆرەككە مەركەزدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەرمۇ قاتناشقان ئىدى. ئۇ، ئالدىن تەييارلىق ئويۇنسى كۆرسەتكەندە «گۈزەل دولان دەرياسى»، «ئانارگۈل بالا» قاتارلىق 12 ناخشىنى، رەسمى كۆرەكتە و ناخشىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېيتىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك ناخشىچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. كۆرەك ئاياقلاشقاندا تىيانشان كىنو ستودىيىسى ئىشلىگەن «ئارتىست بولمايدىغان قىز» ناملىق فىلىمنىڭ ناخشىسىنى ئورۇنلىدى. ئۇ يەنە 1984 - يىلى 3 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «تىيانشان ئاۋازى» ناخشا كۆرىكىدە «سالام قەشقەر» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ مۇكاپاتلاندى. مۇسابىقىدىن كېيىنلا ئۇ جۇڭگو مىللى سەنئەت ئۆمىكى تەركىۋىدە چەتئەلگە چىقىپ ئويۇن قويۇشقا تاللاندى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، چەتئەل سەھنىلىرىدە ئويۇن كۆرسىتىپ ۋەتىنىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش پۇرسىتى يېتىپ كەلگىنىدىن خوشال بولغان ياش ناخشىچى، تۇرۇپلا يەنە ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، چەتئەل سەھنىلىرىدە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە چەتئەلنىڭ بىر نەچچە ناخشىلىرىنى بىلىش، چۈشىنىش، مەزمۇنىغا كەيپىياتىنى سىڭدۈرۈپ مۇناسىپ ھېسسىيات بېرىش زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇ ئابدىقادىر ئابدۇللا قاتارلىق تەجرىبىلىك، پىشقەدەم ناخشىچىلارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئالدى بىلەن ھەر بىر ناخشىنىڭ تېكىست مەزمۇنىنى پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئېنىق چۈشىنىشنى، تەلەپپۇزنى ئىمكان قەدەر توغرا ئىپادىلەشنى ئۆگەندى. پۇختا تەييارلىقلار ئارقىلىق، 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە جۇڭگو مىللى سەنئەت ئۆمىكى تەركىۋىدە ئالجىرىيە، بېلگىيە، گىرىتسىيە، چېخوسلوۋاكىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئويۇن قويۇش جەريانىدا، كۇۋەيت خەلق ناخشىسى «ئۇ بىزنىڭ كۇۋەيت»، سۇرىيە خەلق ناخشىسى «سۆيۈملۈك سۇرىيە»، تۈركىيە خەلق ناخشىسى «ياز دوستۇم»، «ئەسمەرىم»، چېخوسلاۋاكىيە خەلق ناخشىسى «بابورۇف»، ئالجىرىيە خەلق ناخشىسى «ئەلجە زەئىر» ۋە قازاق خەلق ناخشىسى «ئاۋلوم» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىپ، شۇ جايدىكى تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ يېتىلىۋاتقان تالانتى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ خەلقارادىكى شان - شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا تۆھپە قوشتى. چەتئەلدە ئويۇن قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ، يەكەن ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن شىنجاڭ مىللى ناخشا - مۇزىكا ئۆمىكىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرىۋاتىدۇ. ئۇ، ھازىر ئۆز ئانا تىلىدىلا ئەمەس، بەلكى قازاق، قىرغىز، خەنزۇ ۋە بىر نەچچە خىل چەت تىلىدا ناخشا ئېيتالايدۇ.

(ئاخىرى 85 - بەتتە)

# بىپايان زېمىندىكى نەغمە - ناۋا

## — ماي بوياق رەسىم «مۇقام» غا بېغىشلايمەن

فەن دىڭدىڭ

«مەشرەپ» كېچىلىكى قىزىپ تازا ئەۋجىگە چىققاندا مەشرەپ ئەھلى خۇددى بىر جان، بىر تەن بولۇپ، ھەممىنىڭ قېنى تەڭ ئۇرغۇپ، ھېچكىمنىڭمۇ قاراپ تۇرغۇسى كەلمەيدۇ! «12 مۇقام» قەدىمقى مۇڭلۇق مۇزىكا بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىغىنىڭىزدا كۆڭلىڭىزنى ئېزىپ، سىزنى قانداقتۇر خىياللار دېڭىزىغا سۆرەپ كىرىدۇ. زېھنىڭىزنى ئېچىپ، لوگىكىلىق پىكىر يۈرگۈزۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. دېمەك، بۇ مۇزىكىنىڭ نەپىسلىكىنى تەرىپلەشكە تىلىڭىز ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن غازى ئەمەتنىڭ بىر پۈتۈن مۇزىكا ۋەقەلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماي بوياق رەسىم سىزىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھەۋىسىم قوزغالغان ئىدى. مەن بۇ خىلدىكى رەسىمنى سىزىش ئاسان ئەمەس دەپ قارايتتىم. قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن غازى ئەمەتنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلدىم ۋە ھېيتلىغاچ رەسىم كۆردۈم.

ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى ماي بوياق رەسىم «مۇقام» («مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1985 - يىللىق 1 - سانىنىڭ كەينى مۇقاۋىسىدا) بېغىشلىغان رەڭ سىزىلغان قۇرۇلمىسى مول رەسىم بولۇپ، ئۇنىڭدا تەخمىنەن 40 نەپەر ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى ئوبراز سۈرەتلەنگەن. بىر قاراشتىلا مىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئورۇنلىنىپ كېلىۋاتقان يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن كىلاسسىك مۇزىكا «12 مۇقام» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مەن بۇ ھەيۋەتلىك ماي بوياق رەسىم ئالدىدا خېلىغىچە سۈكۈتتە تۇردۇم - يۇ، بىراق قەلبىم ئۈزلۈكسىز دولقۇنلىماقتا ئىدى. «غازى يەنىلا غازى ئىكەن! — دېدىم مەن ئۇنىڭ مۇۋاپپەقىيىتىگە ھەقىقەتەن قايىل بولغان ھالدا.

«مۇقام» دا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر چوڭ مۇزىكا سورۇنى ئىپادىلەنگەن. سۈرەتتىكى سازەندىلەر مەخسۇس سەنئەت ئۆمىكىدىكى «ئالاھىدە» ئارتىستلار بولماستىن، بەلكى دائىم ئېتىز - ئېرىقلاردا ئەمگەك قىلىدىغان «يەرلىك» دېھقانلار، يەنى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى تېپىكلىكككە ئىگە دېھقان سازەندىلەردۇر. ئېھتىمال ئۇلار بەلكى بىر كۈنلۈك ئەمگەكنى تۈگىتىپ، مۇشۇ يەردە جەم بولۇشقاندۇر، ياكى مول ھوسۇل كۈنلىرىنى تەبرىكلەۋاتقاندۇر، ياكى بولمىسا بايرام كۈنلىرىدىكى كەچلىك مۇزىكا مۇراسىمىغا يىغىلىشقاندۇر. جەنۇبىي شىنجاڭ مۇزىكا ماكانى.

رەسىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 40 ئوبرازنىڭ بىرەرسىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاپ قالمىغان. قايسى چالغۇنى قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەم چالىدۇ، بۇ جەھەتتە رەسسام ناھايىتى كۆپ پىكىر يۈرگۈزگەن. رەسىمنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە «قوماندان» لىق كەيپىياتىنى قوغلاشماستىن ئەكسىچە ناھايىتى ئاددىي، رېيال ئۇسۇللار بىلەن «چىنلىق» ئاساسىدا «يەرلىك تۇس» نى

ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق بىر خىل ساددا، يېقىملىق مەنزىرە يارىتىپ، ئۇنى كۆرگۈچىلەرنى خەلق پەقەت ماددىي بايلىقلا يارىتىپ قالماستىن مەنىۋى بايلىقنىمۇ يارىتىشقا قادىر، دىگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. پەرىزىمچە مانا بۇ، ئەسەرنىڭ توپ مەنىسى بولسا كېرەك.

قاراڭ، بۇنىڭدىكى سازەندىلەر مۇقام ئىشقىدا مەستانە بولۇپ، مۇزىكىغا شۇنداق بېرىلگەنكى، گويا مەي ئىلكىدە مەسۇ - مۇستەغرەت بولغان كىشىلەرنى ئەسلىتەتتى. غازى ئەمەتنىڭ دىيىشىچە ئۇنىڭ گەۋدىلەندۇرمەكچى بولغىنى مانا مۇشۇنداق «مەستانە» ئىشتىياق ئىكەن.

رەسىمنىڭ مەركىزىگە ساتار چېلىۋاتقان بىر مېھرى ئىسسىق، چىۋەر بىر مويسىپىت كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ دانا ئادەم يۇرت ئىچىدە ئىناۋەتلىك مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى دۇنيادىكى ئازاپ - ئوقۇبەتلەرنىڭ شاھىدى ئىكەنلىگى نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇقامنىڭ كىلاسسىك مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزىكا بىلەن مۇجەسسەملىنىپ كەتكەن. ئۇ خىيال سۈرمەكتە، ئۇ پىكىر قىلماقتا. ئۇنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ روھىي ھالىتى كىشىنى قانداقتۇر بىر خىل ئېچىنىشلىق مەنزىلگە باشلايدۇ. رەسسام بۇ ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئاق ساقاللىق، ئاق كىرپىكلىك ۋە ئاق چاپان، ئاق ئىشتان كەيگەن ھالەتتە سىزىپ، پېرسوناژغا بىر خىل تەمكىن ھېسسىيات بەخش ئەتكەن. ئۇنىڭ بارلىق ھەركىتى ئاددى، سالماق بولۇپ، ئۇ ئاشۇ مۇشكۈل يىللاردا تاۋلانغان كۆككۈش مىس ھەيكەلگە ۋە ياكى ئاق مەرمەر ھەيكەلگە ئوخشايدۇ. مەن بۇ پېرسوناژنى مۇشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىش ناھايىتى مۇھىم دەپ ھىس قىلىمەن. ئۇ پۈتكۈل رەسىم قۇرۇلمىسىنىڭ «روھى جېنى» قىلىنىپ ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، باشقا پېرسوناژلار بولسا ئۇنى مەركەز قىلغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ پىشقەدەم سازەندىنىڭ ئارقىسىدا خۇشتار چېلىۋاتقان ياداڭغۇ بوۋاي بولسا يېزا - قىشلاقلاردىكى مويسىپىت زىيالىلارغا، ياكى بىرەر مەكتەپنىڭ مۇدىرىغا ۋە ياكى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ پېنسىيىگە چىققان كادىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ قارىماققا ناھايىتى زېرەك، تەقىي - تۇرقى راۋرۇس، ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى جۇشقۇن، روھلۇق چاغلىرى مەشرەپ ۋە مۇزىكا سورۇنلىرىدا ئۆتكەن. سۈرەتتىن ئۇنىڭ ماھىر سازەندە ئىكەنلىگىنى ۋە مۇزىكا ئارقىلىقلا ئۆزىگە شاتلىق تاپالايدىغانلىغىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ساقال - بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرغان بۇ ئىدىتلىق ئادەم دەل ئوتتۇرىدىكى ئاق ساقال مويسىپىت بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى ئالاھىدىلىكلەر كۆچلۈك پەرقلەندۈرۈلگەن.

خوتەن ئەتلىسىدىن كۆينەك كەيگەن، قويۇق چاچلىرىنى تالا - تالا قىلىپ ئۇششاق ئۆرگەن دۇتارچى قىزنىڭ چىرايىدىن مەردانىلىق ئالامىتى چىقىپ تۇرىدۇ. رەسسام ئۇنى خوتەن قارىقاش ئەتراپىدىكى قىزلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى قىلىپ سۈرەتلىگەن. بۇ ھەۋەسكار سازەندىنىڭ بىرەر پەدىنى خاتا بېسىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك دۇتارنى پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئەستايىدىل چېلىۋاتقانلىغى بىلىنىپ تۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ خۇشخۇي كەيپىياتىدىن خاتىرجەملىك بىلەن مىيىغىدا كۈلۈمسىرەۋاتقانلىغى، قانداقتۇر قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھاياجان ۋە بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈۋاتقانلىغى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قىزنى ئەتراپىدىكى ئەرلەرنىڭ ئوبرازىغا

سىزىلىشتۇرغاندا ئۇ خۇددى ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان مودەن گۈلدەك كۆركەم، گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ساپايە، قوشۇق، تاش قاتارلىقلار زىل، ياڭراق ئاۋاز چىقىرىدىغان، رىتىمچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئۇرغۇلۇق چالغۇلار بولۇپ، ئۇلارنى بىر قانچە قاۋۇل ئەزىمەت چالغان. ئۇلارنىڭ قەيسىرانە ھالىتى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەركىتى مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، چوڭ بىر ياي شەكلىدىكى ھەركەت سىزىقى بويىچە بەدەن تولغاش ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بۇ ئارقىلىق ئوبرازنىڭ يارقىنلىقى ئاشۇرۇلغان. ئۇلار ئارقا رەتتىكى مۇزىكا چېلىۋاتقانلارنىڭ ئۆزئارا «جىم تۇرۇش» بىلەن «ھەركەت قىلىش» نىڭ سېلىشتۇرمىسى سۈپىتىدە دولقۇنسىمان ۋە مول ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ تاش چېلىۋاتقان ھېلىقى ئەزىمەت مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ شۇنداق ئەۋرىشىم بولۇپ كەتكەنكى ئۇ ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇپ سىماپتەك ئېرىپ كەتكەن.

مەركىزىي پېرسوناژنىڭ يېنىدىكى قاراموتۇق، قارا چاپان كەيگەن ھېلىقى داپچى قاۋۇل، زېھنى كۈچلۈك ئەزىمەت بولۇپ، يېزىلاردىكى ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ تىپى. ئۇنىڭ داپ چېلىشى شۇنداق كارامەتكى، ئۇ گاھ سىم - سىم يامغۇر ياققاندەك يەڭگىل ئاۋاز چىقارسا، گاھ گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ چاڭ كەلتۈرۈۋېتىدۇ. رەسسام بۇ بەردەم، ھەسسىياتچان قولنى نۇقتىلىق ھالدا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى پۈتكۈل رەسىم قۇرۇلمىسىدا كەم بولسا بولمايدىغان «كۆز» قىلىپ ياراتقان. دىمەك، مۇزىكا سورۇنىدىكى قىرىق نەچچە ئوبراز خۇددى يېنىمىزدا تۇرۇۋاتقان تونۇش كىشىلەردەك ئىنتايىن جانلىق تەسۋىرلەنگەن. رەسسام بۇ ئوبرازلارنى نەچچە يىللىق تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن پىششىق تاۋلىغان. چوڭقۇر تۇرمۇش ئاساسى بولماي تۇرۇپ، بۇنداق جانلىق رەسىمنى سىزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. «مۇقام» نىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرەلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەپ، ئۇنىڭ ئوبرازلىق ھېسسىياتقا باي بولغانلىقىدا.

كۆپ ئوبرازلىق چوڭ ھەجىمدىكى بۇ بەدىئىي قۇرۇلمىدا ئاپتور پۈتكۈل قۇرۇلمىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قانداق ماسلاشتۇرۇشتا ئالاھىدە ماھىرلىق كۆرسەتكەن. ئۇ ھەر خىل مۇرەككەپ رەڭلەرنى يېقىملىق قىزىل رەڭگە مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇ خىل رەڭ بىلەن مۇقامنى قەدىمى ئۇسلۇپ جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەسىمنى ئۇستىخانلىق، قېنىق، نەپىس ھالەتكە كەلتۈرگەن. ئاپتور ئۇنىڭدىن باشقا نۇر ۋە كۆرۈنۈشنىڭ يارقىنلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ، نۇر بىلەن سىزىقچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، نۇرغۇن ئوبرازلارنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ئاق، قارا، بوز رەڭلەر مۇناسىۋىتىگە بوي سۇندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن نۇر، شەكىل، رەڭلەرنىڭ بەزىبىر ئىنچىكە تەرەپلىرىنى يىغىنچاقلاپ، قۇرۇلمىنى مۇستەھكەملىگەن. ئۈزۈنسىغا سىڭىنغان بېغىشرەڭ گىلەم خۇددى بىر توپ ھەيكەل ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەيداندەك رەسىملەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇرۇلمىنى تۇراقلاشتۇرغان.

60 - يىللارنىڭ دەسلىۋىدە غازى ئەمەتنىڭ ۋەقەلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ماي بوياق رەسىمى «جىنايى ھۆكۈم» روشەن ئوبرازچانلىقتا ۋە تەسىرلىك دراماتىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىغان ھەمدە ياخشى باھاسىغا

ئېرىشكەن ئىدى. 80 ـ يىللاردىكى بۈگۈنكى كۈندە غازى ئەمەت «مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ
رەسىمدە كونكرېت جانلىق ئوبرازلارنى يارىتىپ كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرمەكتە. «مۇقام» نى
«جىنايى ھۆكۈم» دىن كېيىنكى ئىككىنچى نامايەندە دېيىشكە بولىدۇ. كېيىنكى ئەسىرى ئالدىن-
قى ئەسەرگە قارىغاندا تۈرغۈن جەھەتلەردە بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، شۇنىڭدەك يۈكسەك دەرى-
جىدە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇرۇنقى نوقۇل ئۆرۈپ ـ ئادەت خاتىرىلىرىدىن ھالقىپ كەت-
كەن (بۇ خىل ئەسەرلەردە پەقەت نوقۇل ھالدىكى خەلق ئۆرۈپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئەينەن
ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ناھايىتى تەپسىلى سۈرەتلىنىشى بىلەنلا قانائەت-
لىنىپ، ئوبراز ۋە مەنىۋى مۇھىت يارىتىشقا سەل قارىلىدۇ) بولۇپ، ئەسەرنى تېخىمۇ چوڭ-
قۇر مەزمۇنغا، پەلسەپىۋى خاراكتېرگە ئىگە قىلغان. «مۇقام» نىڭ ھەقىقى مەركىزىي ئىدىيىسى،
قەدىمقى مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى نامايەن-
دىسى ۋە ئۇنىڭ قايتا كۆرۈنۈشىدىن ئىبارەتتۇر. ئاپتورنىڭ دېيىشىچە: «مۇقام» نى كۆڭلىگە
پۈكۈپ يۈرگىنىگە 3 — 4 يىل بولغان ئىكەن. لېكىن بۇ رەسىم ئەڭ ئاخىرى بۇلتۇر خوتەن-
نىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە سىزىپ پۈتكۈزۈلۈپتۇ. ئۇ يەردە يولدا كېتىۋاتقان دېھقانلارمۇ ئىختىيا-
رى كېلىپ ئۇنىڭ رەسىمىدىكى نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىدىكەن. ئۇلار ھەم رەسىمنى كۆر-
گۈچىلەر، ھەم رەسىمدىكى ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار بەزىبىر قەدىمقى چالغۇلار ۋە كىيىم ـ كې-
چەكلەرنى ئەكىلىپ بېرىپ رەسامنى قولايلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن.

«مۇقام» دىن ئىبارەت بۇ رەسىمنىڭ ئالاھىدىلىكى دەل ئۇنىڭ «چىنلىق» تىن ئايرىلما-
غانلىقى، قويۇق «يەرلىك» ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقىدا. بۇنى غازى ئەمەتتە بولغان ئالا-
ھىدە مىللى ئاڭ ۋە يەرلىك سەنئەت ئېتىقادىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

سەنئەت ھامان يارقىن ئوبرازلار ئارقىلىق كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. مەسىلەن، رودىننىڭ
«پىكىر يۈرگۈزگۈچى»، سورىكوپنىڭ «ئايال ئاقسۆڭەك مولوسوۋا»، جاڭ جاۋخېنىڭ «مۇساپىرلار»،
«گېنېرال پادون» كىنو سىنارىيىسى، «چايخانا» دىرامىسى قاتارلىقلار غايەت قىممەتلىك بەدىئى
ئەسەرلەردىن بولۇپ، ئۇلاردا يارىتىلغان ئىنتايىن روشەن ئوبرازلار مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ كەل-
مەكتە. «مۇقام» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىمۇ — ئۇنىڭدا بىر قانچە ئۇنتۇلغۇسىز ئوبراز-
لار يارىتىلغانلىقىدا. بۇ رەسىمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى ئەنە شۇ يەردە.

قەدىمقى كىشىلەر سىزغان «خەيشىنىڭ زىياپەت سۈرىتىنى ئېلىپ يۈرۈشى» ناملىق رە-
سىمدە فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەيشى ـ ئىشرەتلىك شەھۋانىلىقى تەسۋىرلەنگەن. «مۇقام»
دا بولسا زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ مەردانىلىقى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى تەسۋىرلەنگەن. ئۇ
ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى سىمفونىيىسىدۇر، ئۇ بىپايان زېمىندىكى نەغمە ساداسىدۇر.

مەن رەسىم ئالدىدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇرغان بولساممۇ، لېكىن مەن شۇ
تاپتا خۇددى «12 مۇقام» نىڭ مۇڭلۇق ساداسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، يۈرەك ـ قەلبىم ئەنە شۇ
مۇقام تېمپىسىغا ئەگىشىپ توختاۋسىز ھاياجانلانماقتا ئىدى...

خەنزۇچىدىن ئابلىز مۇسا تەرجىمىسى

# ئېلىمىز غەربىي يۇغۇر*لىرىنىڭ خەلق ئاھاڭلىرى ۋېنگرىيە خەلق ئاھاڭلىرى بىلەن مەنبەداش

جۇڭگو مۇزىكا ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى دۇياشيۇڭ قاتارلىقلار ئون يىلدىن ئارتۇق تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەملىكىتىمىزدىكى غەربىي يۇغۇرلارنىڭ خەلق ئاھاڭلىرى بىلەن ۋېنگرىيە خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ مەنبەداش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. بۇ كۆز قاراش جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇزىكا شۇناسلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى. بەزى چەتئەللىك ئالىملار بۇ، كىشىلەرنىڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى قايتىدىن تونۇشىدىكى زور ئىش، دەپ قارىدى.

60 - يىللاردا ئالىي مەكتەپنىڭ مۇزىكا پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن دۇياشيۇڭ گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورىدا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلغان. 10 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇ، سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ غەربىدىكى يۇغۇرلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسىدە خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاۋېتىپ، ۋېنگرىيە خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى يۇغۇر خەلق ئاھاڭلىرى بىلەن ئىنتايىن ئوخشايدىغانلىقىنى، ھەتتا يۇغۇرلارنىڭ «ئەللەي» ناخشىسى بىلەن ۋېنگرىيىنىڭ «ئەللەي» ناخشىسىنىڭ ئاھاڭلا ئەمەس، «ئەللەي، ئەللەي» دىگەن سۆزلەردىكى تەلەپپۇزىمۇ ئوپ - ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىغان. تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇ، غەربىي يۇغۇرلارنىڭ خەلق ئاھاڭلىرى بىلەن ۋېنگرىيە خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ بەش ئاۋازلىق ئاۋاز تىزمىسى، تۆت گىرادۇسلۇق، بەش گىرادۇسلۇق قۇرۇلما، ئورۇن ئالماشتۇرغان چېكىتلىك ئاۋاز تىم شەكلى، ئۇدارنىڭ ئۆزگىرىشى، مەنسۇپ ئاۋازنىڭ پۈتۈن ئاھاڭغا سىڭدۈرۈلۈشى، ئاخىرلاشتۇرۇش شەكلى قاتارلىق يەتتە جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

دېڭىز ئارمىيە سىياسىي بۆلۈم سەنئەت ئۆمىكىدىكى ۋېنگىرىيىدە ئوقۇپ كەلگەن مۇزىكا خادىمى جاڭ رۇي 1983 - يىلى 6 - ئايدا گەنسۇدىكى يۇغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايوندا خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاۋېتىپ، ئۇمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ھادىسىنى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاش - رەتلەش ئىشخانىسىمۇ يۇغۇر خەلق ئاھاڭلىرىدىن 30 نەچچىنى يىغىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، مول ماتېرىياللاردىن بۇ قىزىقارلىق ھادىسىنى بايقىغان.

دۇياشيۇڭ، جاڭ رۇي ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىك خەلق ئاھاڭلىرىنى توپلاش - رەتلەش ئىشخانىسىدىكى مۇزىكا خادىملىرى بۇ ھادىسە ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى دەلىللىگەن. شۇنداقلا ئۇلار بۇ خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىنى تەققاسلاپ ۋە ئۇلارنى تارىخ، ئېتنولوگىيە، تىلشۇناسلىق جەھەتلەردىنمۇ ئىلمىي يوسۇندا مۇھاكىمە قىلىپ،

* يۇغۇرلار (裕固族) — ھازىرقى چەكچەي. گەنسۇ ئۆلكىلىرىدە ياشاۋاتقان ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلار.

بۇ ھەقتە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 10 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۇياشيۇڭنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دىڭلىڭلار بولۇپ، ئۇلار بۇرۇن ھونلار بىلەن جوڭگونىڭ شىمالى قىسمىدا بىرگە ئولتۇراقلاشقان. ئۇلارنىڭ تىلى ئوخشاشلا ئالتاي تىلى سىستېمىسى، تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەن. ھونلارنىڭ بىر قىسمى مىلادىيىنىڭ 1 - ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ياۋروپاغا كۆچكەن. يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى 4 - ئەسىردە خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. «يۇغۇرلار دىڭلىڭلارنىڭ خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان. ھونلارنىڭ مۇزىكىلىرى غەرپكە كۆچكەن ھونلار تەرىپىدىن ۋېنگىرىيىگە ئېلىپ بېرىلىپ، ساقلاپ قېلىنغان»، بۇنىڭ بىلەن ۋېنگىرىيىدىن شەرقتە قارا دېڭىز بويلىرىنى بويلاپ تاكى كاسپىي دېڭىزى، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، مەملىكىتىمىزگىچە بولغان كەڭ ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلغان رايون «بەش ئاۋازلىق كۈي سىستېمىسى رايونى» بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇ «كۈي سىستېمىسى رايونى» نىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئوخشاپ كېتىشى تاسادىپىي بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى بىر ئىكەنلىكىدىندۇر.

ۋېنگىرىيە خەلق ناخشىلىرى بىلەن جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدە خەلقارا ئىلىم ساھاسىدىكى بەزى كىشىلەر ئىزدىنىپ كۆرگەن ئىدى. شۇڭا مەملىكىتىمىزدە مۇزىكا خادىملىرى تولۇق پاكىتقا ئىگە بولغان بۇ كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇزۇندىن بۇيانقى سىرنى يەشكەندىن كېيىن خەلقارادا زور تەسىر پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ ۋېنگىرىيە، ئامېرىكا، كانادا، ئارگېنتىنا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى بۇنىڭغا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىپ، بۇ، كىشىلەرنىڭ شەرق بىلەن غەرپنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى قايتىدىن تونۇشىدىكى زور ئىش، دەپ قاراشتى.

خەنزۇچىدىن **تۇرسۇن ئەمەت** تەرجىمىسى

---

مەيلى مۇزىكا، ئەدەبىيات ياكى باشقا ھەر قانداق سەنئەت ئۇنىڭ ھەقىقى مەنىسىدىن قارىغاندا، ھەممىسى نوقۇل ھالدىكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان نەرسە ئەمەس.

— چايكوۋىسكى

مىللىيەتلىكتىن ئايرىلغاندا، سەنئەتمۇ، ھەقىقەتمۇ، ھاياتلىقمۇ شۇنداقلا ھېچنەرسە بولمايدۇ.

— تۇرگىنىپ

سەنئەتكار تەبىئەتنىڭ ئاشىقى، شۇڭا ئۇ تەبىئەتنىڭ قۇلى ھەم تەبىئەتنىڭ خوجايىنى.

— تاگور

AltunOq

# تاماشىبىنلارنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىش رىياللىقىنىڭ تەلىۋى

سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي خاراكتېرلىق زوقلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ كۆڭۈل ئېچىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. كىشىلەر سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا سەنئەت ئۆزىنىڭ جان تومۇرى بولغان زوقلانغۇچىلار بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، پەقەت كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشىدا ئېرىشكەندىن كېيىنكى سەنئەت ئاندىن ھەقىقىي ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ سەنئەت بولۇشى - بولالماسلىقى ئاساسەن ئۇنىڭ كىشىلەرنى زوقلاندۇرالىشى ياكى زوقلاندۇرالماسلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. دېمەك كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلىغان ئەسەرلا بەدىئىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ رىيال ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بۇنى ئىجتىمائىي خاراكتېرلىق بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئەمەلىيەت جەريانىدا بەزى سەنئەتكارلار مەلۇم بىر ئەسەر پەقەت كىشىلەرنى قانائەتلەندۈرەلىگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئەمدى كىشىلەرنىڭ رايىغا ياقتۇرۇشىنىڭ ئەڭ ئاددىي ئامالى پەقەت ئۇلارغا شەرتسىز ھالدا بويسۇنۇش بولۇپ، ئۇلار نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىشتىن ئىبارەت. ھەتتا بەزى سەنئەتكارلىرىمىز دەل مۇشۇنداق ئامالنى قوللاندى. بىراق ئەمەلىيەت بۇ بىر خىل يارىماس چارە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

كىشىلەرنىڭ رايىغا بېقىش كويىدا بولغۇچىلار مۇنداق بىر ئاساسىي پاكىتقا سەل قارىغان. يەنى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتى بولغان كىتابخانلار ۋە تاماشىبىنلار ئېستېتىك كۆز قارىشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا كىشىلەرنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسى ۋە زوقلىنىشى ھەر خىل - ھەر ياڭزا ۋە مۇرەككەپ بولغانلىقتىن ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان كۆز قاراشلارمۇ سەنئەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا باشتىن - ئاخىر سىڭگەن بولىدۇ. ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭ رازى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق بىر سەنئەتكار ھەممە تەرەپكە تەڭ ئېتىۋار بېرىمەن دەپ كىشىلەرنىڭ «رايىغا» بېقىۋەرمەسلىكى لازىم. چۈنكى جەمئىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش دائىرىسى كېڭىيىپ، ياخشى - يامانغا بولغان تونۇشىمۇ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «رايىغا» بېقىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش زادى مۇمكىن ئەمەس.

بەدىئىي ئىجادىيەت — ئىجادىيەتچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنى بەلگە قىلىدىغان ھەمدە ئىجادىيەتچىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى، جەمئىيەتكە پايدى-

لىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولۇشى كېرەك. سۇبيېكتىپ ھېسسىيات بولمايدىكەن بە-
دىئىي ئىجادىيەتتىن گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مۇشۇ ماھىيەتلىك خۇ-
سۇسىيىتىدىن قارىغاندا ھەممىدە باشقىلارنىڭ رايىغا بېقىش ئاساسىدا ئىجات قىلىشنىڭ ئۆزى بە-
دىئىي ئىجادىيەتتە سۇبيېكتىپ ھېسسىياتنىڭ ماھىيىتى ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.
ئەگەردە بەزى كىشىلەر سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا مۇئەييەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بول-
سا، ئۇلارنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ رايىغا بېقىش ئارقىلىق ئېرىشكەن
دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى بۇنى ئۇلار كىشىلىك ھايات بىلەن سەنئەتكە نىسبەتەن مۇستەقىل كۆز
قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە ئۇلار سەنئەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى تەشۋىق
قىلغانلىقى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەسەرلىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە بىلىمگە ئېرىشكەنلىكى،
شۇنىڭدەك ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك قابىلىيىتىنى ئۆستۈر-
گەنلىكى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار كىشىلەرنىڭ رايى بويىچە ئىجات قىلغاندا تۇرغۇن
نۇقسانلارنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايقىۋالغانلىقىدا. مۇشۇ خىل نۇقتىنەزەردىن بىر سەن-
ئەتكارنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ھەقىقىي سەنئەت-
كار ئۆز ئېتىقادى بىلەن كىشىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن ئىجات قىلغان ئەسىرى-
نى بەدىئىي ئەسەرگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ماھىيەت جەھەتتە ئىجادىيەتچى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېس-
سىياتىنى ئىپادىلەش بولۇپ، مانا بۇ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىدىن ئىبارەت.

بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك بەدىئىي ئەسەرنىڭ كىشىلەرنى بويسۇندۇرالىشى بۇ سەنئەت ئەمە-
لىيىتىدە ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت بىر ئەھۋال بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ قۇرۇق خىيال ئەمەس، زوق-
لانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مەلۇم بىر بەدىئىي ئەسەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى پۈتۈنلەي
ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئاقىۋەتتە كىشىلەرنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ سەۋە-
بى، سەنئەت پائالىيىتىدىكى بويسۇندۇرۇش بىلەن ئۇرۇشلاردىكى بويسۇندۇرۇش تۈپتىن ئوخشى-
مايدۇ. يەنى ئۇرۇشتىكى بويسۇندۇرۇش زورلۇق كۈچ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر تەرەپ-
نىڭ يەنە بىر تەرەپنى مەجبۇرلاش خاراكتېرىگە ئىگە. سەنئەت پائالىيىتىدىكى بويسۇندۇرۇش
بولسا بەدىئىي ئەسەرنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرنى بويسۇندۇرغانلىقتۇر. چۈنكى، كى-
شىلەر بەدىئىي ئەسەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بەدىئىي زوق ئېلىش تەلىۋىنى قاندۇرالايدۇ. يەنە
بىر جەھەتتىن بۇنداق بويسۇندۇرۇش ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئاكتىپ ماسلىشىش ئارقىلىق ئە-
مەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا سەنئەتكارلار ھەرقاچان قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرۇش
ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىشى لازىم. بەزى سەنئەتكارلار
بويسۇندۇرۇش دېگەن سۆزنى ھامان باشقىلارنى زوراۋانلىق ئارقىلىق بويسۇندۇرۇش دەپ،
خاتا چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار بويسۇندۇرۇلغۇچىلار بىلەن ئۆزىنى قارىمۇ ـ قارشى ئورۇنغا
قويۇپ ئاسانلا بويسۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە ماسلىشىشىدىن مەھرۇم بولىدۇ ـ دە، شۇنىڭ
بىلەن ئىجادىيەتتە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ.

پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى ئەگەردە سەنئەتكار باشقىلارنى شەرتسىز ھالدا ئۆزىگە بويسۇن-
دۇرالمايدىكەن، ئۇ ھالدا ھەرگىز زوقلىنىشنى باشقىلارغا تاڭالمايدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەتتە

قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرۇشنى تەكىتلەش، بۇ پەقەت مەسىلىنىڭ بىرلا تەرىپى. چۈنكى بەدىئىي ئەسەر ئارقىلىق قارشى تەرەپنى بويسۇندۇرۇشنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپىمۇ بار، بۇ ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى تەرەپ بىرلىككە كەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا سەنئەتكارلارنىڭ مەمەدانلىقىنى ۋە ئۆز بېشىمچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ـ دە، سەنئەتكارمۇ روناق تاپالماي قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا رايىغا بېقىش بىلەن بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ ھەر ئىككىسىدە بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇلاردىن ساقلانمىغاندا بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

سەنئەت تاماشىبىنلارغا مۇھتاج، ئۇ پەقەت بەدىئىي تەسىر كۈچ ئارقىلىقلا كىشىلەرنىڭ زوقلىنىشىغا مۇيەسسەر بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا بەدىئىي ئەسەر ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. كىشىلەر ئىجتىمائىي خاراكتېرلىق بەدىئىي زوقلىنىش پائالىيىتىنىڭ مۇرەككەپ قانۇنىيىتىنى ئىگەللىيەلمىگەنلىكىدىن ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىلا توختاپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن باشقا ئامال تاپالمىغاندىن كېيىن رايىغا بېقىش بىلەن بويسۇندۇرۇش ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ قالىدۇ. ئاندىن رايىغا بېقىشتا مەغلۇپ بولسا بويسۇندۇرۇشقا ئۆتىدۇ، بويسۇندۇرۇشتىمۇ مەغلۇپ بولسا يەنە رايىغا بېقىشقا قايتىدۇ. خۇددى بىر ئادەمنىڭ تۆت تامنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ كەچكىچە ئۇ تامدىن ـ بۇ تامغا ئۇسۇپ يۈرگىنىگە ئوخشاش ئىش قىلىدۇ. مانا بۇ بىلىشنىڭ ھېسسىي باسقۇچىدا توختاپ قالغانلىقىدىن كېلىپ چىققان پاجىئەلىك ئاقىۋەت.

رايىغا بېقىش بىلەن بويسۇندۇرۇشنىڭ ھەممىسى، مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەمەس. ئەگەر سەنئەتكارلار چىقىش يولى تاپىمەن دەيدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار سەنئەتنىڭ كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان تۈپ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتىنى ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇشى لازىم. تاماشىبىنلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن سەنئەتكار ئۆزىدە چوڭقۇر كەسپىي ماھارەتنى يېتىشتۈرۈشى لازىم. مانا بۇ سەنئەتكارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدىكى مۇھىم شەرت. يەنە بىر جەھەتتىن سەنئەتكار سەنئەت پائالىيىتىدىكى بويسۇندۇرۇشنى باشقىلارغا زورمۇ ـ زور تاڭماسلىقى، بەلكى قارشى تەرەپنى ھەقىقىي تۈردە قايىل قىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتكارنىڭ ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشىگە توغرا كېلىدۇ. مانا شۇنداق قىلغاندىلا سەنئەتكاردا ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان كەسپىي ئىقتىدار يېتىلىدۇ. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى: كىتابخانلار، ئاڭلىغۇچىلار ياكى تاماشىبىنلاردۇر. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ مەقسىتىمۇ ئۆز ئوبيېكتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشتىن ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت، بۇنىڭسىز بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئېستېتىك زوقلاندۇرۇش رولىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

خەنزۇچىدىن گۈزەل ئىسلام تەرجىمىسى

# «چىن مودەن» دىرامىسى توغرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى

يولداش شاھىدىن گۆھىرى بىلەن تۇرسۇنجان لېتىپ يازغان 6 كۆرۈنۈشلۈك مۇزىكىلىق دىراما «چىن مودەن» («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 84 - يىل 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان) نى يېقىندا شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى سەھنىلەشتۈرۈپ، ئۇنى كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئەسەردە مەردان بىلەن چىن مودەندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقىلىق كونا فېئوداللىق ئەدەپ - قائىدىلەرگە قارشى ئۆتكۈر كۈرەش جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

3 - ئاپرېل چۈشتىن بۇرۇن جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى ۋە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى بىرلىكتە مەزكۇر ئەسەر ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. يىغىنغا سىراجىدىن زۇپەر، ئابلەت ئۆمەر، ھاجى ياقۇپ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئۆتكۈر ئەپەندى، ئابدۇشۈكۈر يالقۇن، سەيپۇل يۇسۇپ، ئابلىز ئىسمايىل قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك يولداشلاردىن بولۇپ 40 قا يېقىن ئادەم قاتناشتى.

يىغىنغا جۇڭگو تىياتىرچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى يولداش سىراجىدىن زۇپەر رىياسەتچىلىك قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى: يولداشلارغا مەلۇم، بۈگۈنكى يىغىنىمىزدا شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى سەھنىلەشتۈرگەن «چىن مودەن» دىرامىسى توغرىسىدا سۆھبەتلەشمەكچىمىز. شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان سەھنە ئەسەرلىرىنى كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە «چىن مودەن» دىرامىسىنى ئۆتمۈشتە ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن مەرھۇم ل. مۇتەللىپ يېزىپ چىققان بولسىمۇ، ئەينى يىللاردىكى قالايمىقانچىلىق ۋە زوراۋان كۈچلەرنىڭ ئېغىر بېسىمى تۈپەيلىدىن، ئەسەر كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغان ئىدى. بۇ نۆۋەت يولداش شاھىدىن گۆھىرى بىلەن تۇرسۇنجان لېتىپ بۇ ئەسەرنى قايتا يېزىپ چىققاندىن كېيىن بۇ قېتىم ئوپېرا ئۆمىكى جاپالىق رېپېتىس قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. بۇ بىزنىڭ مىللىي سەنئىتىمىزگە قوشۇلغان زور بىر بايلىق بولۇپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئارزۇسى قاندۇرۇلدى. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاپتور، رېژىسسور، كومپوزىتور ۋە ئارتىست يولداشلارغا كۆپلەپ رەخمەت ئېيتىمەن. ئەمدى يولداشلارنىڭ بۇ تىياتىر ھەققىدە كەڭ - كۇشادە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇرېيىم ئۆتكۈر: (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى) «چىن مودەن» دىرامىسىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ كۆردۈم. مەن ئويۇنغا كىرگەن كۈنى 5- پەردىگە كەلگەندە تىياتىرخانىدا بىردىنلا كۈلكە سادالىرى ياڭرىدى. بۇ ئاپتور، رېژىسسور ۋە ئارتىستلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى. بىر تىياتىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسەر ياخشى يېزىلمىسا، ئۇنى مۇزىكا ۋە «ھەشەمەت» لىك دېكوراتسىيەلەر بىلەن ھەر قانچە بېزىگەندىمۇ يەنىلا چېنىپ قالىدۇ. لېكىن بۇ تىياتىر بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان ھەم ياخشى سەھنىلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا دىرامىنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئەرزىيدۇ. ئەسەردە تارىخىي ۋەقەلىك بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. «چىن مودەن» دېگەن بۇ ئىسىم ئەڭ دەسلەپتە قۇمۇلدىن چىققان. بۇ توغرىدا يازما خاتىرە، تارىخىي قوشاق ۋە رىۋايەتلەر بار. 1808 - يىلى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قۇمۇلغا مۇپەتتىش ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدىمۇ ئېنىق يازما خاتىرىلەر بار. قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىقى 1602 - يىلى ئەبەيدۇللا بەگدىن باشلانغان بولۇپ، بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىك تەخمىنەن 6 - ۋاڭلىق دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئەسەردىكى ئورۇن، ۋاقىت مەسىلىسىگە كەلسەك، «باغداش» دېگەن سۆزنى بەزىلەر «8 تاش» دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ ئىنتايىن خاتا. بۇ ئەسلى 5 تاش. ھازىرقى تىلىمىزدىكى «باغ» سۆزى ئوخشاشلا باغ دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. «داش» دېگەن سۆز «داش قازان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «باغداش» دېگەن سۆز باغداشنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيىۋى ئورنىغا بېرىلگەن ئىسىم. يەنى بۇ قازانغا ئوخشاش چوڭقۇرلۇقتىكى باغ دېگەن سۆزدۇر.

شۇنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئەسەردە رول ئالغان ئارتىستلىرىمىز ناھايىتى ياخشى ئويناپ چىققان. ئەسەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ۋە ئارتىستلىرىمىزنىڭ ماھارەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن بۇ تىياتىر خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىققان. شۇڭا ئۇنى ئەلۋەتتە ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

ئەمدى مەن ئەسەردىكى تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئەدەبىي ئەسەردە، بولۇپمۇ دىرامىدا مىللىي ئۆرپ - ئادەت، يەرلىك خۇسۇسىيەت ئۆز ئىپادىسىنى تاپمىسا زادى بولمايدۇ. مەسىلەن، «غۇنچەم» دىرامىسىنى ئالساق، ئەسەرنى كۆرگەندىن كېيىن غۇلجىنى ئەسلەيمىز، «مۇلجەرتاغ بورانلىرى» نى كۆرگەندىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەينى ۋاقىتتا بولۇپ ئۆتكەن قىرغىنچىلىق بىلەن شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. لېكىن «چىن مودەن» دە بولسا بۇ تەرەپ تازا يورۇتۇپ بېرىلمىگەن. بۇ تەرەپلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاساسەن دىئالوگلاردا قۇمۇل شېۋىسىنى ئاساس قىلىش كېرەك. كىيىم - كېچەك جەھەتتىمۇ بەزى كىيىملەر يەرلىك ئۆرپ - ئادەتكە ئۇيغۇن كەلسە يەنە بەزىلىرى ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. (باش ئىنىكئانىنىڭ كىيىمىنى ئۆزگەرتسە) ئەسەردە تارىخىي ۋەقە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتقا خاس ئالاھىدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى كېرەك، قەدىمىي چاغلاردا مۇسىبەت بولسا پەقەت باشقىلا ئاق سەللە كىيىۋالاتتى. قالغان كىيىملەرنىڭ ھەممىسى قارا بولاتتى. بۇنى

AltunOq

رېژىسسور يولداشلار ئويلىشىپ كۆرسە، ئەڭ ئاخىرقى بىر تەلەپىم، دىرامىدىكى پەردە ئېچىلىشتىن ئىلگىرىكى مۇزىكىنى قۇمۇل مۇقاملىرىغا ئۆزگەرتسە.

**ھاجى ياقۇپ:** (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

ئوپېرا ئۆمىكى بۇ نۆۋەت «چىمەن مودەن» دىرامىسىنى سەھنىلەشتۈرۈپ كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، بىراق بۇ ئەسەرنىڭ تىلىدا بەزىبىر مۇۋاپىق بولمىغان مەسىلەر بار ئىكەن. بۇنى تۈزىتىپ كەتسە ئەسەرنى ئومۇمەن ياخشى دېيىشكە ئەرزىيدۇ.

**ئابدۇشۈكۈر يالقۇن:** (شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن)

«چىمەن مودەن» دىرامىسىنى باشتىن-ئاياق ناھايىتى قىزىقىپ كۆردۈم. ئومۇمەن مەن كۆرگەن ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە مۇشۇ ئەسەرگە يەتكىدەك ئەسەرنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلدىم. مۇشۇ نۇقتىدىن، ئاپتور، رېژىسسور، كومپوزىتور ۋە ئارتىست يولداشلارغا چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

ئەسەر يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشتىن سىرت ئۇنىڭدا يەنە مەلۇم يېتەرسىزلىكلەرمۇ بار ئىكەن. يەنى ئەسەردىكى باش قەھرىمان چىمەن مودەنگە قارىغاندا ياندىش قەھرىمان زۆھرەنىڭ رولى ئۈستۈن تۇرىدىكەن. (زۆھرەنىڭ ئاغزىدىن بەرگەن دىئالوگ) مۇشۇ قىياپەتنى ساقلاپ قالغان ئاساستا باش قەھرىمانىنىڭ سۆز - ھەركىتىنى تېخىمۇ بىر بالداق يۇقۇرى كۆتىرىشكە توغرا كېلىدىكەن. يەنە بىر مەسىلە، چىمەن مودەننى ۋاڭنىڭ قىزى زۆھرە قايىل قىلىۋەتكەندە ۋاڭنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن گەپ - سۆزلەر مۇۋاپىق ئەمەس. ۋاڭنىڭ ئوبرا-[illegible]كمۇ ۋەھشىيانە بولۇپ كەتكەن. ئۇندىن باشقا يەنە چىمەن مودەننىڭ دادىسى ياقۇپ مىرزىل ئۆلگەن چاغدىكى ھەركەتلەرمۇ قوپاللىراق بولۇپ قالغان، بۇنى بىر ئاز ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشتۇرسا، ئەسەردىكى باش ئىنكئانا، زۆھرە ۋە لەيلىنىڭ رولى بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان ھەم ياخشى ئوينالغان. 5 - كۆرۈنۈشتىكى جەڭ، جەڭ بولماستىن، چامباشچىلىق تۈسىنى ئېلىپ قالغان، بۇنى تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇنلاشتۇرسا، بولۇپمۇ دىخان - چارۋىچىلاردا ئۇنداق ماھارەتنىڭ بولۇشى كىشىنى بىر ئاز شۈبھىلەندۈرۈپ قويىدۇ.

**سەيپۇل يۇسۇپ:** (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

ئەسەر ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن، ئەسەرنى كۆرۈپ چىققىنىمدىن كېيىن، ئىشلىتىش توغرىسىدا يولداشلارغا مەسلىھەت بەرگەن ئىدىم. يولداشلار نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ئەسەرنى ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈردى. سەھنىلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئەسەرنىڭ باش قىسمى ناھايىتى ياخشى، كىشىنى خېلى جەلپ قىلىدۇ، لېكىن ئاخىرقى بىر پەردىسىدىكى ئوردا نەۋكەرلىرى بىلەن بۇقرالارنىڭ قىلىچۋازلىق ھەركىتى ئاجىز بولۇپ قالغان. ئەسەرنىڭ مۇشۇ يېرىگە ئازراق ئىشلىسە، ئەسەر بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدىكەن ھەم تىراگېدىك ئالاھىدىلىگى تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن.

ئەمدى ئوپېرا ئۆمىكىدىكى يولداشلارغا بېرىدىغان تەكلىپىم، ئەسەرنى ياخشىلاش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك تىرىشسا، ئادەم ۋە ماددى جەھەتلەردە بىزمۇ مۇناسىپ ياردەم بەرسەك.

ئابدۇكېرەم خوجا: (جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

مەن مۇشۇ چاققىچە ئورغۇزۇلغان تىياتىرلارنى كۆرگەن بولسامۇ، ئەمما، ھېچ قايسىسى مېنى «چىن مودەن» دىراممىسىچىلىك ئۆزىگە جەلپ قىلالىغان ئەمەس. بۇنىڭدىكى مۇھىم مەسىلە «چىن مودەن» ئۆزى تارىخىي ۋەقە بولغاچقا ئاپتور شۇ تارىخىي ۋەقەنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ بەدىئىي توقۇلمىنى بىر قەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىپادىلەپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

بۇرۇن بىزنىڭ ئارتىستلىرىمىز ئەسەر ئالدىدا خىجىل بولاتتى، ئەمدىلىكتە ئەسەر ئارتىستلىرىمىز ئالدىدا خىجىل بولىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇ، بۇ ئۇتۇق ئاپتور، رېژىسسور، ئارتىست يولداشلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن.

ئەسەردىكى بىر يېتەرسىزلىك، بەزى كۆرۈنۈشلەردىكى سەھنە دېكوراتسىيىسى ياخشى ياسالمىغان. مەسىلەن، 2 - كۆرۈنۈشتىكى ۋاڭ ئۆردىسى تارىخىي جىنلىققا تازا باپ كەلمەيدۇ. ئۇنى ۋاڭ ئۆردىسىغا لايىق بېزەش كېرەك.

ئابلەت ئۆمەر: (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەم دوتسېنت)

مەن «چىن مودەن» ھەققىدىكى بۇ تارىخىي ۋەقەلىكنى خېلى بۇرۇن ئاڭلىغان بولسامۇ، ئەمما دىرامىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىنتايىن تەسىرلەندىم. بۇ ئەسەردە ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇققا، گۈزەللىكنىڭ — خۇنۇكلۇككە، ياخشىلىقنىڭ — يامانلىققا بولغان كەسكىن كۈرىشى تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەر يۇقۇرقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئەسەرنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلساق بولىدىكەن. ئۇندىن باشقا بۇ تىياتىرنىڭ سەھنىدىكى ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈلكە بىلەن يىغا، كومېدىيە بىلەن تىراگېدىيە جانلىق بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى تىراگېدىك كومېدىيە دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن بۇ ئەسەردە تۈزىتىشكە تېگىشلىك بەزى مەسىلىلەرمۇ بار ئىكەن. مەسىلەن: ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسى بىر ئاز چېچىلىپ كەتكەن، شۇ سەۋەپتىن ئەسەر كىشىنى ئۆزىگە تازا جەلپ قىلالمايدۇ. (ئەسەردىكى كومپلىكت ئاخىرىغا سوزۇلۇپ كەتكەن). شۇڭا زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنى تىياتىرنىڭ باشتىن - ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈش كېرەك. شۇنداقتىلا كىشىنى مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

مەھەممەت تاتلىق: (ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى. ئۇ بولمىغانلىقتىن سىراجىدىن زۇبەير ۋاكالىتەن يەتكۈزدى).

ئوپېرا ئۆمىكىمىز «چىن مودەن» دىراممىسىنى ئىشلەپ چىقتى، ئۆمىكىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك يولداشلار يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ پىكرىنى تەپسىلىي ئاڭلاپ كىتاپنى ئۈزلۈكسىز ئۆز-

گەرتسە. مېنىڭچە بۇ ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىنى يەنىمۇ يۇقۇرى كۆتىرىپ، ئۇنى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلساق.

تۇردى سامساق: (يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ خادىمى) **مەن** «چىمەن مودەن» دىرامىسىنى كۆرگەندىن كېيىن بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىمىزدا يېڭىچە بىر گۈللىنىشنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلدىم. ئاپتور ئەسەرنى يېزىشتا ئىخچاملىقتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئەسەرنى كۆرگەن كىشى زېرىكىشلىك ھىس قىلمايدۇ. بۇ ئەسەر ھەقىقى تۇردە دىراماغا خاس بولغان شەمشەردەك پىششىق تىل بىلەن يېزىلغان. ئەسەرنى شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئاپىرىپ كەڭ تەشۋىق قىلسا بولىدىكەن.

بىزنىڭ ئارتىستلىرىمىزمۇ يۇقۇرى ماھارەت بىلەن ئويناپتۇ. ئۇلارنى ئالاھىدە ماختاشقا ئەرزىيدىكەن.

گەرچە بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، يەنە بەزى مەسىلىلەر بار ئىكەن. مەسىلەن: «ئۆششۈك تەككەن غازاڭدەك»، «ھەممە قانۇن سىلەرنىڭ ئوردىدىن چىقىۋاتسا» دېگەندەك گەپلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

تاش مامۇت: («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى)

بۇ ئەسەردىكى ئۇيغۇر قىزى گۈلخانغا «چىمەن مودەن» دېگەن ئىسىمنىڭ قانداق قويۇلۇپ قالغانلىقى مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ، ئۇنى ئىپادىلەشتە، قانداقتۇر بېيجىڭ خانلىقىدىن كەلگەن مۇپەتتىشنىڭ بۇ ئۇيغۇر قىزىغا «بەخت ئاتا قىلىپ» ئات قويۇپ بەرگەنلىكىگە مەدھىيە ئوقۇماستىن، بەلكى بۇنىڭدا ئاساسلىق قىلىپ گۈلخاننىڭ نەقەدەر گۈزەل، ئەقىل - پاراسەتلىك، چىۋەر قىز ئىكەنلىكى ۋە شۇ تۇپەيلىدىن شەھۋانەپەرەس مۇپەتتىشنىڭ مەشرەپ بولۇۋاتقاندا ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، «چىمەن مودەن» (ھەقىقەتەنمۇ مودەن گۈلىگە ئوخشايدىكەن)، دەپ ماختىغانلىقى؛ ئارقىدىنلا ئۇ چىمەن مودەننى بېيجىڭدىكى خان ئوردىسىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولغانلىقى، ئاخىرىدا يەرلىك خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىپ چىمەن مودەننى يوشۇرۇپ قويۇپ، مۇپەتتىشكە بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا بۇ تىياتىر تاماشىبىنلارغا ئىجابىي تەسىر بېرەلەيدۇ. يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بۇ تىياتىرنىڭ 1 -، 2 -، 3- كۆرۈنۈشلىرىدىكى ۋەقەلىك بايان خاراكتىر بىلەن راۋاجلىنىپ، زىددىيەتلەر تۇغۇنۇشى بەك كېچىكىپ قانات يايغاچقا، يۇقۇرىدىكى ئۈچ كۆرۈنۈش، ناھايىتى سۇس بولۇپ قالغان. 4 -، 5 - كۆرۈنۈشلەردىكى كۈرەش كەسكىن بولغاچقا كىشىنى خېلى جەلپ قىلىدۇ. 6 - كۆرۈنۈشتىكى ئۇرۇشۇۋازلىق چېچىلاڭغۇلۇق بولۇپ، قالاشماي قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىستلارمۇ ياشتا چوڭ بولۇپ قالغاچقا، بۇ بىر ھايات - ماماتلىق جىددىي ئېلىشىش بولماستىن، خۇددى ئۇششاق باللارنىڭ ئويۇنىدەك ناھايىتى سۇنئىي بولۇپ قالغان. شۇڭا 6 - كۆرۈنۈشنى «ئەلەم كۈرىشى» ئەمەس «يەم كۈرىشى» قىلىپ ئىپادىلىسە مۇۋاپىقراق بولىدۇ.

ئەمدى 1 - كۆرۈنۈشتىن 3 - كۆرۈنۈشكىچە بولغان سۇسلۇق مەسىلىسىنى بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغان، گىرەلىشىپ كەتكەن، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتنى ئارقىلىق ھەل قىلىش

كېرەك. چۈنكى تىياتىردا پەقەت بىر ـ بىرسىگە زىت بولغان پېرسوناژلارنى ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارنى كۆرەشكە سالغاندىلا ئاندىن زىددىيەتلەر توقۇنۇشى كەسكىنلىشىپ، تىياتىر ۋەقەلىكى جىددىيلىشىدۇ ۋە شۇنداقتىلا تىياتىر تاماشىبىنلارنى تەبىئىي ھالدا جەلپ قىلالايدۇ.

بۇ تىياتىردىكى ئۈچىنچى بىر مەسىلە سەھنە دېكوراتسىيىسى ۋە سەھنىدە بېرىلگەن ئاۋازلار دىگەندەك ياخشى بولمىغان. دېكوراتسىيىنىمۇ خۇددى تىياتىر ۋەقەلىكى ۋە تىياتىر پېرسوناژلىرىغا ئوخشاشلا يۈكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈش كېرەك. يەنە ئۇنىڭدا تىياتىر ۋەقەلىكى ۋە پېرسوناژلارنىڭ پائالىيىتىگە ماس كېلىدىغان تىپىك مۇھىتنى يارىتىپ بېرىش كېرەك. لېكىن بۇ تىياتىردىكى چىن مودەننىڭ دادىسى ئۆلىدىغان كۆرۈنۈشنى 1 ـ، 3 ـ كۆرۈنۈشتىكى دېكوراتسىيە بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويغان. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى چىن مودەننىڭ تاغ قاپتىلىغا جايلاشقان ئۆيى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرسا، شۇ كۆرۈنۈشتىكى ۋەقەلىككە ماس كېلەتتى. يەنە 6 ـ كۆرۈنۈشتىكى سۇمبە قىزۇل ۋەقەلىككە ماس كەلمەيدۇ. ئۇنى ئالدى تەرەپكە ئۆتكىلى بولمايدىغان تىك يارنىڭ لېۋىگە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، ئۇ يەردىن قېچىپ كەلگەن چىن مودەن ۋە مەردانىلارنىڭ ئۇ يەرگە قامىلىپ قېلىپ كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر بىلەن قانلىق ئېلىشىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى تەبىئىي كۆرسىتىپ بەرگىلى بولاتتى.

سەھنىنىڭ كەينىدىن بېرىلگەن ئاۋازدىمۇ مەنتىقىسىزلىك بار. مەسىلەن: 1 ـ كۆرۈنۈشنىڭ بېشىدا چىن مودەن دۆڭگە چىقىپ بۆرىگە قارىتىپ ئوقيا ئاتقاندا قوي ـ كالىلارنىڭ مۆرىشى شۇ ئاندىلا تىمتاس جىمىپ كېتىدۇ. ئەسلى بۇ ئاۋاز بارا ـ بارا پەسىيىپ توختىشى كېرەك ئىدى. بۇ گەرچە كىچىك مەسىلىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ سەھنىدە ئورۇنلىنىۋاتقان تىياتىرنىڭ چىنلىقىغا زور تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ياسىن مۇخپۇل: («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ تەھرىرى)

بۇ ئەسەرنى مۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى شاھىدىن گۈۋەرى بىزگە ئەۋەتكەن ئىدى. «چىن مودەن»نىڭ ھەر خىل ۋارىيانتى بولغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىر ئوينىلىۋاتقىنى تارىخىي چىنلىققا بىر قەدەر ئۇيغۇن بولغاچقا، بىز بۇنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈردۇق. بۇ جەرياندا بىز قۇمۇل رايونىغا بېرىپ، «چىن مودەن»نىڭ قەۋرىسى ۋە ھەقىقەتەن ئەينى ۋاقىتتا جەڭ بولغان يەرلەرگىچە بېرىپ تەپسىلى تەكشۈردۇق ھەم تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىگەللىدۇق. ئەسەردىكى قۇمۇل خەلق ئاھاڭىغا سېلىنغان بىر كۇبلېت ناخشا ئەنە شۇ «چىن مودەن» ۋەقەلىكىنىڭ بىر ۋارىيانتىدىن ئېلىنغان. مانا بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئەسەر بىر پۈتۈن تارىخىي ۋەقەلىككە ئىگە.

ئەرشىدىن تاتلىق: («مىراس» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ خادىمى):

يولداشلارنىڭ ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى توغرىسىدا بەرگەن پىكىرلىرىگە تامامەن قوشۇلىمەن. ئەسەردىكى باش قەھرىمان چىن مودەن يېزا قىزى بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ يېزا قىزلىرىغا خاس ئالاھىدىلىكى دىيەرلىك ئىپادىلەپ بېرىلمىگەن. 4 ـ كۆرۈنۈشتە ئاتىسى ئۆلىۋاتسا قىزى

ناخشا ئېيتىدۇ. بۇ، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە نۇقسان يېتىدىغان ئىشلاردىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم.

ئەسەردىكى سۇمبە قۇرۇلۇشنىڭ كۆرۈنۈشى رېئاللىققا ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ ھەقتە رېژىسسور ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يولداشلار يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزلىنىپ باقسا.

ئابدۇسالام تىلىۋالدى: («شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن)

بۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ۋەقەلىك تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن بولۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياخشى ئېچىپ بېرىلگەن. تىياتىردا رول ئالغان بەزى ئارتىستلار ئىلگىرى بۇ خىل دىرامىنى كۆپ ئويناپ باققان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ يولداشلار رېژىسسورنىڭ ماھىرلىق بىلەن يېتەكلىشى ئارقىلىق زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرى ئورۇنلىغان پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. بۇلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئەسەردە ئورتاق تىلنى ئاساس قىلىپ پەقەت ناخشا ـ مۇزىكىدا قۇمۇل خەلق ئاھاڭلىرى ئاساس قىلىنسا ئەسەردىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ياخشى ئېچىپ بەرگىلى بولىدىكەن. ئېرىلىشىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ، «چىن مودەن» دېگەن ئىسىمنى پەقەت ئوردىدىلا ئىشلەتسە، باشقا پۇخرالار ئۇنى ئۆز ئىسمى (گۈلخان) بىلەن ئاتىسا مۇۋاپىق بولغىدەك.

بۇگۈنكى يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنداق كۆز قاراشقا كەلدى:

① «چىن مودەن» دىرامىسىدىكى ۋەقەلىكنىڭ، قۇمۇل رايونىنىڭ باغداش دېگەن يېرىدە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي چىنلىققا ئىگە ۋەقە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇلدى.

② ئوپېرا ئۆمىكىدىكى رېژىسسور، كومپوزىتور، ئارتىست يولداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى سەۋىيىسىگە قارىغاندا، «چىن مودەن» دىرامىسىنى تېخىمۇ يۇقۇرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغا قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردى.

③ ئوپېرا ئۆمىكى ۋاقىتنىڭ قىسقا بولۇشىغا قارىماي زور كۈچ سەرپ قىلىش ئارقىلىق «چىن مودەن» دىرامىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىققانلىقى قارارلاشتۇرۇلدى. ئاخىردا يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئوپېرا ئۆمىكىدىن، تىياتىر ۋەقەلىكىنى؛ رېژىسسورنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى؛ سەھنە دېكوراتسىيىسى ۋە تىياتىر مۇزىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ يۇكسىلىش قىلىپ، يەنىمۇ بەدىئىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

خاتىرىنى رەتلىگۈچى: ئابدۇسالام تىلىۋالدى

AltunOg

# گارمونىيىلىك بىرىكتۈرۈپ قىلىش

## 5 ـ باپ

### ئوتتۇرا قىسىم

(بېشى 84 ـ يىل 6 ـ ساندا)

§33. بىز بىرەر مېلودىيىنى مۇھاكىمە قىلـغاندا، بىرىنچى قەدەمدە باشلىنىشنى ۋە ئاـخىرلىشىشنى شەكىللەندۈرۈش ئۇقۇمىنى تونۇـغۇزۇش لازىملىقىنى ئالدىنقى قىسىمدا ئالاقاـچان كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ئىككىنچى قەدەمدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش قايسى خىل كۆي يۆتكەشنى ئىشلىتىش. ئادەتتىكى كىشىـلەردە، مېلودىيىدىكى ۋاقىتلىق كۆتىرىش، چۈـشۈرۈش بەلگىلىرى بىزنىڭ قانداق كۆيگە يۆتـكەپ كىرىشىمىزنى ئىپادىلەيدۇ، — دەيدىغان بىر خىل خاتا كۆز قاراش مەۋجۇت. بولۇپمۇ ۋاقىتلىق بەلگىلەر بار يەردە كۆي يۆتكەشـنىڭ ھاجىتى يوق، كۆي يۆتكەش لازىم بولـغان جايدا، مېلودىيە مۇقەررەر مەزكۇر كۆيـنىڭ ئاۋاز باسقۇچى ئىچىدىكى ئاۋازلارنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بىز تۆتىنچى باپنىڭ ئاخىرـقى مەشىق تېمىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرسەك، ئىچىدىكى 11 ـ تېمىنىڭ مېلودىيىسى پۈتۈنـلەي $F$# كىچىك كۆينىڭ ئاۋاز باسقۇچى ئىـچىدىكى ئاۋازلار بىلەن چەكلەنگەن. لېكىن ئىچىدە ئىككى قېتىم ئېنىق ھەم كەم بولسا بولمايدىغان كۆي يۆتكەش مەۋجۇت بولۇپ، B كىچىك كۆي ۋە A چوڭ كۆيگە يۆتكەلـگەن، ئەكسىچە كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار تۆۋەندىكى F چوڭ كۆينىڭ مېلودىيىسىنى ھېچ قانداق ھاجىتى بولمىسىمۇ $^bE$ چوڭ كۆيىگە يۆتكەيدۇ.

57 ـ مىسال گەرچە ئاددى بولسىمۇ، بىزگە كىرىك بولغان تەكشۈرۈش قىلىش ئۇسۇلىدۇر. (57 ـ مىسالغا قاراڭ)



57 ـ مىسال

ئەگەر ئوقۇغۇچى قانداق جايدا كۆي يۆتـكەش لازىملىقىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئۆزـدە بىر خىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى شەكىلـلەنگەنىنىڭ سىرتىدا باشقىچە ئامالغا يول قالـمايتتى. لېكىن بىز بۇ خىل ئىقتىدارنىڭ تاۋـ

لىنىپ چىقىدىغانلىقىغا كېپىللىك قىلالايمىز. دەسلەپتىلا پىئانىنو ئۈستىدە ئاككورت مەشق تېمىسى ئىشلەشنىڭمۇ ئىنتايىن چوڭ پايدىسى بولۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھاياجانلىق ئاھاڭ ئىشلەشنى كۆپلەپ مەشق قىلسا ئەڭ ئاخىرى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

§34. كۆپلىگەن كۆي يۆتكەش، ھامان يىرىك ئەسەرلەردە تەسادىپى ھالدا ئىشلىتىلىپ، زىننەت ئۈستىگە بىر خىل ھۆسن قوشىدۇ. مۇناسىۋىتى ناھايىتى يىراق بولغان كۆي يۆتكەشتە، ھامان مېلودىيە ئىچىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلەردىن يىپ ئۇچى تېپىشقا بولىدۇ، ئەمما ئاددى ھالدىكى كۆي يۆتكەشلەردە بۇ خىل ئۇسۇلنى ھەرگىز ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئوقۇغۇچى تۆۋەندىكى مۇناسىۋەتلەرنى پىششىق بىلىۋېلىشى لازىم.

C چوڭ كۆي ئىچىدە كۆي يۆتكەشكە بولىدىغىنى G چوڭ كۆيى، F چوڭ كۆيى (ئادەتتە ئاخىرلىشىش قىسمىدا) E چوڭ كۆيى، بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدىغان ھەم يۆتكەشكە بولىدىغىنى $^{b}E$ چوڭ كۆيى، A چوڭ كۆيى، $^{b}A$ چوڭ كۆيى (شۇنىڭدەك مەنسۇپ ئاۋازغا تۆۋەندىكى مەنسۇپ ئاۋازغا يۆتكەش ھەممىدە يۇقۇرى تۆۋەندىكى چوڭ، كىچىك ئۈچ گىرادۇسلۇق ئاۋازلار ئۈستىدىكى ھەر قايسى كۆيلەرگە يۆتكەش)

كىچىك كۆي تەرەپتىن: A كىچىك كۆيى، E كىچىك كۆيى، D كىچىك كۆيى، F كىچىك كۆيى.

C كىچىك كۆيى ئىچىدە كۆي يۆتكەشكە بولىدىغىنى: $^{b}E$ چوڭ كۆيى، $^{b}A$ چوڭ كۆيى. G چوڭ كۆيى؛ بىر قەدەر كۆپ ئۇچرىمايدىغانلىرى $^{b}B$ چوڭ كۆيىگە يۆتكەش ($^{b}E$ نىڭ ئۆتكۈنچى كۆيى سۈپىتىدە) كىچىك كۆيى تەرەپتىن: F كىچىك كۆيى، G كىچىك كۆيى.

§35. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىنى $\frac{6}{4}$ ئاككورت (ئۈچلۈك ئاككورتىنىڭ بىر خىلى) نى ئىشلىتىشكە بالدۇرراق ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشى لازىم. ئەگەر مۇقىم بىر ئۇنۇمنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسەر ئىچىدە بۇ خىل ئاككورتنى ئىشلەتسە، ئەلۋەتتە مۇمكىن. بۇ يەردە بىز ئىككى دانە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتەيلى: بىرى ماركس لوۋېنگېنىڭ كىرىش مۇزىكىسى (56 ـ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى، ئىچىدىكى ئىككىنچى تاكت؛ يەنە بىرسى شىكولىيابىننىڭ كىرىش مۇزىكىسى (16 ـ ئەسىرى) ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىز باياتىن ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزغا ئوخشاش زىننەت ئۈستىگە بىر خىل ھۆسن قوشۇپ، ئىنتايىن كۆركەم قىلىپ ئىشلەتكەن. لېكىن ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، مەيلى قاتتىق ئۇدار ئۈستىدە ياكى يۇمشاق ئۇدار ئۈستىدە بولسۇن بۇ خىل ئاككورتنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى:

1) ئۇنى قاتتىق ئۇدار ئۈستىدە ئىشلەتكەندە، ئومۇمەن بىر خىل كۆي يۆتكەش كەيپىياتى بولىدۇ: (58 ـ مىسالغا قاراڭ)



58 ـ مىسال

ئەگەر 58 ـ مىسالنى چېلىپ كۆرسەك، ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىدە G كۆيى ئۈستىدە ئاياقلىشىش ھېسسىياتى تۇغۇلىدۇ. ئەگەر بىرىنچى تاكت يۇقۇرى ئاۋاز بۆلىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى G ئاۋازنى A ئاۋازغا ئۆزگەرتىدىغان بولساق، بۇ خىل ھاجەت تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ. تىرناق ئىچىدىكى ئاشۇ خىل ئاياقلى-

شىشنىڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ئاڭلىغۇچىلىقى يوقلۇقى ئۈستىدە سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ.

2) يۇمشاق ئۇدار ئۈستىدە ئىشلەتكەندە، بۇ ئاككورت، ئىككى باشقا ئاككورت ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. لېكىن ئوخشاشلا باخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى تېخىمۇ يامان قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. مەسىلەن: 59 - مىسالدىكى ئىككى دانە ئىككىرەك بىرلىك ئاۋازنى ئالساق، بۇ يەردىكى ئاككورتنىڭ بىر نەچچە خىل تەگكەش قىلىش ئۇسۇلى بار بولۇپ $\frac{6}{4}$ نى ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، لېكىن كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇنداق نۇقسانلارنى سادىر قىلىپ تۇرىدۇ. (59 - مىسالغا قاراڭ)



59 - مىسال

ئەگەر 59 - مىسالدىكى «ئورتا ئاۋاز بۆلىكى» دىكى بىرىنچى ئاۋاز A بولسا، ھەر قايسى ئاۋاز بۆلەكلىرى بىر - بىرسىگە يېقىن بولىدۇ، ھەم بىر قەدەر ئىشلەتكۈچىلىكى بولىدۇ. لېكىن ئۇقۇغۇچى ماھارەت تەرەپتىن ئىشەنچىگە ئىگە بولالماي تۇرۇپ، بۇ خىل ئورۇنداق تەس بولغان ئۇسۇلنى قوللانماسلىق كېرەك.

§36. داۋاملىق ئاساسى ئاككورت بىلەن مەنسۇپ ئاككورتنى ئىشلىتىۋەرمەسلىك لازىم. بولۇپمۇ مەزكۇر كۆي دائىرىسى ئىچىدە تېخىمۇ شۇنداق، بۇ ئاسان سادىر بولىدىغان نۇقسانلاردىن ئەمەس. ئەگەر بۇ ئىككى ئاككورتنىڭ ئەسلى ئورنىنى ئىشلەتسە تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. (مەسىلەن: 60 - مىسال): بۇ يەردە 60 - مىسالنىڭ ناچارلىقى قىلچە مۇبالىغە قىلىنغىنى يوق. 61 - مىسال بولسا ئوخشاش بىر مۇزىكا جۈملىسىنىڭ يەنە بىر خىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىشىدۇر. (60 - 61 - مىساللارغا قاراڭ)



60- مىسال



61 - مىسال

§37. نەپەس سىزىقى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان ئوخشاش گىرادۇستىكى ئاۋاز ھەمىشە يۇقۇرى ھەم تۆۋەندىن خوشنا ئاۋازغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، بۇ تۇتاشتۇرۇلغان ئاۋازنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۇدارىغا بىر ئاككورت تەگكەش قىلىش ھەم ھىلىقى ئاۋازنى يۇقىرى - تۆۋەن يېقىنلاشتۇرماسلىق لازىم. بۇ خىل ئاۋازنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئاۋاز بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇشى پەقەتلا ئاۋازنىڭ ئەسلى ئورنىنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى كومپوزىتورلاردا ئاشۇ ئۆزگەرتىلگەن ئاۋاز قىسمىدا بىر ماس بولمىغان ئاۋاز تۈيغۇسىنى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: 61 - مىسالدىكى مىلودىيىنىڭ ئاخىرلىشىش قىسمىدىكى $\frac{1}{2}$ لىك G ئاۋازىدىكى ئەھۋال مۇشۇنداق.

ئەگەر ئاشۇ مىلودىيىنى 2/4 ئۇدارغا ئۆزگەرتسەك، بۇ G ئاۋازى تاكىت سىزىقىنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆلۈنۈپ خۇددى يۇقۇرىدا سۆزلەن-

ئەنگە ئوخشاش بىر تۇتاشتۇرۇلغان ئاۋازغا ئايلىنىدۇ. 62 ـ مىسالدىكى E ئاۋازى بىلەن 63 ـ مىسالدىكى D ئاۋازى ئەنە شۇنداق مىساللاردۇر. (62 ـ 63 ـ مىساللارغا قاراڭ)



62 ـ مىسال



63 ـ مىسال

§38. ئەگەر قاتتىق ئۇدار ئۈستىدە كۆرۈنگەن ئاۋاز، ئالدىدىكى يۇمشاق ئۇداردىكى ئاۋازنىڭ ئۆزى بولسا، ئالدى ـ كەينىدىكى ئىككى ئاۋاز گەرچە نەپەس سىزىقى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، يۇقىرىدا كۆرسەتىلگەن پىرىنسىپى ئوخشاشلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. (مەسىلەن: 64 ـ مىسالغا قاراڭ) ئەگەر بىرەر مۇقىم مەقسەت بولمىغان تەقدىردە، قاتتىق ئۇدار ئۈستىدە ئۇمۇمەن ئاككورت ئالماشتۇرۇش كېرەك، بۇ بىر پىرىنسىپ. غەيرەزلىك ھالدا قاتتىق ئۇدار ئۈستىدە ئالدىدىكى يۇمشاق ئۇداردىكىگە ئوخشاش ئاككورت ئىشلەتكەندىمۇ، يەنىلا كەينىدىكى ئاككورنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك ھەمدە بىر نەچچە ئۆتكۈنچى ئاۋازنى قوشۇش كېرەك. كەينىدىكى ئاككورتقا نىسبەتەن بىرەر يېڭى ھېسسىيات تۇغۇلۇشى لازىم. (مەسىلەن: 65 ـ مىسالغا قاراڭ)



64 ـ مىسال



65 ـ مىسال

§39. «تەقلىت قىلىش» بارلىق مۇزىكىلارنىڭ ھاياتى، لېكىن كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار، ئۇمۇمەن ھەممە كۈچىنى سەرپ قىلىپ، قاتتىق تەقلىت قىلىشنى قوغلىشىدۇ. گەرچە قاتتىق تەقلىت قىلىشنى ئىشلىيەلىگەندىمۇ، ھېچقانداق بىر قىممىتى بولمايدۇ. چۈنكى «كۆپەيتىپ يېزىش» بىلەن «تەقلىت قىلىش» بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىش. بىرەر ئاھاڭنى قاتتىق تەلەپلىك كانۇن قىلىپ يېزىش يەنى تۆۋەندىكى ئاۋاز بۆلىكىدە بىر نەچچىلىگەن ئاۋازنى كۆپەيتىپ يېزىپ، پۈتۈنلەي ئوخشاش ھالدىكى مۇزىكا جۈملىسىنى شەكىللەندۈرۈشلەرنى مۇزىكا ئىجادىيىتى دەپ ھېساپلىغىلى بولمايدۇ؛ بۇنى پەقەت نەمۇنىنى كۆرسىتىشنى ئوخشىتىپ بېقىش دېيىش كېرەك. مۇقىم بىر ئورۇندا تەقلىت ئىشلىتىشنى ھېس قىلىشاندىمۇ، مۇۋاپىق تەقلىت قىلىشنى ئىشلەتىش، ئاندىن مۇزىكا ھېساپلىنىدۇ. بۇ خىل تەقلىت قىلىش ئاھاڭنىڭ ئەسلىدىكى روھىنى ساقلاپ قالالىسا بولىدى، بىر مۇنچىلىغان ھاجەتسىز ئوخشاش جايلارنى بولسا ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

تەقلىت قىلىشتا ئۈچ خىل مۇھىم شەكىل بار، ئۇلار: (1) مېلودىيىلىك، (2) گارمونىيە-

لىلىك، (3) رېتىملىق تەقلىت قىلىشتىن ئىبارەت. ئالدىدا كۆرسىتىلگەن نۇرغۇن مىساللاردىكى تۆۋەن تەرەپتىكى نەچچە ئاۋاز بۆلەكلىرىنىڭ يۈرۈشىدە، نۇرغۇنلىرى ئاھاڭنىڭ تەلۈددىن كېلىپ چىققان. 66 - مىسال بىلەن 67 - مىسالدا ئىشلىتىلگەن تەقلىت قىلىشلار ناھايىتى ئېنىق ھالدا تەسلىدىكى مۇزىكا جۈملىسى بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ياخشى تەقلىت قىلىشلار ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك. 68 - مىسالدا ئوتتۇرا ئاۋاز بۆلىكى بىر خىل ئاۋاز ئېگىدىلىشىنىڭ قانۇنلۇق يۈرۈشىنى ئىشلەتكەن، تەقلىت قىلىش ئەركىنرەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئالاھىدە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. (66 -، 67 -، 68 - مىساللارغا قاراڭ)



66 - مىسال



67 - مىسال



68 - مىسال

گارمونىيىلىك تەقلىت قىلىش بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدۇ، ھەم مۇھىم ئەمەس. لېكىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى خىل مەسىلە بار. بىرىنچى خىل مەسىلە 69 - مىسالدىكىگە ئوخشاش «قالدۇق ئاۋاز» ئىشلىتىپ ئاككورتنىڭ زىننەتلىكلىكى ئاشۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئۇسۇل ناھايىتى ئاسانلا كونا ئۇسلۇپ بولۇپ قالىدۇ. بەزى ھاللاردا ئاھاڭ باشلانغان ۋاقىتتا، ئەگەر ئورنى ئېنىق ھەم تەسىرى كۈچلۈك ئاككورتلار بولسا، ھەممىشە ئاياقلىشىش قىسمىغا يېقىن جايىدا يەنە بىر قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدۇ. 69 - مىسالنىڭ 2 - تاكتىدا بىر قالدۇق ئاۋاز ئىشلەتكەن، شۇڭا 4 - تاكتتا يەنە بىر قالدۇق ئاۋاز ئىشلىتىپ، تەڭپۇڭلۇق قولغا كەلتۈرۈلگەن. 70 - مىسالدا باشلىنىشتىلا بىر ئالاھىدە ئاككورتنى ئىشلىتىپ ئارقىدىنلا يەنە ئىككى قېتىم ئىشلەتكەن.①
(69 -، 70 - مىسالغا قاراڭ)



69 - مىسال



70 - مىسال

① بۇ ئالاھىدە ئاككورت بىرىنچى تاكت 3 - ئۈلۈشتىكى تۆت ئاۋازنىڭ ئاككورتىنى كۆزدە تۇتىدۇ. كېيىنكى ئىككى قېتىم كۆرۈنۈش بولسا 3 - تاكتنىڭ 3 - ئۈلۈشى، بۇ ئورۇندا PR نى ئىشلىتىش A# گە ۋەكىللىك قىلىدۇ، يەنە 7 - تاكتنىڭ 2 - ئۈلۈشى.

AltunOq

70 - مىسالدىكى چوڭ كۆينىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. گەرچە چوڭ كۆيدىن چوڭ كۆيگە يۆتكەلگەندىن كېيىن يەنە چوڭ كۆيگە قايتىشتىكى ھېسسىيات كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ئاۋازى «قىلشىيا» كۆي شەكلىدىكى «مەركىزى ئاۋاز» (كۆي فورمىسى ئىچىدىكى بىر مۇھىم ئاۋاز) بولغانلىقتىن كىچىك كۆي بىلەن چوڭ كۆي ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئىنچىكە باغلىنىش بولىدۇ؛ ئادەتتە ئوقۇغۇچى ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇ نۇقتىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

رىتىم جەھەتتىن تەقلىت قىلىشتا، يەنە مىسال كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئالدىدىكى 24-، 25-، 26- مىساللارنىڭ ھەممىسى ياخشى مىساللاردۇر.

نۇرغۇنلىغان باشقا ماھارەتلەرگە ئوخشاش، بۇ خىلمۇ ئېغىز مەيلىچە كۆپ ئىشلىتىلىپ، مۇزىكىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ؛ لېكىن كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان يەردىن ئۇنى ئېلىپ ئىشلەتكەندە، قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئانچە بولمايدۇ. گارمونىيە ئۆگەنگۈچى كىشى، ئەگەر 71 - مىسالدىكى بىرىنچى خىل شەكلىنى ياقتۇرۇپ قالغاندا، ئىككىنچى خىل يېزىش ئېھتىمالىنىڭ بارلىغىنى ئومۇمەن ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. (71 - مىسالغا قاراڭ)



71 - مىسال

§ 40. بەزىدە يۇقۇرى ئاۋاز بۆلۈگىدىكى مېلودىيىنىڭ ئىككى - ئۈچ ئاۋازى گارمونىيە بولۇپ شەكىللەنمەي يەككە ھالدا كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇنۇمى يەنىلا ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، بولۇپمۇ يۇقۇرى دولقۇن (ئەۋج) بىلەن زىچ باغلانغاندىن كېيىن، كىشىگە شاتلىق بېغىشلايدۇ. لېكىن، قانداق جايدا بۇ خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى، پەقەت چۈشىنىپ ئېلىشقىلا بولىدۇكى ئۇنى تەرغىپ قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلگەندە، بەكمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەك: يۇقۇرى ئاۋاز بۆلىكىدىكى مېلودىيىنىڭ ئۆزىدىلا ناھايىتى ئۇزۇن دەم ئېلىش بولىدۇ، شۇڭا تۆۋەندىكى ئاۋاز بۆلىكىدە، يۇقۇرى ئاۋاز بۆلىكىدىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىرەر يالغۇز چېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بۇ نۇقتىنى ئاخىرىدىكى (§53 [2] ) تا يەنە مۇھاكىمە قىلىمىز، لېكىن بۇ يەردە ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش لازىمكى، ئاۋاز بۆلەكلىرى تۈركۈملەپ يۈرگۈزۈلگەن ۋاقىتتا، پەقەت بىرلا ئاۋاز بۆلىكىگىلا دىققەت قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ يەككە ھالدىكى پۈتۈن ئاھاڭنىڭ مەنىسىنى ئىگەللىگەنلىگىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

§ 41. دوراش ھەر خىل مېلودىيە ئىچىدە (مەيلى ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن) ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دوراشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاسان سادىر بولىدىغان بىر نۇقسان، ئەينەن تەقلىت قىلىشتۇر. بۇ خىل تەقلىت قىلىشنى يېزىش ناھايىتى ئاسان. ئاڭلىنىشتا ناھايىتى راۋان، لېكىن تولىمۇ ئاددى بولۇپ قېلىشتىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش كېرەك. 72 - مىسالنىڭ يۇقۇرى ئاۋاز بۆلىكىدەك ئاشۇنداق بىمەنە ئاھاڭنى كىتاپخان ھەرگىزمۇ گارمونىيىلىك تېمىنىڭ تەڭكەشى دەپ ھېسابلىماسلىقى كېرەك. مۇشۇنداق مېلودىيىگە تەڭكەش قىلىنغان گارمونىيە ئاساسەن 72 - مىسالدىكىدەك نەتىجىگە ئېلىپ كېلىدۇ. 73 - مىسال ئاشۇنداق يېقىمسىز ئاھاڭ ھەققىدە ماھارەتلىك ئىزدىنىش ئېلىپ بارغاچقا، ئۇنۇمگە ئېرىشەلىگەن.



72 - مىسال



73 - مىسال

دوراشنى بىر تەرەپ قىلىشتا ناھايىتى ئا-
سان ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان بىر نۇقتا بىار. ئۇ
بولسىمۇ: بىرىنچى مۇزىكا جۇملىسى كۆپىنچە
تەبىئى ھالدا ئاۋاز باسقۇچى ئىچىدىكى ئاۋاز-
لاردىن تەركىپ تاپىدۇ؛ لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدى-
كى ئاۋازلار چوقۇم تۆۋەن تەرەپتىكى بىر مۇ-
زىكا جۇملىسى بىلەن يۇقۇرى - تۆۋەن جۇملە
ئىچىدە ئالاھىدە گارمۇنىيە بولغان بولسىمۇ
ئىنتايىن تەبىئى بىرىككەن بولۇشى كېرەك.
(ئەگەر بۇ مۇزىكا جۇملىسى دوراش قىسمىنى
ئىشلەتمىگەن بولسا، بۇ خىل گارمۇنىيىنى ھەر-
گىز ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.) مەسىلەن: 74 -
مىسال ئىچىدىكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئىككى
تاكتنىڭ گارمۇنىيىسى ئەگەر دوراش مۇناسى-
ۋىتىدىن بولمىسا، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنداق تەگ-
كەش قىلغىلى بولمايدۇ: (74 - مىسالغا قاراڭ)



74 - مىسال

ئەڭ ئاخىرىدا، ئەگەر دوراشنىڭ تۈزۈلۈشى
تېتىقسىز، زورمۇ - زور بولۇپ قالسا، ئۇ ھال-



دا تۇيۇقسىز ھەم باشقىچە بىر ئاككورتنى ئىش-
لىتىپ بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.
بەزى ۋاقىتتا ئەنە شۇنداق باشقىچە مەنا تۇ-
يەلىدىن، ئالدىدىكىدەك بىر تۇتاش دوراشلارنى
ئىشلىتىمىز. (75 - مىسالغا قاراڭ)



75 - مىسال

§ 42. ئالدىنقى قىسىمدا قالدۇق ئاۋازنىڭ
ھەممىشە ئاھاڭنىڭ باشلىنىش ھەم ئاخىرلىشىش
قىسمىدا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتۇق؛
تەسادىپى ھالدا ئاھاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا
ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، بولۇپمۇ ملودىيە ناھا-
يىتى ئۇزۇك بولغان ئورۇندا؛ ئۇلارنىڭ بىر
تەرەپ قىلىنىشى كۆپىنچە ناھايىتى ئېنىق بو-
لىدۇ، چۈنكى تولىمۇ تارقاقلاشتۇرۇۋېتىشكە
بولمايدۇ. ھازىرچە پەقەت 70 - مىسالدىكى
ئاۋازنى كۆرسىتىپ ئۆتسەكلا، بۇ خىل مەقسەت-
نى چۈشەندۇرۇشكە بولىدۇ.

§ 43. 34 - كۆي يۆتكەش پاراگىراپىدا،
گەرچە «تۆۋەنكى مەنسۇپ ئاككورت» بۇ خىل
كۆپ ئىشلىتىلىدىغان كۆي يۆتكەش دەپ قا-
رالسىمۇ، لېكىن ئەمىلىي ئىشلىتىشتە، تۆۋەنكى
مەنسۇپ ئاككورتنىڭ كۆي يۆتكىلىشىگە ئالا-
ھىدە ئېھتىيات قىلىش لازىم؛ ئەگەر ئىشلىتىش
جايىدا بولمىسا، ئاھاڭنىڭ كۆي خاراكتېرى
بۇزۇلىدۇ. تۆۋەنكى 7 تاكتلىق گارمۇنىيىنى،
مۇزىكا تەربىيىسى كۆرمىگەن كىشىلەر ئاڭلىسى-
مۇ، ئۇنىڭ C چوڭ كۆيى بولماستىن، بەلكى
F چوڭ كۆيى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ: ئەڭ
ئاخىرقى C ئاككورتى يېرىم توختاشقا ئوخشاپ
كېتىدۇ ھەمدە مۇزىكىنىڭ تولۇق ئاياقلاشمىغانلىقى-
نى ھېس قىلدۇرىدۇ. (76 - مىسالغا قاراڭ)



76 – مىسال

ئەگەر ئوقۇغۇچى قانائەت ھاسىل قىلمىسا، يۇقۇرىدىكى ئاھاڭنى بەش، ئالتە قېتىم چېلىپ كۆرۈپ، ئاندىن كاللىسىدا زادى قانداق كۆينىڭ تەسىرى قالغانلىقىنى ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ. ئوخشاش ساندىكى كۆي يۆتكەش، ئەگەر «مەنسۇپ كۆي» گە يۆتكىلىپ كىرسە كۆڭۈلدە بىئارامىلىق ھىسسىياتى تۇغۇلمايدۇ. شۇڭلاشقا چاققان ھەجىمدىكى مېلودىيىدە بىمول (يېرىم چۈشۈرۈلگەن) 7 گىرادۇسلۇق كۆي يۆتكەش ئاز ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن كۆپلىگەن كۆي يۆتكەشلەردە ھەممىشە بىر دىيس (يېرىم كۆتىرىش) بەلگىسى قوشۇشقا توغرا كېلىدۇ، ياكى ئەسلىدىكى بىر بىمول بەلگىسى بىلەن مەنسۇپ كۆيىگە يۆتكىلىدۇ. C چوڭ كۆيى ئىچىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغىنى G چوڭ كۆيى، E چوڭ كۆيى (مۇناسىۋەتلىك كىچىك كۆينىڭ مەنسەپ ئاككورتى)، A كىچىك كۆيى، A چوڭ كۆيى بىلەن D كىچىك كۆيىمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ) بولۇپمۇ دوراش ئىچىدە $^{b}E$ چوڭ كۆيى بىلەن $^{b}A$ چوڭ كۆيى C چوڭ كۆيىدىن بىر ئاز يىراق بولسىمۇ، ئىشلەتكىلى بولماسلىق خەۋپى تۇغۇلمايدۇ، لېكىن تۆۋەندىكى مەنسۇپ كۆينى پەقەت كۆي يۆتكەشنى ئىشلىتىپ ئەڭ ئاخىرىدا ئەسلىدىكى كۆيگە قايتقان ئەھۋال ئاستىدىلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چۈنكى مۇزىكا دېيىلىق كۆي تەرەپتىن بىر قەدەر ئۇزۇن ۋاقىتنى زايا قىلىپ قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مۇزىكىنى بىۋاستە تەسلى كۆيىگە قايتۇرۇش. تەكسى ھالدا مەزكۇر كۆيدىن ھالقىپ چىقىپ قارشى تەرەپتىكى بېمۇللۇق كۆيلەر بىلەن ئۆزچىرىشىپ، بىر خىل

كۆي خاراكتېرىنىڭ تەكشى ھەم مۇقىملىقىنى تۇرغۇزغانغا يەتمەيدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، مەسىلەن، بىر F كۆيلۈك ئاھاڭ كۆي يۆتكەش سەۋەبىدىن ئوتتۇرىدا ناھايىتى ئۇزۇن بىر پارچە C چوڭ كۆينى ئىشلەتتى، ئۇنداقتا ئاڭلىغۇچى ئۆزلىگىدىن C كۆيى بۇ ئاھاڭنىڭ ئاساسى كۆيى ئىكەن دەپ تونۇيدۇ؛ بۇ ۋاقىتتا ئۇلاپلا F كۆيگە قايتساق ئاڭلىغۇچى ئاھاڭ مەزكۇر كۆيگە قايتماي، بەلكى تۆۋەندىكى مەنسۇپ كۆيگە يۆتكىلىپ كىرگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئاۋال F ئۈستىدىكى مەنسۇپ 7 لىك ئاككورتىنى ئىشلىتىپ $^{b}B$ چوڭ كۆيىگە يۆتكىلىپ كىرىپ، ئاندىن قايتا F چوڭ كۆيىگە قايتىش كېرەك، ئەگەر ئوقۇغۇچىدا كۆي يۆتكەش ماھارىتىگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئىشەنچىسى بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى ئاھاڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئاخىرىسىدا تۆۋەندىكى مەنسۇپ كۆينى ئىشلىتىپ ئۇنى ئەڭ ئاخىرىدا ئاساسي كۆيگە قايتىشنىڭ تەييارلىقى قىلىش پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش كېرەك. (77 – مىسالغا قاراڭ)



77 – مىسال

§ 44. ئەڭ ئاخىرىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تۆت نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

1) ھەقىقەتەن ئىشەنچ بولغان تەقدىرىدىمۇ بىخوتلۇق قىلىساق. ناموۋاپىق ئاككورتنى ئىشلىتىپ قويىمىزدە، ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز. ئەگەر بىز مەقسەتلىك ئىشلىتىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا بۇ خىل ياساپ تۇرغۇزۇشمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. تۆۋەن-

دىكى مىساللىدىكىدەك يۈرۈش خام ئەسەرلەردە، كۆپ ئۇچرايدۇ. (78 – مىسالغا قاراڭ)



78 – مىسال

بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلىدا (شۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ناھايىتى كۆپ) ئالدىدىكى ئاككورتنىڭ ئىشلىتىلىشى جايىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بىزدە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ھېسسىياتى كەمچىل بولۇپ قالىدۇ.

2) 7 گىرادۇسلۇق ئاۋازنى خالىغانچە چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز ئۆتكۈنچى ئاۋازلارمۇ بۇنداق قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. 79 – مىسالدا ئەگەر Eb ئاۋازنى E نىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان بولساق ئۇ ۋاقىتتا پۈتۈنلەي چاتاق چىقىدۇ. لېكىن ئىنتايىن ئاز كىشىلەر Eb نى ئىشلەتمەيدۇ. (79 – مىسالغا قاراڭ)



79 – مىسال

3) كىشىدە مۇقىم بىر مەقسەت بولغان تەقدىردىمۇ قاتتىق ئۇدار ئۇستىدىكى ئاۋاز بىلەن ئالدىدىكى ئاۋازنى تۇتاشتۇرۇپ بىر ئاۋاز قىلماسلىق كېرەك. مەسىلەن: جۈملە ئايرىش 80 – مىسالنىڭ ئوتتۇرا ئاۋاز بۆلىكىدەك، ئوخشاش رەتلىك بولۇشنى ساقلاپ قالالىشى لازىم. كۆپ ھاللاردا بۇ خىل تۇتاشتۇرۇش زۆرۈر بولسىمۇ لېكىن كۆپ ئىشلىتىدىغان بىر خىلى ئىككىنچى ئاۋازنىڭ ئۆزى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر ماس بولمىغان ئاۋاز بولىدۇ ھەم ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا ئۇنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلەيدۇ. (80 – مىسالغا قاراڭ)



80 – مىسال

4) ئاخىرىدىكى قاتتىق ئۇدار ئۇستىدە، ئورنىدىكى ئالدىدىكىگە ئوخشاش بولغان ئاككورتنى ئىشلىتىش، ئېھتىمال ئەڭ ئوسال ئەھۋال ھېساپلانسا كېرەك. 81 – مىسال، بۇ ئەھۋال بىلەن ئانچە پەرق قىلمايدىغان بىر خاتالىق. بۇ ئوقۇغۇچى ئۆزى تاللاپ ئىشلىتىدىغان تېما شەكلى، لېكىن ئۇ باشقا تەرەپتىن ئاللىقاچان ئالاھىدە نەتىجىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. (81 – مىسالغا قاراڭ)



81 - مىسال

# 6 ـ باپ

## ستىللىك* بىر تەرەپ قىلىش

§45. بۇ باپتا مۇھاكىمە قىلىماقچى بولغان مەسىلىدە، ماھىيەت تەرەپتىن كۆپىنچە يەنە بىر قاتلام چوكقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنى ئالدىنقى بىر نەچچە باپ بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھازىرچە، ئەگەر ئوقۇغۇچى ئالدىنقى ئۈچ باپنى پىششىق بىلىپ، ھەممە مەشىق تېمىلىرىنى ئىشلەپ بولالىغان بولسا، ئاز دېگەندىمۇ بىر خىل پىشقان ماھارەتكە ئىگە بولۇپ، ئاككورتلارنى كۆڭۈلدىكىدەك تەڭكەش قىلالايدۇ. شۇنداقتىمۇ ھامان بەزى ئۇششاق ئورۇنلارغا كۆڭۈل بۆلەلمەيدۇ. بولۇپمۇ پۈتۈن ئاھاڭنىڭ مەنىسى ھەم تەكشىلىگىنى ھەممە تەرەپتىن تەڭ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. مەسىلەن: تەقلىت قىلىش مەشقىنى ئىشلىگەندە، ئوقۇغۇچى ھامان مەشىق تېمىسى ئىچىدە تەقلىت قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاساسى تەرەپنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. لېكىن بۇ باپتىكى ئاھاڭ ئۇنى ئومۇمى ئورگاننىڭ مۇھىم بىر بۆلىگى دەپ قاراپ ھەممىدە باشقا كېيىنۋاتقان ئاككورتلار بىلەن ئۇيۇلتاشتەك بىرلەشتۈرۈپ بارغانسېرى سەلتەنەتلىك جەزبىدار قىلىدۇ.

§46. بۇنىدىن كېيىن ئوقۇغۇچى ئىشلەش ۋاقتىدا بەلگىلەنگەن چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئىشلىتىدۇ. لېكىن مەشىق تېمىلىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندىمۇ، ھەر خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ يېزىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچى بەلگىلەنگەن مىلودىيە ئۈچۈن گارمونىيە تەڭكەش قىلغان ۋاقتىدا، ئىشلەتمەكچى بولغىنى ئادەم ئاۋازى ياكى قايسى خىل چالغۇ ئىكەنلىكىگە ئىزاھات بەرمىسە، ھەممىدە تەڭكەش قىلىنغان ئاۋاز بۆلىكى، بىرەر خىل چالغۇنىڭ ھەر قانداق داۋاملىق ئىشلىتىدىغان ئالاھىدە ئۇسۇلىنىمۇ ئاشكارىلىمىسا، ئۇنداقتا بۇ، كۆپىنچە قىلىدىق چالغۇ ئەسۋاپلىرى ياكى ئادەم ئاۋازى ئۈچۈن يېزىلغان بولىدۇ. لېكىن، ئەگەردە ئالىت ئاۋاز بۆلىگى ھەم ئوتتا ئاۋاز بۆلىگى C نوتا كۇلۇچىنى ئىشلەتكەن بولسا، مۆلچىرىمىزچە ئادەم ئاۋازى ئۈچۈن يېزىلغان ھىساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ بىز ئەھۋالنى ئانالىز قىلىپ بىرنەچچە باشقا چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئىشلەتسەك پىئانىنو ياكى ئورگان (گۈەنفېڭچىلىك) بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى توغرا ئىگەللەيدىغان بولساق، ئىشلىتىشكە بولىۋېرىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچى ئاھاڭغا تەڭكەش قىلىش ۋاقتىدا تۆت دانە كورنىي (يۈەنخا) ئىشلەتكەن بولسا؛ ياكى ئىككى تۇرۇپكا (شياۋخاۋ) ھەم ئۈچ تىرومبى (چاڭخاۋ) ئىشلەتكەن بولسا ياكى بولمىسا بىر ئوبو، ئىككى كىلارنت ھەم فاگوتتا (داگۇەن) ئىشلەتكەن بولسا (پەقەت ئاھاڭنىڭ ئەسلىچە ئىپادىلىنىشى ئۈچۈن مۇشۇ خىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى كۆرۈپ پىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىشلىتىلگەن بولسا)؛ ئىشلىتىش ياخشى بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى پايدىلىق مەشىق ھىساپلاشقا بولىدۇ.

§47. قىلىدىق چالغۇ ئەسۋاپلار ئۈچۈن ئەسەر يازغان ۋاقىتتا، شۇنى ئالاھىدە ئەستەتۇتۇش

*ستىلى ــ روس تىلىدىن كەلگەن، خەنزۇچە دۇيۋېي دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بىر خىل پولى فونيالىك مۇزىكا («گرىك تىلىدىن كىرگەن» خەنزۇچە فۇدياۋ يىنيۈزي دېيىلىدۇ) شەكلى بولۇپ ئەركىن ستىلى ۋە قاتتىق تەدلەپلىك ستىلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ خىل مۇزىكا شەكلىدە ھەر قايسى بۆلەكلەر گارمونىيىنى ئاساس قىلىغان ھالدا ئۆز ئالدىغا مىلودىيە بولۇپ شەكىللىنىدۇ.

AltunOq

لازىمكى، نەپەس سىزىقى كامانچە بەلگىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئەلۋەتتە جۈملە ئايرىش؛ بەلگىسى قاتارىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ ئۇسۇلنى بىرامىس كۆپ ئىشلەتكەن، ئۇ خىل كامانچە بەلگىسىنىڭ جۈملە ئايرىش بەلگىسىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىشى ناھايىتى مۇۋاپىقتۇر. ئەگەر تۆۋەندىكى مۇزىكا جۈملىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر نەپەس سىزىقى ئىسكىرىپكا نوتىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلسا، ھېچقانداق مەنىسى بولمايدۇ. (82 - مىسالغا قاراڭ)



82 - مىسال

بىر تارتىش بىلەن بۇ 7 ئاۋازنى چېلىپ كېتەلەيدىغان ھېچبىر ئىسكىرىپكىچى يوق، لېكىن ئاھاڭ نوتىسىغا ئاساسلانغاندا، مۇشۇنداق ئىشلىمەيمۇ بولمايدۇ؛ بۇ خىل مۇزىكا جۈملىسى، تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە يېزىلىشى كېرەك. (83 - مىسالغا قاراڭ)



83 - مىسال

بىر مۇنچىلىغان قىللىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىكى تۆت خىل ئاۋازلىق چېلىشتىن ئورغۇن كامانچە بەلگىسىنى بىلىشكە ئىگە بولالايمىز، ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى نۇقتىنى ئالاھىدە ئەستە تۇتۇش لازىم.

1) كامانچە ئالماشتۇرۇش، جۈملىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى ئىپادىلىمەيدۇ، (83 - مىسالنىڭ بىرىنچى ئاۋازى بىلەن ئىككىنچى ئاۋاز ئوتتۇرىسىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاش)

2) ئەگەر ھېچقانداق بىر ئالاھىدە مۇددىئا بولمىسا، چالغۇچى ھامان بىرىنچى ئۇداردا كامانچىنى تۆۋەنگە تارتىشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ شۇڭلاشقا ھەر بىر تاكتتا داۋاملىق قوش كامانچە بەلگىسى ئىشلىتىش كېرەك.

§48. ۋاكالىق ئەسەرلەرنى يېزىشتا، بولۇپمۇ، بىر قەدەر ئىشەنچ بولمىغان جۈملىلەرنى يېزىشتا، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىز تېكىستنى بىر بۆلەك مۇزىكا جۈملىسىگە سېلىپ ئېيتىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. (84 - مىسالغا قاراڭ)



84 - مىسال

§49. يۇقۇرىدا سۆزلىگەنلىرىمىزنى، ئەگەر باشقا چالغۇئەسۋاپلىرىدا ئىشلەتسەك، تەبىئىكى باشقىچە بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر تەڭكەش قىلىشقا ئائىت كىتاپنى ئازراقلا تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئوقۇغۇچى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئىشلىتىشتە نۇرغۇن مۇۋاپىق بولمىغان ئۇسۇللاردىن قانداق ساقلىنىشنى بىلىپ ئالالايدۇ؛ مەسىلەن: ترومبى بىلەن فاگوتقا بىر مۇنچە زادىلا قامالاشمىغان مۇزىكا جۈملىلىرىنى يازغاندەك، ياكى كىلارنىت ئۈچۈن نۇرغۇن arpeggio* لۇق تەڭكەش قىلىشنى يازغانغا ئوخشاش.

§50. تەبىئى سىتىلنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمى بولىدىغانلىقىنى سېزىلەپ ئولتۇرۇشنىڭ

* arpeggio ئىتالىيان تىلىدىن كەلگەن، خەنزۇچە فايىن دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاككورت ئىچىدىكى ھەرقايىسى گۇرۇپپا ئاۋازلار بىرلا ۋاقىتتا چىقماي خۇددى شۇ تىلنىڭ ۋاخىنىدەك يۇقۇرى - تۆۋەن يۈرىدۇ.

33) بۇ خىل تەڭكەش پىئانىنو ھەم خارپ (شۇچىڭ) تا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

ھاجىتى يوق. شۇڭا توپلانغان، رەتلىك بول-
غان ئاككورتلارنى بۇ يەردە ئىشلەتمىسەمۇ بول-
دۇ. (84 - مىسالغا قاراڭ)

يۇقۇرىدىكى بۇ خىل ئىسقا جۈملىنىي،
مۇشۇ جۈملىگە ياندىشىقان باشقا ئاۋاز بۆلەك-
لىرى ئۈچۈن يېزىشقا بولىدۇ. بۇلۇپمۇ مۇ-
كەممەل ئۈنۈمگە ئىگە بولماق تەس بولغان
ئۈچ ئاۋاز بۆلىكىدىن تەركىپ تاپقان ئەسەر-
لەر ئۈچۈن بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلى ناھايىتى
ياخشى مەشق ھىساپلىنىدۇ. چوقۇم ئەستە
تۇتۇش لازىمكى: بىر كوپلىت مۇزىكىدا ستىللىكىنىڭ
مەنىسى قانچە قويۇق بولغانسېرى، كومپوزىتور
ئاككورت تەرەپتىن كۆچەپ كېتىشنىڭ ھېچبىر
ھاجىتى يوق. ئەگەر بىز باخنىڭ fnga*
ئاھاڭلىرىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئۇ
ئىشلەتكەن گارمۇنىيە ئاساسىنىڭ ناھايىتى ئاددى
ئىكەنلىكىنى ئادەم ئويلىمىغان يەردىن چىق-
قانلىقىنى بايقاپ ئالالايمىز. ئەكسىچە قىلىپ
ئېيتقاندا ھېچقانداق ستىللىك مەزمۇن بولمى-
غان ئاددى ئاھاڭلاردا بولسا گارمۇنىيە تەرەپ-
تىن تېخىمۇ كۆچەش كېرەك. تۆۋەندىكىسى
بىر ئاددى مۇزىكا جۈملىسىنىڭ باغلىنىشى:

يۇقۇرى دەرىجىلىك گارمۇنىيىلىك مەش-
غۇلاتتا، كۆپىنچە بىر دانە دىنى ناخشا ھى-
ساپلاپ گارمۇنىيە تەڭكەش قىلىمىز. 85 -
مىسالدا يۇقۇرىدىكى ئىككى قىسقا جۈملە بىر-
لىكتە قوشۇپ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ كۆچەپ
يازغان ھەققى گارمۇنىيىگە قارىغاندا مەز-
مۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر. (85 - مىسالغا قاراڭ)



85 - مىسال

§51. مەزمۇنى بىرقەدەر چوڭقۇر بولغان
ئاھاڭلارغا ئۆزىگە ماس كېلىدىغان چېلىش
شەكلىدىكى ئاۋاز بۆلەكلىرىنى تەڭكەش قىلىش
كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆلۈك ھالدىكى ئاككورتلارنى
ئىشلەتمەسلىك كېرەك؛ بولۇپمۇ باسماقلىق چالغۇ-
لاردا شۇنداق قىلىش كېرەك. لېكىن چېلىش قىسمى-
دا بەكمۇ ئاددى بولغان arpeggio لۇق شەكلىدىكى
ياكى تەكرارلاش شەكلىدىكى ئاككورتلارنى
بەلكى بىر قەدەر يېڭى ھەم مەزمۇنلۇق ئاۋاز-
لارنى ئىشلىتىش كېرەك.



86 - مىسال



87 - مىسال
87

86 - مىسالدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك
ئىككى نۇقتا بار. ئالدى بىلەن ئىككى كىلار-
نىتتا باشلانغان ئاشۇ خىل ئاۋاز رىتمى، ئە-
گەر داۋاملىق ئىشلىتىۋەرسە، كىشىنى بىر خىل
تولىمۇ ئاددى ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.
شۇڭا ئۈچ قېتىم ئىشلەتكەندىن كېيىن، شەكلى-
نى ئۆزگەرتىش كېرەك. يەنە بىر نۇقتا، كۆپ-
لىگەن كىشىلەر ئاشۇ تۆت دانە 16 دەن
بىرلىك ئاۋاز رىتمىنى نۇرغۇن يەردە قايتا - قايتا،
قالايمىقان ئىشلىتىۋېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن تەڭكەش

fnga* لاتىن ۋە ئىتالىيان تىلىدىن كەلگەن، خەنزۇچە فۇگېچۇي دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا كۆپ ئاۋاز بۆلەك-
لىرىدىن تەركىپ تاپقان ئاۋاز بەش گىرادۇس ئۈستىدە تەقلىت قىلىپ، قولى چونىيەنىڭ مۇزىكا شەكلى
بىلەن تېمىنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ.

قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ھەمدە بۇ ئاۋاز رېتىمىنىڭ چۈشۈرگىسىگە يېقىنلىشىش ۋاقتىدىكى تەڭكەش قىلىش ئۈنۈمىگە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇقتا، ئاۋازلار-نىڭ تىزىلىشىدا چوقۇم چالغۇلارنىڭ خاراكتې-رىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم؛ 86 - مىسال ئەگەر پىئانىنودا چېلىنسا، ئىنتايىن قوپال ئاڭلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، بۇ خىل ئاككورتلارنىڭ تىزىلىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ؛ لېكىن بۇ يەر-دە ئىشلىتىلگەن چالغۇ ئەسۋابى كىلارنېت بول-غاچقا، ئۇنىڭ ئاۋاز تۈسى يېقىملىق بولۇپ، ئاڭلىنىشتا ئادەمنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتمايدۇ.

528§. ئەگەر ئوقۇغۇچى ھازىرچە ئىجادى-يەت ئۈچۈن سىتىلنىڭ لازىملىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىكى ئاۋازلارنىڭ ئاۋاز بۆلەكلىرىنىڭ قانداق ھەركەتلىنىشى ھەم نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ھەركەتلىنىش لازىملىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىدۇ. سىتىلنىڭ يېزىش، بىرمۇنچىلىغان ئۆتكۈنچى ئاۋازلارنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش بىلەن تۈگىمەيدۇ، شۇنداق-تىمۇ، ئۆتكۈنچى ئاۋازنىڭ ئىشلىتىلىشى مۇۋا-پىق بولسا، راۋانلىقنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى بو-لىدۇ. ئاۋاز بۆلەكلىرىنى سىتىلى شەكلى بىلەن يېزىشتىكى مەقسەت ئادەتتە بىرەر كوپلېت قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان ئاھاڭ ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت، بۇنىڭ ئىچىدە مەيلى رې-تىملىق ياكى مېلودىيىلىك بولسۇن، بىرەر مۇزىكا مەنىسى ماتېرىيال قىلىنىپ ھەمدە ئۇ پۈتۈن بۆلەكتە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا بىراق تاماملىنىدۇ. يېزىش تەجرىبىسى بار كىشى بۇ خىل مۇزىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە ماتېرىيالنى ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماي، بىرلا قول سىلىپ جۈندەپ كېتەلەيدۇ؛ لېكىن يېڭى ئۆگەنگۈچى ناھايىتى قىيىنچىلىق ھېس قىلىدۇ. ئەمما بىرەر مېلودىيىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بولۇپمۇ ئۇ-نىڭ توختاش قىسمىغا ئالاھىدە دىققەت قىلى-دىغان بولساق، قانداقلا بولسۇن ئۇنىڭدىن بۇ خىل ماتېرىيالنى تېپىپ چىقالايمىز. لېكىن، ئەگەر بۇ خىل ماتېرىيالنى تاپالمىساق، ئۆزى-مىز بىرنى ئىجات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق ئومۇمى تەرەپتىن بەكمۇ ئېنىق ئورۇننى ئې-گەللىتىشكە بولمايدۇ. 88 - دىن 90 - غىچە بولغان مىساللاردىكى ئۈچ كوپلېت مېلودىيىدە، ھەر بىر كوپلېتنىڭ بېشىدا گارمونىيە تەڭكەش قىلىنغان. 88 - مىسالدا تەڭكەش قىلىش جە-ھەتتە مېلودىيە ئىچىدىكى رېتىم خىللىرى ئىشلىتىلگەن؛ 89 - مىسالدا توختاش قىسمى-دىكى ئاۋاز خىلى ئىشلىتىلگەن؛ 90 - مىسال-دا ئىجات قىلىنغان يېڭى ئاۋاز خىلى ئىشلى-تىلگەن.



88
89 - مىساللار
90

§53. 88 - مىسالدىكى ئاھاڭدا بىر دانە دەم ئېلىش بەلگىسى ئىشلىتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك، بۇ باشقا ئاۋاز بۆلەكلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن تەبىئىي هالدا ئاشۇ بىر كىچىك رىتىم خىلىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. خۇددى كومپوزىتورلار پەۋقۇلئاددە ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ئىشلەتكەن قائىدىلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل قىسقا جۈملىنى ستىللىق بىر تەرەپ قىلىش تولىمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە ھەمىشە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. دەم ئېلىش بەلگىلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئۆزگەنگەن يەرلىرىدە يازغىدەك بىرەر نەرسە يوقلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى ئۇ يەردە ئاڭلىغۇچىنىڭ دىققەت كۆچىنى باشقا ئاۋاز بۆلىكىگە مەركەزلەشتۈرۈشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېلودىيە ئىچىدە دەم ئېلىش بەلگىسىنى ئىشلىتىش پەقەت تۆۋەنكى ئاۋاز بۆلىكىدە ئىپادىلەش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ، ھەرگىز ئۇ يەردە كېيىنكى مۇزىكا جۈملىنىڭ كېلىش مەنبىئىنى ئىككىلىنىپ بېكىتەلمەيدىغان قىلىپ قويمايدۇ.

1) بەزى ۋاقىتتا مېلودىيە باشلىنىشتىلا دەم ئېلىش بەلگىسى ئىشلىتىلىدۇ. بىرمۇنچە كىشىلەر ئۇ يەردە زورۇقۇپ بىر نەچچە ئاساسى ئاككورت ھەم مەنسۇپ ئاككورت، ياكى ئىشلىتىلمەيدىغان بىر ئاساسى ئاۋازنىڭ قالدۇق ئاۋازىنى ئىشلىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ يەردە چاقىقانغىنە بىر ئاۋاز شەكلى ياكى ئاۋاز رىتىمىنى ئىجات قىلغىلى بولىدۇ، 91 - مىسالدا مېلودىيە باشلىنىشتىلا دەم ئېلىش بەلگىسى ئىشلىتىلگەن، گارمونىيىنىڭ تەككەش قىلىشىدا بولسا قاتار تىزىلغان قوپال ئاككورتلار ئىشلىتىلگەن، 92 - مىسال يەنە بىر خىل تەككەش قىلىش ئۇسۇلىدۇر گەرچە كۆرۈنۈشتە ھېچقانچە تەس ئەمەستەك تۇرسىمۇ ئەمما مۇزىكىلىق تۇسى بىر قەدەر كۈچلۈكتۇر.



91 - 92 مىساللار

2) بەزىدە مېلودىيىنىڭ يۈرۈشىدە ئىنتايىن ئۇزۇن دەم ئېلىش بەلگىسى ئۇچرايدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ھامان بىر يۇقۇرى دولقۇن شەكىللىنىدۇ ھەمدە بۇ يۇقۇرى دولقۇن قانداق قىلىپ دەم ئېلىش بەلگىسى بولغان بۇ بىر بۆلەك مېلودىيىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا بىزنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. لېكىن ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇزىكا جۈملىسىنى ھەقىقى ئەسەرگە ئوخشىتىپ يېزىشىمىز، ھەرگىزمۇ ئۇنى ئەپلەپ - سەپلەپ تولدۇرماسلىقىمىز كېرەك.

93 - مىسال بىر كوپلېت قىللىق مۇزىكا مېلودىيىنىڭ ئاخىرى:



93 - مىسال

خەنزۇچىدىن نۇرمەمەت ساۋۇت تەرجىمىسى

گاۋ گۈيلىنىنىڭ ياغاچ ئويمىلىرى



ئېھمەسىز



ئىگىلىك ياراتقۇچىلار



سەھەر